
6


1998




ISSN 1004-1745

9 771004 174004 11


TANGRITAG TANGRITAG



پونكىت باشلىقى سۇلايمان ئىمىن



خىزمەت بىناسى



ئىشچىلار مەشغۇلات ئېلىپ بارماقتا



ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قۇرغان زاۋۇتنىڭ ئىسكىلاتى

48 خىزمەتچىسى بولغان بۇ پونكىت ئاپتونوم رايون بويىچە نىسبەتەن ئۆزگىچە، كەسىپچانلىقى يۇقىرى پونكىتلاردىن بىرى. بۇ پونكىت پونكىت باشلىقى سۇلايمان ئىمىننىڭ رەھبەرلىكىدە لۈكچۈن بازىرىنىڭ توك بىلەن نورمال تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلغاندىن سىرت، يەنە 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، توك بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرىنى يېڭـــىلاپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلەتتى. 3 مىليون يۈەنلىك توك بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرىنى دېھقانلاردىن ھەق ئالماي ئالدىن بېرىپ تۇردى. 1800 ئورۇن ۋە دېھقان ئائىلىسىنىڭ توك سائىتىنى خالىسانە ئورنىتىپ بەردى. 11 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ نامرات دېھقانلارنى يۆلىدى. بۇنىڭ

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال  ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب
1998 - يىل 6 - سان
ئومۇمىي 71 - سان


## مۇندەرىجە

### ماقالىلەر


ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ شەھىرىمىز مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى
سەھىپىسىنى ئاچايلى...................... رىشات ئىنايىتۇللا 1
شېئىرىي ئوبيېكت ۋە غۇۋالىق ئىچىدىكى شېئىر ...................... بوغدا ئابدۇللا 72


### پوۋېست


سەۋدا ...................... قادىر ئارسلان 5


### ۋەتەن ۋە بۇرچ


ئەتىدىكى چاقىرىق (ئەدەبىي ئاخبارات) ...................... مىرزا قادىر 39


### ئېرىلىنىش سىناق، يېڭىلىق


ۋارىسجان قاسىم، ئابدۇقادىر جاالالىدىن، قەيسەر تۇرسۇن، مەخمۇتجان مۇھەممەت، تۇرغۇن تۇرسۇن،
مۇھەممەتجان سەيدۇللا، ئابدۇللا ئېلى ...................... 47


### ھېكايىلەر


يۈرەك ...................... ھاجى ئەخمەت كۆلتىگىن 55
توخۇ ئىزدەش ئېلانى ...................... غاپپار تەۋەككۇل 57
سەھرادا ئۆنگەن شەھەر ...................... شەيخ ئوغۇزى 78


### نەسرلەر


ئىككى نەسر ...................... ئابدۇكېرىم مەخسۇت 75
قەرزدار...................... دىلبەر ھامۇت 76

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

چۆش ........................ جىلىل خىلىل 70
جاۋابسىز سوئاللار........................ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 66

## يۇرمۇ - يۇز

شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ ........................ ئەزىزى 85

## گېزىت - ژۇرناللاردىن تەرمىلەر

كۆلۈمسىرەش ........................ مۇھەممەدسالىھ مەتروزى 94

## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن

نېرۇدا لىرىكىلىرى........................ پابلو نېرۇدا [چىلى] 105

**مۇقاۋا 1 - بەتتە: ئاتاقلىق كۆز كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى ھەدىيە ھاشىم**

## تەھرىر ھەيئەتلەر

ئىمىن ئەھمىدى، مەمتىلى ئابدۇرېھىم، ئەكبەر ئىلى، ئازات سۇلتان، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، تۇرسۇن توختى، تۇردى ھاشىم، بوغدا ئابدۇللا، غوپۇر نۇر، ئىدرىس بارات، مۇختار مەخسۇت، پولات ھېۋزۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، ئەركىن نۇر، ھەبىبۇللا سادىر.

باش مۇھەررىر: (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر)، سەنەۋەر ئۆمەر،
ئەكبەر سالىھ (ياردەمچى مۇھەررىر)
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئالىم جالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خالچەم ئابلىمىت

# ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ شەھىرىمىز مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچايلى


رىشات ئىنايىتۇللا

(ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى )


مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شەھىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، ھەرقايسى تىللاردىكى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ يېڭى، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا، بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇش نەزەرىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، بولۇپمۇ 15 - قۇرۇلتاينىڭ ئالاقىدار روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆتكەنكى مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلاپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت قۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشەنچ ۋە ئىرادە تۇرغۇزۇشىمىز، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىجادچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، چېگرا رايون ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم. بىزگە مەلۇمكى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت - ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەتتۇر. ئۇ ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تېخىمۇ ئىلغار بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتالايدۇ. بۇ ماركسىزمنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىنەزەرى. شۇنداقلا ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگونى قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش - پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن نىشانى. 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئىگىلەش بىلەن بىرگە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان تونۇشىمىزمۇ كۇنسايىن چوڭقۇرلاشتى. 15 - قۇرۇلتاي قايتىدىن يەنە «پەقەت ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت تەكشى راۋاجلانغاندىلا، بىردەك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ياخشى ئىشلەنگەندىلا ئاندىن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرالايمىز» دەپ كۆرسەتتى.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، سىياسىينىڭ دېموكراتىيىلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىر - بىرىگە تايىنىدۇ. ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىدا باشقىلار قىلىپ كېتەلمەيدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن ۋە مۇھىم رولى بار.

15 - قۇرۇلتاي ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا شەرھىلىدى. بىزنىڭ بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلىرىمىزدا تۇرغۇنلىشىپ قالغان مۇجمەل قاراشلار ساقلانماقتا. شۇڭا ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئاتالمىش: «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىڭ تۇتۇلمىسا بولمايدۇ؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بولماي قالغاندا تۇتسىمۇ بولىدۇ» دەيدىغان ھەرىكەتلەر كۆرۈلۈپ تۇردى.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ بېكىتىلىشى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىدە بار بولغان زور تارىخىي رولى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىرىنچىدىن، ئۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلىدى. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغۋار ئىش، ئەگەر قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ بولمىسا ئۇنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ 5 مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسىغا ھەم نەچچە يۈز يىللىق قانلىق تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە ھازىرقى زامان ئىنقىلاپ

ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 20 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتتى، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل مىللەت روھىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى، شۇنداقلا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگىمۇ يېڭى مەزمۇن ۋە كۈچ قوشۇلدى. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى زۆرۈر بولغان ئەقلىي كۈچ بىلەن قوللىدى. بىز ئېچىۋېتىلگەن مۇھىتتا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغاچقا يولۇققىنىمىز رىقابەتلىك دۇنيا بولدى. خەلقئارالىق كەسكىن رىقابەت دائىم دېگۈدەك قابىلىيەت ئىگىلىرى ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ رىقابىتىدە ئىپادىلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتتىكى رىقابەت بولۇپ ئىپادىلەندى. ئېلىمىز زامانىۋى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك؛ ئۈچىنچىدىن، مەدەنىيەتنىڭ ئارقىدا قېلىشى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى، لېكىن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ زەربىسى ۋە تونۇش جەھەتتىكى سەۋەنلىك قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە مەدەنىيەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۇنىڭ ئەسلىدە جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك رولى ھەم بىز قوغلىشىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىمىز بىلەن يەنە ناھايىتى زور پەرق ساقلانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چوقۇم زور كۈچ بىلەن سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى - زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تىرىشىپ پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە «تۆتلەشكەن» يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدىن كۆپ قاتلاملىق بولۇشنى، ھەرقايسى ئورۇنلارنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتنى تەڭشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى «پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئورتاق غايە ۋە مەنىۋى تۈۋرۈكنى شەكىللەندۈرۈش - جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاساسى؛ مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى؛ ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى؛ ياخشى مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىش جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە، مىللەتكە، ئىلىم - پەنگە، ئاممىغا يۈزلەنگەن سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە داۋاملىشىشى بولۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ خاسلىقى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. يولداش ماۋ زېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن شانلىق ئەسىرىدە «مەلۇم مەدەنىيەت بەلگىلىك ئىقتىساد ۋە سىياسىينىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ يەنە سىياسىي ۋە ئىقتىسادقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىسى» دەپ كۆرسەتتى ھەم ئىقتىساد ۋە سىياسىينى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىلمىي يەكۈن چىقاردى. بۈگۈنكى كۈندە بىز مۇشۇ تېمىنىڭ ئاساسىي روھىدا چىڭ تۇرۇۋاتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى رېئاللىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا يېڭى چۈشەندۈرۈش بېرىۋاتىمىز. بۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي خاسلىقىغا يېڭى چۈشەنچە بەرگەنلىك. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز مىللىيلىككە ئىگە بولۇشى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى، ھازىرقى جۇڭگوچە

سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىگە يىلتىز تارتىشى، مىللىي روھىمىز، خاراكتېرىمىز ۋە يېپيېڭى قىياپىتىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، روشەن مىللىي ئۇسلۇب ۋە شەكىلگە ئىگە بولۇشى لازىم.

هازىرقى دۇنيادىكى تۈرلۈك ئىدىيە، مەدەنىيەت ئېقىملىرى ئۆزئارا گىرەلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە مىللىي مەدەنىيىتىمىز مۇستەقىللىقىنى ساقلىماقتا. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزمۇ ئىلمىدۇر.

ئۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، فېئودال خۇراپاتلىق ۋە بارلىق نادان، قالاق، چىرىك ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە تىرىشىپ ئەمەل قىلىپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» نى تەشەببۇس قىلماقتا. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز يەنىلا ئاممىۋىلىققا ئىگە بولۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى نىشان قىلىشى، ئاساسىي قاتلامغا، كەڭ ئاممىغا يۈزلىنىشى، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى، مەدەنىيەتنىڭ ئاقسۆڭەكلىشىشىگە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

«زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش» ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ نىشانى. بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز زامانىۋى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى بويىچە كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى ھەر جەھەتتىن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈشىنى كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي كۈچ بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. مەدەنىيەت جەھەتتىكى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن كەڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى بارلىق مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنى كەڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ئىچىدە مۇكەممەللەشتۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى دۇنياغا نامايان قىلىشىمىز لازىم. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ يۈنىلىشىنى كۆزىتىپ ۋە ئىگىلەپ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن جەمئىيەتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنىڭ ئۇچقاندەك ئېشىپ بېرىشىدىكى قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئىگىلەپ، شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنى يېڭى ئەسىردە پارلاق نۇرغا چۆمدۈرۈشىمىز كېرەك.

كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، قانداق قىلغاندا ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز. بىزنىڭ كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز پارتىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىمىزنىڭ ۋەزىپىسى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئورتاق نىشانى دەپ بىلىشى، يۇكسەك دەرىجىدىكى سىياسىي قىزغىنلىق ۋە سالماق ئىجادىيەت پوزىتسىيىسى بىلەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، مول مەزمۇنلۇق ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش، دەۋرنىڭ تومۇرىنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياخشى ئىگىلەپ، يۇكسەك دەرىجىدىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە سەنئەتكارلارغا خاس ئېسىل ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە دەۋرگە ماس بولغان يۇقىرى سۈپەتلىك مەنىۋى ئوزۇقلارنى ئىجاد قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.


بىرىنچى، سىياسىينى تەكىتلەش كېرەك. سەنئەتكارلار سىياسىينى تەكىتلىمىسە، ئۇلارنىڭ سەنئەت ھاياتى بولمايدۇ. سىياسىينى تەكىتلەش ئەڭ ئاخىرىدا سەنئەتكارنىڭ ئىجادىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە ئىجادىيەت مەيدانىنىڭ «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» پرىنسىپىغا مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىگە، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ، ئەگەر سىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىز خەلقتىن كەلگەن بولسا، خەلقنى يىلتىز قىلغان بولسا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، خەلقنى ئىلھاملاندۇرسا، خەلققە تەربىيە بەرسە، خەلقنى يېتەكلىسە، مۇشۇنىڭ ئۆزى سىياسىينى

تەكىتلىگەنلىك بولىدۇ. پارتىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا نىسبەتەن بىز يەنە پارتىيىلىك پرىنسىپى تەلىپىنى قويىمىز. بىزنىڭ شىنجاڭدا ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ سىياسىينى تەكىتلىشىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ شۇكى، بىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز ۋە مەدھىيىلىشىمىز لازىم. بۇ نۇقتىغا زادىلا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئۆز ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشى، دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىپ مېڭىشى كېرەك. ئىجتىمائىي تۇرمۇش كۈنسېرى يېڭىلانماقتا، كۈندە دېگۈدەك زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلمەكتە، يېڭى شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلمەكتە. مۇنداق رەڭگارەڭ دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئۇنىڭغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى، يېڭى تۇرمۇش مەزمۇنىنى مۇستەقىل چۈشىنىشى، باشقىلار ئايدىڭلاشتۇرالمىغان مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى، باشقىلار دېيەلمىگەن سۆزلەرنى دېيىشى، يېڭى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن يېڭى ئىجادىي ئىلھاملارنى ئىزدىشى لازىم. ئەگەر بىز ئۆز سۈپىتىمىزنى ئۆستۈرمىسەك، بىلىم قۇرۇلمىمىز، تەپەككۇر ئۇسۇلىمىز كونىرايدۇ، ئىدىيىمىز قالاقلىشىدۇ. ئۇنداقتا جانلىق رېئال تۇرمۇش ئىچىدە ياشىساقمۇ، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنى ۋە يېڭى مەزمۇننى بايقىيالمايمىز.

ئۈچىنچى، ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى ئالغا سۈرۈشىمىز كېرەك. مەدەنىيەت كۈچى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا، مەدەنىيەت كۈچى كۈچلۈك ئىچكى قوزغاتقۇچى كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەممىلا ساھەسىدە مەۋجۇت. كارخانا مەدەنىيىتى، سودا مەدەنىيىتى، پەن - تېخنىكا مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولى كۈنسېرى زورايماقتا. بۇنىڭدىن كېيىن بىز «ئىككىنى كىرگۈزۈش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. بىرى، مەدەنىيەتنى ئىقتىسادقا كىرگۈزۈش، ئەدەبىيات - سەنئەت مەدەنىيەت كۈچىنى ھاسىل قىلىشقا ھەسسە قوشۇشى ئۈچۈن، ئاڭلىق ھالدا ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا قاتنىشىشى، تايىنىشى، يېپىشىشى، ئەگىشىشى، مەركىزىي خىزمەتلەرنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىشى لازىم؛ يەنە بىرى ئىقتىسادنى مەدەنىيەتكە كىرگۈزۈش كېرەك. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىز دەۋرنىڭ ئەڭ يېڭى مەزمۇنىنى ماتېرىيال قىلىشى، مۇشۇ مەركىزىي تېمىنى ئومۇمىيۈزلۈك، جانلىق، سەنئەتلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىگە ئاڭلىق ھالدا ماسلىشىشى دەۋرنىڭ رىتىمىغا يېتىشىشى لازىم.

3 - ئومۇمىي يىغىن ئېچىلغىنىغا 20 يىل بولدى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قوللاشتا بىزنىڭ بەزى ئاساسلىق تەجرىبىلىرىمىز بار بولدى. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش زۆرۈر. تەرەققىياتتىن قارىغاندا، مۇنداق ئاڭلىقلىقنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇش - تۇرالماسلىق، سۇبيېكتىۋىزملىققا قارشى تۇرۇش، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقىلاردۇر. ئۆتكەنكى خىزمەتلەرنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۈرۈمچىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى بىرقانچە يىلدىن بېرى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىراق يەنە ئادەمنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان تەرەپلەرمۇ بار. نۆۋەتتە ئەدەبىيات - سەنئەت قەرەللىك ژۇرناللىرىنىڭ مۇشتىرى سانىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، ئاممىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىشى ئادەتتىكى مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇنداق مەسىلىلەرگە قارىتا بىز كۈتۈپ تۇرساق بولمايدۇ. نادىر ئەسەر ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ياخشى ئەسەرلەرنى كۆپەيتىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك، ئىلگىرىكى نەتىجىلىرىمىزنى يىغىنچاقلاپ چىقىشىمىز لازىم. بۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەنلىك. بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئىدىيىنى ئازاد قىلىشقا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە تېگىشلىك. مانا بۇ بىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئەڭ ياخشى تەبرىكلىگەنلىكىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.




(پوۋېست)

**قادىر ئارسلان**

بۇ دۇنيا بۇرۇن ـ بۇرۇندىنلا ئاجايىپ قىزىق بىر دۇنيا. ئۇنىڭ قىزىقلىقى ھايۋانات قەبىلىلىرىدە خىلمۇخىل مەخلۇقلارنىڭ بولغانلىقى، ئۇچار قاناتلار قەبىلىلىرىدە ئۇچالايدىغان، يېرىم ئۇچالايدىغان ياكى قانىتى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا قۇش دەپ ئاتىلىپ قالغىنى بىلەن، قۇش دەپ ئاتىلىشىغا ئاساس بولىدىغان پالاكەت قانىتىغا تايىنىپ يەردىن يېرىم غۇلاچمۇ كۆتۈرۈلەلمەيدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ قۇشلارنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى تەڭرى ئىچى پۇشقاندا لايدىن ياساپ قويغان ئادەم دېگەن مەخلۇقنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. ھازىرقى دۇنيانىڭ تىببىي ئىلمى رەنجىگەن ھالدا، تەڭرىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى بىلمەيدىغان بۇ نادان مەخلۇق ئەسلىدە ئىككى ـ ئۈچ يۈز يىل ئۆمۈر كۆرەلەيتتى، لېكىن ئۇلار ئۆز ـ ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان خىلمۇخىل زىيانلىق ئىشلارغا بېرىلىپ كېتىپ، تەڭرى بەرگەن بۇ ئىنئامدىن قۇرۇق قالماقتا، دەپ قاقشىماقتا. ئۇلارنىڭ دېگىنى بەلكىم توغرىدۇر. لېكىن بۇ تىببىي ئىلىمنىڭ ئادەمنى بۇنچىۋالا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈزۈپ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگۈدەك ئادەم يوق. ئادەم دېگەن ئۇنچىۋالا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان بولسا، ھازىرمۇ سانجاق ـ سانجاق بولۇپ، دەم ئۇ ئىشنى، دەم بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلالماي يۈرگەن ھازىرقى زامان ئادەملىرى يەتمىش يىلدا قۇتۇلىدىغان بۇ دەردنى ئىككى ـ ئۈچ يۈز يىل تارتىدىغان بولسا. . . بولدى، بەس، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى تەڭرى ئادەمنى ياسىغان لاي كاكىلا لايمىش. بىراق ھازىر ئۇنداق ـ مۇنداق چىدامىلىق ماتېرىياللارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن سېمونت لايدا سۇۋالغان تاملارغىمۇ چاك كېتىدىغان تۇرسا، دېھقاندەك بىچارە بولغان، سامان ئارىلاشتۇرۇلغان بۇ لاينىڭ بەرداشلىق بېرىشىگە ئۈمىد باغلىغىلى بولامدۇ؟!

ئادەم دېگەن ھەقىقەتەن قىزىق مەخلۇق. ئۇنىڭ قىزىقلىقى كاكىلا لايدىن ياسالغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىدا. باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئۆزگىچە بولغان مۇشۇ ئىقتىدارىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن ھەۋەسلەر بىلەن چىگىشلىپ تۇرىدىغان كاللىسى ئۆز خوجايىنىغا خوجايىنلىق قىلىپ، ئۇنى خىلمۇخىل كويلارغا سېلىپ، بۇ دۇنيانى قىزىقچىلىق دۇنياسىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ئاپتورنىڭ قەلەمكەشلىككە بولغان ھەۋىسىمۇ بىر قىزىقچىلىق دەڭلار. بولمىسا، كىتابقا پۇل خەجلەشكە قارىغاندا ھاراققا پۇل خەجلەشكە ئامراق بىر قوۋمنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تىراژ تاپماقنىڭ تەسلىكىنى، يەنە كېلىپ تارتقان جاپاسىغا لايىق ئالىدىغان ھەققىنىڭ تايىنى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە مۇشۇ قۇرلارنى يېزىش ئۈچۈن كاللىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ ئولتۇرغۇچە، دۆڭكۆۋرۈكتە يا پاكىزلىقىغا، يا يېڭىلىقىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان «چوققا» نى زاكوسكا قىلىپ، كاللىسىنىڭ قېتىقىنى ئاجايىپ قوچۇۋېتىدىغان

سېسىق شارابنى ئىچىپ ئۆلتۈرگەن بولاتتى. بىراق بۇ كاللىنىڭ قېتىقىنى ئاللىقانداق ئىشلارغا ئىشلىتىپ زايە قىلغاندىن كۆرە، مۇشۇ ئىشقا ئىشلەتكەنمۇ تۈزۈكتەك قىلىدۇ. قىزىقچىلىق، دۇنيادا قىزىق ئىشلارمۇ تولا بولىدىكەن، بۇنداق ئىشلارنى قەغەز يۈزىگە قوندۇرۇپ قويسا قەغەزمۇ قىزىق بىر دۇنياغا ئايلىنىپ كېتىدۇ ھەقىچان!

## 1. ئادەم قوۋمىنىڭ بىر ئەزاسى

سايىتجان ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، سەتمۇ ئەمەس، چىرايلىقمۇ ئەمەس بىر ئادەم. يېشىغا كەلسەك، بىرنېمە دېمەك قىيىن. بىر زامانلاردا كىشىلەر بىر - بىرىدىن بىر - ئىككى ئايلىق پەرق قىلسىلا، «ئاكا»، «ئۇكا» دېيىشىپ يۈرەتتىكەن. لېكىن ھازىر ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. زاماننىڭ باياشاتلىقىدىنمۇ، ياكى ئەمەلگە ياش ئۆلچىمى بېكىتىلىپ قالغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ ھەممە ئادەم ئاغزىدا ئېتىراپ قىلمايدىغان، ئەمما كۆڭلىدە ئېنىق بىلىدىغان بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ زادىلا راست يېشىنى ئېيتقۇسى كەلمەيدىغان، يىلدىن - يىلغا تەقى - تۇرقى ئالدىغا قاراپ ماڭغىنى بىلەن، يېشى كەينىگە قاراپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئارىمىزدىن ئىككى يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى، ئون ئىككى يېشىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تالانت ئىگىلىرىنىلا ئەمەس، ئانىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە بىرقانچە يىللار بولۇپ قالغاندا بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ئاجايىپ قىسمەتلىك كىشىلەرنى تېپىشمۇ قىيىنغا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. بەلكىم سايىتجانمۇ شۇلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئادەم قوۋمىنىڭ پەخرى بولۇپ ياشاشقا تېگىشلىك كىشى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتور تەشكىلات خىزمىتىنى ئىشلىمىگەچكە ئۆزى بىلگەنچە بىر سانىنى ئېيتىپ سايىتجاننىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشنى زادىلا خالىمايدۇ. ھەر ھالدا يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ ئىدارىسىدا پېنسىيە يېشىغا توشمىسىمۇ، ئەگەر ئۇ ئىلتىماس يازىدىغانلا بولسا مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىقىشى دەرھال تەستىقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، دېگەن گەپلەر ئېقىپ يۈرىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ ئەللىكتىن ئاشقان بولسا كېرەك. ئۇنىڭغۇ پېنسىيىگە زادىلا چىققۇسى يوق. ھېلىقى سۆزلەرنىڭ ئاۋۇپ قېلىشىغا، ئۇنىڭغا چاپلاشقان قىزىقلا بىر كېسەللىك سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدا يەنە كىملەرنىڭدۇر كۆزىگە سىغماي قالغانلىق ئېھتىمالىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

سايىتجان مەركىزىي شەھەرگە تولىمۇ يىراق بىر سەھرادىكى ئاجىز، ئورۇق بىر دېھقاننىڭ بالىسى ئىدى. مەكتەپ يېشىغا توشقىچە يالاڭغداق، ئىشتانسىز دېگۈدەك يۈرگەن بۇ بالا بەزىدە ئېتىزلىقتا دادىسىغا قارىشىپ، بەزىدە مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن جاڭگالدا پادا بېقىپ يۈرگەنىدى. ئائىلىسى ھەرقانچە كەمبەغەل بولسىمۇ، ئۇ مەكتەپ يېشىغا توشقان ھامان مەكتەپكە بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش بەدەل پۇلى، پارچە - پۇرات چىقىم خىراجىتى دېگەن نەرسىلەر ئېلىنمايتتى، قوشۇمچە ماتېرىيال دېگەنلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ ئۈچۈن باش قاتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. سومكاڭ بولمىسا، كىتاب - دەپتىرىڭنى ئاپاڭنىڭ كونا باش ياغلىقىغا ئوراپ قولتۇققا قىسىۋالساڭلا مەكتەپكە كېتىۋېرەتتىڭ. ئەمدى ساڭا قالغىنى مەكتەپكە ۋاقتىدا بېرىش، ياخشى ئوقۇشتىنلا ئىبارەت بولاتتى. ئاتا - ئانا ئۈچۈنمۇ، بالا ئۈچۈنمۇ ئېغىر كېلىدىغان بۇ چىقىملاردىن خالىي بولغانلىقتىنمۇ، ياكى سايىتجان زېرەك بالا بولغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ نېمىلا دېسە بولىۋېرىدىغان بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن، ئۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇدى. يەنە تېخى بەزى - بەزىدە بىر - ئىككى تال قېرىنداش قەلەم، بىرەر دەپتەر بىلەن مۇكاپاتلىنىپمۇ قالاتتى.

يىللار ئۆتتۈەردى، سايىتجانمۇ سىنىپتىن سىنىپقا كۆچۈپ، يىلدىن - يىلغا ئۆسۈپ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغاندا، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى. ئەۋلادتىن - ئەۋلاد قارا قورساق بولۇپ ئۆتۈپ كەلگەن ئاتا - ئانىسى ئۆزلىرى ئۈچۈن چۈشىنىكسىز بولغان ئاللىقانداق كىتابلارنى ئوقۇيدىغان بالىسىدىن پەخىرلىنەتتى، ھېيىقاتتى. شۇڭا ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، ئۇلار قىلچە قارشىلىق بىلدۈرۈشمىدى. قانداق چاغلار ئىدىكىنتاڭ، ئۇ چاغلاردا ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئادەتتىكى بىر ئىشتەك بىلىنەتتى. سىز باي دېھقان ياكى پومېشچىكنىڭ بالىسى بولۇپ قالمىغان بولسىڭىزلا ئالىي مەكتەپكە كىرمىكىڭىز

ئاسان ئىدى. سىز كەمبەغەل ياكى تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقاننىڭ بالىسى بولۇپ قېلىشىڭىز قېنى، ئىمتىھان نەتىجىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، ئەجدادىڭىزنىڭ كۆك نامرات ئۆتكەنلىكىنىڭ شاراپىتىدىن سىزنىڭ ئائىلىڭىزگە ئىنئام قىلىنغان ئاشۇ قىپقىزىل، پاك تەركىبىڭىز سىزنى ئالىي مەكتەپكە ئۆزىتىپ قوياتتى. ھازىر خۇددى چۆچەكتەك بىلىنىدىغان شۇ مەزگىللەردە سايىتجان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە كېلىپ قالدى.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋەرگەن بولسا، كىچىكىدىن زېرەك، چېچەن سايىتجان جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان، كېيىنكى چاغلاردا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىمەن، دەپ كېچە ـ كېچىلەپ جاپا تارتىپ يۈرمىگەن بولغىيدى. لېكىن دۇنيا ئادەمنىڭ رايىغا، بولۇپمۇ ئاددىي ئادەملەرنىڭ رايىغا باقمايدىغان قىزىق نەرسە ئىكەن. سايىتجان سەھرادا تۇزۇك ئاڭلاپ باقمىغان بىر تىلنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، بىر يىل ئۆتۈۋىدى، دۇنيانىڭ ئەلمىساقتىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قىزىقچىلىقى باشلىنىپ كەتتى. زېرەك سايىتجان «زور ئىنقىلاب» تىن ئىبارەت بۇ قىزىقچىلىقنىڭ مەخسۇس تارىخى پاك كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان قىزىقچىلىق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا تونۇۋالدى ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىگە باشچىلاپ كىرىپلا كەتتى. ئايھاي، شوئار توۋلاش دەمسىز، ئۆزىگە ئىلىم بەرگەن ئوقۇتقۇچىلىرىغا، ھەتتا چالا - پۇچۇق كۆرگەن، ئەمما ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان كىشىلەرگە، ئايىغى يىرتىلىپ كەتكەندە ئاياغ بەرگەن ساۋاقداشلىرىغا، ئىشقىلىپ كۆڭلى خالىغانلىكى كىشىلەرگە ئۇزۇن قالپاقنى كىيگۈزۈۋەردى. نىمىلەرنىدۇر چاقتى، نىمىلەرنىدۇر بۇزدى. چۈنكى بۇ مىسلىسىز قىزىقچىلىق ئەنە شۇنداق قالپاق، ئەنە شۇنداق ئۇرۇش - چېقىش بىلەن ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتەلەيتتى، كىشىلەرنىڭ ساداقىتى ياكى ئاسىيلىقىنى سىنايتتى، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنىڭ پارلاق ياكى خۇنۇك بولۇشىنى بەلگىلەيتتى. كىممۇ ئۆز ئىستىقبالىنىڭ خۇنۇك بولۇپ قېلىشىنى خالايدۇ دەيسىز. لېكىن ئىستىقبالنىڭ پارلاق بولۇشىنى خالاش - خالىماسلىق ھەر كىمنىڭ ئىختىيارىدا بولغىنى بىلەن، بۇنى بەلگىلەش ئۇلارنىڭ ئەجدادىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە باغلىق ئىدى، يەنى ئەۋلادلار ئەجدادلارنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان ياكى دەردىنى تارتىدىغان قىزىقچىلىق جاھان ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇنداق ئىكەن، سايىتجانغا ئامەت كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يول يۈرسە ئالدىرىماي ماڭىدىغان سايىتجان ئۇچقاندەك ماڭىدىغان، كىشىلەرگە ئەيمىنىپ قارايدىغان سايىتجان گۆلىيىپ قارايدىغان، كۇلۇپلا تۇرىدىغان سايىتجان قاپىقىدىن مۆلدۈر ياغىدىغان بىر شەخسكە ئايلىنىپ قالدى.

سايىتجان «زور قىزىقچىلىق» نىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، ھوقۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان ئالىلىقاندىلا چاپتىكەشلەرگە ئەگىشىپ چىپپىلا يۈرەتتى، ۋارقىراپلا يۈرەتتى، كىملەرنىدۇر تىللاپلا يۈرەتتى. لېكىن ئۇ ھوقۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىش توغرۇلۇق بىرەر قېتىم ئويلىنىپمۇ باقمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە بۇيرۇق بېرىپ يۈرگەنلەرنىڭ كەسكىنلىكىگە، جۈرئىتىگە، قارامىلىقىغا ھەۋەس قىلىسمۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا چىقىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ خىيمىرتۇرۇچىدا بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىشلا بار ئىدى.

ياشلىقنىڭ ئاجايىپ مەزگىللىرىنى ئاجايىپ قىزىقچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن سايىتجان «زور قىزىقچىلىق» نىڭ بېسىقىغا چۈشۈشىگە ئەگىشىپ بىرمۇنچە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتا تەربىيىگە چۈشتى. ئۇ نىمىلا دېگەنبىلەن دېھقان بالىسى ـ دە! كالتە ئۇيقۇ، ئېغىر ئەمگەك دېگەنلەر ئۇنىڭ بېلىنى ئېگەلمىدى. ئىشنىڭ ئالدىدا شۇ بار ئىدى، ھەر كۈنى بىر خىلدا تەكرارلىنىدىغان زېرىكەرلىك ئۆگىنىشتە ئەڭ ئەستايىدىلى يەنە شۇ ئىدى. شۇنىڭ دۆلىتىنى كۆرىدىمۇ ياكى ئامەتتىن بولدىمۇ، قايتا تەربىيە ۋاقتى ئاياغلاشقاندا ئۇ مەركىزىي شەھەرگە بۆلۈنۈپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇ نېمىشقىدۇر ئەڭ جاپالىق يەرگە بېرىشنىمۇ ياكى ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتىشنىمۇ تەلەپ قىلمىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىنغان سايىتجان تۇنجى قېتىم سىنىپقا كىرگەندە قاتتىق ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن پۇت - قولىغا ئىگە بولالمىدى، ئۇنىڭ پۇتلىرى توختىماي لاغىلداپ تىترەيتتى، قوللىرى ھېلى ئۇ يەرنى تۇتسا، ھېلى بۇ يەرنى تۇتاتتى. ئۆزىگە ئاران ھاي بېرىپ ئەمدىلا دەرس ئۆتۈشكە باشلىغىنىدا تەييارلىقى ئېسىدىن چىقىپ قېلىپ،

ئاغزىدىن يوقىلاڭ گەپلەر چىقىپ كەتتى - دە، سىنىپتا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلگەنلىكتىن قاتتىق ئوسال بولۇپ كەتتى. . .

بۇ ئىش قاتتىق ئەلەم قىلغانلىقتىن، شۇنداقلا بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىش مىجەزىگە يارىشا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قاتتىق بۇيرۇق قىلىشى بىلەن سايىتجان كىچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. پەقەت مانا شۇ چاغدىلا ئۇ: «ھېلىقى قىزىقچىلىقلاردىن نېمە چىقتى؟ ئەسلىدە مەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغىلى كەلگەنغۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى.

ئۆزى ئەقىللىق، زېرەك بولغاچقا، سايىتجان بىر - ئىككى يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ كىشىلەرگە گۆلىيىپ يۈرمەيتتى، ۋارقىرىمايتتى، ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك كۈلۈپلا يۈرىدىغان ئىسسىق چىراي يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ «زور قىزىقچىلىق»تا سىڭدۈرۈۋالغان بىرلا مىجەزى ئۆزگەرمىدى. ئۇ يەنىلا ئالدىراش ئىدى، چېپىپلا يۈرەتتى. ئەمما ئەمدى ئۇ قالپاق كىيگۈزۈش بىلەن ئەمەس، دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى؛ شوئار توۋلاش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزى مەسئۇل بولغان سىنىپنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ چېپىپ يۈرەتتى.

دۇنيانىڭ ئۆزى قىزىق بولغىنىدەك، ئادەملەرنىڭ تەقدىرىمۇ قىزىق بولىدىكەن. مۇبادا سايىتجان شۇ پېتى چېپىپ، شۇ پېتى ئالدىراپ يۈرۈۋەرگەن بولسا قانداق بولارىدىكىن، لېكىن تەقدىر ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇنى كولدۇرلاتقاندەك بىر ئىش قىلىپ قويدى.

## 2. قىزىقچىلىق مۇنداق باشلاندى

تۇنجى قېتىم دەرسكە كىرگەن ھېلىقى كۈننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئون بەش يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەن سايىتجان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنىۋانغا ئىگە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلا ئەمەس، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىدارە - ئورگانلاردا خىزمەت قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلىرى بار بىر ئوقۇتقۇچى، يەنە تېخى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بىر ئوغۇلنىڭ، باللار باغچىسىدا تەربىيىلىنىۋاتقان بىر ئوماق قىزنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالدى.

ئۇ خىزمىتىدىن رازى ئىدى. ئايدىن ئايغا ئاران ئۇلىشىدىغان مائاشى تۆپەيلىدىن ئايالى ئۇنى بەزى - بەزىدە «قەلەندەر» دەپ تىللاپ تۇرسىمۇ، يەنىلا تۇرمۇشىدىن رازى ئىدى. ئادەم دېگەن شۈكۈر قىلىشنى بىلىشى كېرەك - دە! خوتۇن كىشى دېگەن ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ.

ئۇ يەنىلا شۇنداق ياشاپ كېتىۋېرىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق بىر كۈز كۈنى ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىسى پەرمانجان تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ مەكتەپنىڭ بەزى خىزمەتلىرىنى تەكشۈرگىلى كەلگەنمىش. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە ھىجىيىپلا يۈرىدىغان، ساۋاقداشلىرى تىللىۋالسىمۇ، ھەتتا بەزىدە بىرەر تەستەك ئۇرۇۋالسىمۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي مۆڭتۈرلەرچە سالاپەت بىلەن ھىجىيىپ، تىللىغۇچى ياكى ئۇرۇۋالغۇچىنى ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇ بالىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى، بىر خىل سوغۇق كۈلۈمسىرەش بۇرۇنقى ھىجىيىشنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى.

- تېخىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتامسىز، مۇئەللىم؟- دەپ قالدى ئۇ سايىتجانغا تەكەببۇرلۇق بىلەن سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، - مەكتەپ ھېچبولمىسا كىچىككىنە بولسىمۇ بىرنەرسىنى بەرگەندۇ؟

سايىتجان سەل گاڭگىراپ قالدى. «تۇۋا،- دەپ ئويلىدى ئۇ،- ئايالىم ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ قالغانلىقتىن ئىقتىسادتا قىينىلىپ مەكتەپكە قۇتقۇزۇش سوممىسى توغرۇلۇق ئىلتىماس يازغانلىقىمنى بۇ نەدىن ئاڭلاپ قالغاندۇ. بۇنىڭ تەكشۈرىدىغان خىزمەتلىرىنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق ئىشلارمۇ بارمىدۇ. ھەي، ئىلتىماس يازماي تۇرسامۇ بوپتىكەن، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئالدىدا سەت ئىش بولدى - دە، بۇ!»

- تېخىچە بەرمىدىمۇ؟- دېدى سايىتجاننىڭ ئوقۇغۇچىسى سالاپەت بىلەن،- بولدى، بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، مەكتەپ رەھبەرلىكى بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي. قانداق دېگەن گەپ بۇ، رەھبەرلىك دېگەن سىزدەك ياخشى ئوقۇتقۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك - دە!

- بو. . . بو. . . بولدى،- سايىتجان تەمتىرىگىنىدىن دۇدۇقلاپ كەتتى،- بۇ ئانچە

چوڭ ئىش ئەمەس، ئاۋارە بولماڭ.

سايىتجان ھودۇقۇپ كەتكىنىدىنمۇ ياكى ئوقۇغۇچىسىنىڭ سالاپىتىنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئۇنى سىزلىۋەتتى.

- نىمە دېگىنىڭىز بۇ، مۇئەللىم؟- دېدى ئوقۇغۇچىسى زاڭلىق قىلغاندەك بىر ئاھاڭدا،- بۇنى چوڭ ئىش ئەمەس دەيسىزغۇ، سىزنىڭ بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتكۈڭىز بارمۇ؟ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا سىز بىزگە ھەمىشە ئادەم دېگەندە غايە، نىشان بولۇشى كېرەك، دەيتتىڭىزغۇ. بۇ گەپ بىز ئوقۇغۇچىلارغىلا ئەمەس، سىزگىمۇ، سىزدەك ھەر بىر ئادەمگىمۇ مۇۋاپىق كېلىۋېرىدۇ.

«نىمە دەيدىغاندۇ بۇ؟- دەپ قالدى سايىتجان،- مەنغۇ شۇنداق دېگەن، ئەمما قۇنقۇزۇش سومىسى بىلەن غايە، مەقسەت دېگەننىڭ نىمە مۇناسىۋىتى بار؟»

- ماڭا قاراڭ، مۇئەللىم،- دېدى پەرمانجان ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىسىغا تەنبىھ بەرگەندەك ئاھاڭدا،- ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قايسىسىنىڭ ياخشى، قايسىسىنىڭ ناچار ئىكەنلىكىنى بىز ئوقۇغۇچىلار خېلى ئوبدان بىلىمىز. سىز دېگەن بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى، شۇنداق بولغاندىكىن، سىزگە شۇنىڭغا لايىق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

- مەكتەپ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ،- دېدى سايىتجان ئالدىراپ،- ئۇ ئىش دېگەن كىچىككىنە ئىش...

- يەنە كىچىككىنە ئىش دەيسىزغۇ!- پەرمانجان سايىتجاننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى،- بۇ ھەرگىز كىچىك ئىش ئەمەس، ئادەم ھاياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر چوڭ ئىش. ئىشلىگىنىڭىزگە ئون بەش يىلدىن ئېشىپ قالدى، تېخىچە ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچى ئىكەنسىز. ھېچبولمىسا ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى بولسىمۇ بېرىشى كېرەك - دە!

«ئەسلىدە ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى مۇشۇ ئىش ئىكەن - دە!- سايىتجاننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى،- ھەجىيىپ تۇرىدىغان ياۋاش بىر بالا ئىدى، ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتىغۇ بۇ...»

- شۇ گەپمىدى،- دېدى سايىتجان كۈلۈپ،- بۇنداق ئىشلارنى ئويلىغۇدەكمۇ بولمىدىم. بولدى قوي،- ئۇ يەنە ئوقۇغۇچىسىنى سەنلەشكە ئۆتتى، - ئۆز خىزمىتىم كۆڭۈللۈك، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانىم بار، ھازىرچە ماڭا شۇمۇ يېتەرلىك.

- بىزنى ئوقۇتقىنىڭلار بىلەن،- دېدى پەرمانجان زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ قويۇپ،- سىلەر كونىلارنىڭ كاللىسى يەنىلا زامانغا ماسلىشالمايدىكەن. مانا ماڭا قاراڭ، مېنى ھازىرقى ئىدارەمگە شۇنداقلا تەقسىمات بىلەن كەلدى دەمسىز، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا نىمىنى ئويلىدىڭ دەپ سوراپ بېقىڭچۇ مەندىن. مەنچۇ، ئالدى بىلەن ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدىم. نۇرغۇن ئىدارىلەردە كىشىلەر ئۆستۈرۈلسە بالداقمۇبالداق، يەنى ئالدى بىلەن مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ئاندىن بۆلۈم باشلىقى، ئاندىن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن باشقارما باشلىقى... بولۇپ ئۆسىدىغان گەپكەن. ھازىرقى ئىدارەمدىچۇ، ئۆسىدىغان بولسا بىراقلا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولىدىغان گەپكەن. بۇ دېگەن ۋاقىتتىن ئۇتۇش، تېز ئۆسۈش ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەسمۇ؟... قانداق، مۇئەللىم، ئوقۇغۇچىڭىز يارامدىكەن؟

نىمىشقىدۇر سايىتجان ئوقۇغۇچىسىنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قالدى. «توۋا، ما بالىنىڭ تاپقان ئەقلىنى كۆرۈڭ،- دەپ ئويلىدى ئۇ ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم زوقلىنىپ،- ھازىرقى بالىلار نىمىدېگەن قاقۋاش - ھە! مەن ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەندىمۇ مۇشۇنچىلىك ياشتا ئىدىم، لېكىن بۇنداق ئىشلار خىيالىمغىمۇ كىرىپ قويمايتتى... توۋا، نىمىشقا كىرمىگەن بولغىيدى؟...»

سايىتجاننىڭ ئۆيگە قايتقۇچە ئايالىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كۆكتات ئالىدىغان، گۆش ئالىدىغان، يەنە نىمىلەرنىدۇر ئالىدىغان ئىشى بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىسىنىڭ پارىڭىغا قىزىقىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ھايال بولدى. ئوقۇغۇچىسىنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىنى ئاڭلىغىنىدا (بۇلارنىڭ ئىچىدە سايىتجانغا بېرىلگەن ۋەدىلەرمۇ خېلى بار ئىدى) ھەم ھەۋەسلەندى، ھەم قورقتى.

كېسەل ئاسارىتى بىلەن تېخىمۇ سەپرا مىجەز بولۇپ كەتكەن ئايالى سايىتجان ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا، ئاغرىپ ھالىدىن كەتكىنىگە باقماي ئۇنىڭغا تىل سالدى. سايىتجان: «بولدى، خاپا بولما» دەپ قويدى - دە، ئاشخانا ئۆيگە ئالدىرىدى.

سايىتجاننىڭ ئالدىراپ - تېنەپ ئەتكەن تامىقىمۇ ئايالىنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرالمىدى. سايىتجاننىڭ نىمىلەرنىدۇر دېگۈسى، كېسىلىنىڭ

دەردىنى تارتىپ زۇۋانىنى يىغىشنىڭ ئورنىغا، دەم ئۇھ - ئۇھلاپ، دەم كوتۇلداپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ گېلىنى بوغۇپ قويغۇسى كېلىپ كەتتى، لېكىن ئۇ بۇنداق قىلالمايتتى. «ھەي، قانداق بولۇپ مۇشۇنداق خوتۇنغا ئۇچراپ قالغاندىمەن؟» سايىتجاننىڭ كاللىسىغا پات - پاتلا مۇشۇنداق ئوي كېلىپ قالاتتى. بەزىدە ئىككى بالىنىڭ يۈزىگىمۇ قارىماي، دائىملا چۇۋۇۋېتىلگەن ھەرە كۆنىكىدەك بولۇپ كېتىدىغان بۇ ئائىلىدىن پەشنى قېقىپ چىقىپ كەتكۈسى كېلەتتى - يۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ بىر قېتىم مۇشۇنداق باتۇرلۇقنى قىلىپمۇ باققان، بىراق ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغانىدى. ئايالى مەكتەپكە بېرىپ شۇنداق بىر غەۋغا كۆتۈردىكى، ھەممە ئەيىب سايىتجاننىڭ زىممىسىگە ئارتىلىپلا قالماي، يەنە خىزمەتداشلىرىنىڭ ئالدىدا نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. بۇنداق پاجىئەنى يەنە تەكرارلانمايدۇ دېگىلى بولامدۇ! شۇڭا سايىتجان دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يا كولۇشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەي ئايالىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاچچىق يۇتۇپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى.

جاھاندا قىزىق ئىش تولا بولغىنىدەك، سايىتجاننىڭ بالىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسىمۇ قىزىق ئىدى. دادىسى دائىم دەشنام ئىشتىۋەرگەچكىمىكىن، بالىلار دادا دېگەنگە ۋارقىراش يوللۇق دەپ قاراپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇلارمۇ كىچىككىنە بىر ئىش بولۇپ قالسا، دادىسىغا «سەھرالىق»، «قەلەندەر» دەپ تىللاشنى، قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئېتىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. «بۇلار چوڭ بولسا قانداق ئادەم بولار؟- دەپ ئويلايتتى سايىتجان ئەلەم بىلەن،- توۋا، بىرەرى بولسىمۇ ماڭا تارتسا نېمە بولار ئىدى؟ ئىككىسىلا ئانىسىنىڭ ئۆزى... ھەي، مەكتەپتە بالىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزى ئائىلىسىدە، ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن تامغان بالىلارنىڭ ھۆرمىتىگە، چۈشىنىشىگە ئىگە بولالمىغانلىقى ئاجايىپ ئىش ئەمەسمۇ!»

سايىتجان ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان شىددەتلىك ھۇجۇم سەللا بوشىغان چاغدا گەپنى يۆتكەشكە ئالدىرىدى. ئۇ گەپنى بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ مەكتەپكە كەلگەنلىكىدىن باشلىدى. ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشكە ئادەتلىنىپ قالغان سايىتجان (بۇ ئادىتىنىمۇ ئايالى شەكىللەندۇرۇپ بەرگەنىدى) گېپىنى باشلىۋىدى، ئايالى جىمىقىپ قالدى. لېكىن بۇ قېتىم سايىتجان خاتا قىلغانىدى. چۈنكى ئۇ ئوقۇغۇچىسىنىڭ غايە ھەققىدىكى پارچىنى ئاڭلىغاندا، ئايالىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن بىلەن، گەپ سايىتجاننىڭ بوشاڭلىقىنى ئەيىبلىگەنلىكىگە كەلگەندە، چەكچىيىپ كەتكەنىدى.

- مانا، نەچچە چاغدىن ياقى سېنى يارىماس، بولۇمسىز دېگەنلىرىم راستمىكەن؟- ئايالىنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى،- ئاشۇ ئوقۇغۇچۇڭنىڭ بىر چىمدىم پوقىنى يېگەن بولساڭمۇ ساڭا خېلى ئەقىل كىرىپ قالغان بولار ئىدى. يا ئۆينىڭ ئىشى بىلەن، يا خوتۇنۇڭ بىلەن، يا بالىلىرىڭ بىلەن كارىڭ يوق چېپىپ يۈرگىنىڭ يۈزگەن، لېكىن ساڭا نېمە تەگدى؟ چاپقانغا پايدا تېگىدىغان جاھان ئەمەس بۇ! ئادەم دېگەندە زامانغا لايىق ئاز - تولا ئەقىل بولمىسا زىيان تارتقىنى تارتقان... خەقلەر ئېرىڭ يەنە شۇ ئىشى بىلەنمۇ دېسە، نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇپ كېتىمەن...

ئايال خېلى ئۇزاققىچە سۆزلىدى. سايىتجان بىر تۇرۇپ بۇ گەپنى تەشكىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى، بىر تۇرۇپ: «ھەي، مەن راستىنلا يارىماس ئادەم ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپ قالدى.

شۇ كېچىسى سايىتجاننىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ يولىمىدى. ئۇ نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى، نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە ئاجايىپ داغدۇغا قوزغاپ، جاھاننى ۋەھىمىگە سالغان ھېلىقى «زور قىزىقچىلىق» يىللىرى كەلدى. ئەسلىدە كىچىككىنە ئەقلى بولسا، شۇ چاغلاردا ھوقۇقنىڭ تەمىنى ئاز - تولا بولسىمۇ تېتىپ باققان بولاتتى، بىراق بۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن، كىملەرنىدۇر قوغداش، كىملەرنىدۇر يوقىتىش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى بۇنىڭ كويىغا كىرسە قانداق بولار؟ ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇشۇ ئوي كېلىشى بىلەن، ئۆزىنىڭ يېقىنقى ئون يىللىق ھاياتى ئېسىگە كەلدى، ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بېرى قىلغان ئىشلىرىنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچى دەپ ئويلاپ كەلگەن سايىتجان، بىردىنلا قانداقتۇر بىر تەڭسىزلىكنى ھېس قىلىپ ئۆزىچىلا ئاچچىقلىنىپ كەتتى. «شۇنچە ئىشلەپتىمەن، دېمىسىمۇ شۇنىڭغا لايىق مۇئامىلىگە ئېرىشىشىم كېرەك - دە!- دەپ ئويلىدى ئۇ ئىختىيارسىز تولغىنىپ،- خوتۇنىنىڭ

دېگىنىمۇ بىر ھېسابتا توغرا، بەزى ئادەملەر تېرىقچىلىق ئىشنى قىلسا، ئۇنى كۆپتۈرۈپ تۆگىدەك قىلىۋېتىدۇ، ھەتتا شۇنىڭ شارابىتىدىن دېگەن مەقسەتلىرىگىمۇ يېتىۋالىدۇ. بىراق مەنچۇ. . . ھەي، مەن راستىنلا يارىماس ئوخشىمامدىم؟ !»

سالامەتلىك تۆپەيلىدىن ئەمەس، ئائىلىنىڭ قاقشاشلىرى تۆپەيلىدىن تاماكا تاشلىغىنىغا يەتتە - سەككىز يىل بولۇپ قالغان سايىتجاننىڭ بىردىنلا خۇمارى تۇتقاندەك بولدى. لېكىن ئائىلىنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئورنىدىن قوزغىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە تاماكىمۇ يوق ئىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى تېخىمۇ قاچۇرۇپ، كەيپىنى تېخىمۇ ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ يەنە تۈگىمەس خىياللار بىلەن پۇشۇلداپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى.

## 3. بىر كاللىدا مىڭ خىيال

ئائىلىدىكى تۈگىمەس كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا (باشقىلار بۇلارنى ھېسابقا ئېلىشى مۇمكىن، بىراق بىزنىڭ سايىتجان بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتى)، تېپتىنچ ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇش بىردىنلا ئۆزرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى يوقاتتى. سايىتجاننىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كىرىۋالغانىدى: «شۇنچە چاغدىن بېرى ماڭا ئادىل مۇئامىلە قىلىنماي كەپتۇ، ئەمدى بۇنداق ئادالەتسىزلىك داۋاملىشى-ۋەرسە بولمايدۇ! »

نۇرغۇن كىشىلەر ئادەمنىڭ مىجەزىنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. لېكىن، قىزىقچىلىقتا تولغان بۇ دۇنيادا ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغىنىدەك، بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىمۇ تامامەن مۇمكىنغۇ. مانا سايىتجانغا قاراڭلار، ئىلگىرى ئۈن - تىنسىز ئىشلەيتتى، يىغىنلاردا ماختاش تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىنىپ قالسىمۇ گەجگىسىگىچە قىزىرىپ كېتەتتى. ئەمدىچۇ، ئۇنىڭ گېپى بۇرۇنقىدىن ئاۋۇپ قالدى. ئۇ ئۆزرىنىڭ ئۆتكەن دەرسىنىڭ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى توغرىسىدا قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەيتتى، يىغىنلاردا ئۆزرىنىڭ تىلغا ئېلىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ، كىم سۆزلىسە شۇنىڭغا بويىنىنى سوزۇپ، تەمە بىلەن قارايتتى، كىم تىلغا ئالمىسا ئەسلىدە مېنى كۆرەلمەيدىكەن - دە، بۇرۇن نېمىشقا بۇنى ئۇقمىغاندىمەن، دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

ئۆز خىزمىتىنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا يۈرىدىغان خىزمەتداشلىرى دەسلىپىدە سايىتجاندىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلمىدى، بىراق كېيىنچە ئۇلار بۇنى تۇيۇپ قېلىپ ھەيران بولۇشتى - يۇ، لېكىن تېگىگە يېتەلمىدى. «بوپتۇ، - دېيىشتى ئۇلار، - ئۇنىڭمۇ سۆزلىگۈسى كەلگەندۇ، ئۆيدە ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىگۈدەك ئىمكانىيىتى بولمىغاندىكىن، مەكتەپتە بولسىمۇ سۆزلىۋالسۇن. . . »

ئادەم دېگەن نېمىنى خىيال قىلسا شۇنى قىلالىسا، نېمىنى خالىسا شۇنىڭغا ئېرىشەلىسە بۇ جاھان قانداق بولۇپ كېتەر - ھە؟ ئىشلار بۇنداق يۈرۈشۈپ كېتىدىغان بولسا، ھەممە نەرسە قېلىپقا چۈشۈپ قېلىپ، جاھاننىڭ قىزىقى قالماس ھەقىچان! لېكىن ئادەم دېگەن جاھاننىڭ ئۆزىدەكلا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قىزىق نەرسە بولغاچقا، جاھاننىڭ قىزىقى قالامدۇ، قالمامدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىلچە كارى يوق ھالدا، ئىشلارنىڭ ئەنە شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مانا بىزنىڭ سايىتجان ئىلگىرى بۇنداق ئويدا بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمدى شۇنداق ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزىدە ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغىنىدا: «مەكتەپكە يېتىپ بېرىشىمغا يىغىن ئېچىلسا، يىغىندا مېنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلىنسا. . . » دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتەتتى. تۇرۇپلا ئۇ مەكتەپتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كىملەرنىڭدۇر تۇيۇقسىز يۆتكىلىپ كېتىپ ئورنىنىڭ بوش قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، تۇرۇپلا كىملەرنىڭدۇر ئۆلۈمىنى تىلەپ قالاتتى. بىراق مەكتەپ ۋە ھەرقايسى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يېقىندىلا تەيىنلەنگەن بولغاچقا، بىرەرىنىڭ يۆتكىلىشىدىن خەۋەر يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساغلام كىشىلەر بولغاچقا، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قېلىشىدىنمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. بۇ ئىش سايىتجاننىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى، غەزىپىنى ئۆرلەتتى. بىراق تەقدىر دېگەن شۇنداق ئىكەن، يا بىرىگە مېنى ئۆستۈرۈڭلار دېگەن گەپنى ئوچۇق قىلغىلى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆسكەنلەر ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقلار ھېسابلىق تۇرسا، نۆۋەت ساقلاپ ئولتۇرماقتىن باشقا نېمە ئىلاج بار؟ ئەمەلىيەتتە بۇمۇ قالاق بىر چارە ئىدى. چۈنكى سايىتجانغا ھېچكىم پالانچىنىڭ ئورنى

بوشىسا سەن ئۆلتۈرسەڭ دەپ ۋەدە بەرگىنى يوق. ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۆيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى سايىتجان ھېلىقى ئوقۇغۇچىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك، ئۇ ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن كاللىسى ئىشلەيدىغان ئادەم بوپتۇ. كاللىسى شۇنچىلىك ئىشلەيدىغان ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىگەن بىر ئادەم يەنىلا ئۆز تۆھپىسىگە يارىشا ئورۇنغا ئېرىشمىسە قانداق بولغىنى؟!

سايىتجان قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، پەرمانجاننى ئىزدەپ باردى - يۇ، ئىشخانىسىغا كىرگۈچە سەل تەمتىرەپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئوقۇغۇچىسى باشلىقتەكلا بىلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۆزىنى ھەرھالدا قىزغىن، ئەمما بىر خىل تەكەببۇرلۇق بىلەن كۈتۈۋالغان ئوقۇغۇچىسىغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتقۇچە سايىتجان دەسلىپىدە خېلى قىينالدى، كېيىن بولسا سۆزلىرى راۋانلىشىپ كەتتى.

ئوقۇتقۇچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان پەرمانجان سەل بىئارام بولدى. ئەسلىدە ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئىستىقباللىق كادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا شۇنداق گەپلەرنى قىلغانىدى. بۇ ئادەمنىڭ بۇنى راستقا ئايلاندۇرۇۋېلىشىنى كىم بىلسۇن. ۋاي، بوپتۇلا، ئۇنىڭغا ئەمەل كويى كىرگەن بولسا، شۇ كويدا يۈرسە يۈرۈۋەرمەمدۇ!

- مانا ئەمدى ئەقلىڭىزنى تېپىپسىز! - دېدى پەرمانجان بارمىقى بىلەن ئۇستەلنىڭ يۈزىنى چەككىنىچە، - مەكتەپ دېگەندە قانداقمۇ ئۇسكىلى بولسۇن؟ شۇڭا مەن تەقسىماتتا مەكتەپ دېگەنلەرنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ قويغىنىم يوق. بېتەرلىك ئىشلىدىڭىز، مۇئەللىم، ئەمدى بىر ئامال قىلىپ مەمۇرىي ئىدارىدىن بىرىگە يۆتكىلىڭ. شۇ چاغدىلا سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز چىقىدۇ.

- بىراق يۆتكىلىمەن دەپلا يۆتكەلگىلى بولىدۇ دەمسەن، - دېدى سايىتجان ئاچچىق كۈلۈپ، - مائارىپتىن يۆتكىلىش قىيىن.

- مانا - مانا، يەنە چاندۇرغىلى تۇردىڭىز، - دېدى ئوقۇغۇچىسى زاڭلىق قىلغاندەك ئاھاڭدا، - جاھاندا يول دېگەن تولا، بىر بولسا تۈز يولدا ماڭىسىز، بىر بولسا ئەگرى يولدا ماڭىسىز، بۇلاردا مېڭىشنى خالىمىسىڭىز مەكتەپنى زېرىكتۈرۈش يولىدا ماڭسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

جاھاندارچىلىقنىڭ بۇنداق يوللىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغان سايىتجان گاڭگىراپ قالدى، شۇنداقلا ئۇنى بىر خىل چۈشىنىكسىز ۋەھىمە چۇلغىۋالدى.

- بۇ. . . بۇ قانداق بولار؟ - دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا، - شۇنچە يىلدىن بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان ئورۇن بىلەن يامان بولۇشۇپ قېلىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولماسمىكىن. ھەي، يەنىلا تىنچىقىنا ئۆز خىزمىتىمنى قىلغىنىم تۈزۈكتەك تۇرىدۇ. . .

- ھا - ھا - ھا! - قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى سايىتجاننىڭ سابىق ئوقۇغۇچىسى، شۇ تاپتىكى ئوقۇتقۇچىسى، - سىلەر چوڭلارنىڭ بىلىمىڭلار بولغىنى بىلەن يۈرىكىڭلارنىڭ تايىنى يوق ئىكەن. ھازىر دېگەن «ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەپ ئازسالدى بولىدىغان ئەمەس، نەقنى نەق كۆرىدىغان ۋاقىت. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىش كېرەك. يۈرىكىڭىزنى تۈتۈپ بېقىڭ، جۈرئەت دېگەن نەرسە بولسا، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلارسىز، بولمىسا، يەنە بۇرۇنقىدەك ئىشنى سىز ئىشلەپ تۆھپىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆمرىڭىزنى ئۆتكۈزەرسىز. . .

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىشكتىن بىرى بېشىنى تىقىپ:

- ھوي، تېخىچە ئولتۇرىسىزغۇ، ھېلىقى ئىشنى دەرھال ئالاقىلىشىپ كېلىڭ! - دېدى خاپا بولغان ھالدا قوپاللىق بىلەن، ئاندىن يەنە غايىب بولدى.

- كۆردىڭىزمۇ، مۇئەللىم، - دېدى ئوقۇغۇچىسى ئەلەم بىلەن، - مەن يېڭى كەلدىم، تېخى ئەمىلىم يوق، شۇڭا ئۇلار مېنى يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا بۇيرۇپ يۈرىدۇ. قولدا ھوقۇق بولمىسا كۆرىدىغىنىڭىز مۇشۇ كۈن. خەپ، ماڭىمۇ نۆۋەت كېلىپ قالار. ھەي، مۇشۇ كۈندە شۇ نەرسە قولۇمدا بولغان بولسا، سىزنى ئۆزۈملا رازى قىلىۋەتكەن بولاتتىم. قاچان بولمىسا شۇ كۈنلەر كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇڭ، بۇنىڭغىمۇ ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت كەتمەس.

سايىتجان يەنىلا نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەن ھالدا ئوقۇغۇچىسى بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئوقۇغۇچىسى بىر قارىسا بەك ئەقىللىقتەك، بىر قارىسا كاللىسىنىڭ سۆيى بار بىر تەنتەكتەك كۆرۈنەتتى. لېكىن قانداقلا

بولمىسۇن، ئۇنىڭ سۆزلىرى بارغانسېرى ئورۇنلۇقتەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ يەنە بىرقانچە كۇنگىچە ئويلاپ ئىشلارنى مۆلچەرلەپ باقتى، ھەرقانچە ئويلىسىمۇ مەكتەپتىن بىرەر ئۈمىدنىڭ پۇرىقىنى تاپالمىدى. بولدىلا دەپ ئىشلەۋېرەي دېسە، بىرىنچىدىن كۆڭلى ئۇنىمىدى، ئىككىنچىدىن ئائىلى ئۇنىڭغا تىنىم بەرمىدى. ئاخىر ئۇ بىر ئامال قىلىپ يۆتكىلىش يولىنى تاللىۋالدى. بىراق نەگە يۆتكىلەلەيدۇ؟ قەيەردە ئۆزىگە يانتاياق بولغۇدەك بىرەر ئادەم بار؟

مانا ئەمدى تونۇش - بىلىش، يار - بۇرادەرلەرنى ئىزدەيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەنىدى. لېكىن نىمىشقىكىن سايىتجان خىزمەتكە چىققاندىن بېرى دوستلىرىنى كۆپەيتىش ئەمەس، ھەتتا بىرەرى بىلەن سىرداش دوست بولۇپ ئۆتۈش توغرۇلۇق ئويلىنىپ باققان ئادەم ئەمەس. ئەمدى ئۇ نەگە بارسۇن؟

ئالىي مەكتەپتىكى بىر ساۋاقدىشى ئۇنىڭ يادىغا كەلدى. بىراق ئۇ دەماللىققا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق سەۋەبى بار ئىدى. ئالىي مەكتەپكە كەلگەندە كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن بۇ ساۋاقدىشىغا ئۇ ئۆزلۈكىدىن يېقىنلاشقان، بىر كۈنى تۇيۇقسىز: «ئاداش، ئويلاپ باقسام شۇ چاغقىچە بىرەرى بىلەن دوست بولۇپ باقماپتىكەنمەن. مانا ئەمدى قارىسام سېنىڭدىن باشقا دوستۇم يوق ئىكەن» دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دوست بولۇپ ئۆتۈشتى. ھال - كۈنى سايىتجاندىن ياخشىراق بولغان بۇ دوستى دوستلۇق ئۈچۈنمۇ ياكى ساۋاب بولسۇن ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ ئاللىقانداق بىر نىيەت بىلەن ئۇنىڭغا بىر تەنتەربىيە ئايىغى ئېلىپ بەرگەن، باشلانغۇچ مەكتەپنى يالاڭ ئاياغ ئوقۇغان، ئوتتۇرا مەكتەپنى كونا ئاياغلارنى كىيىپ پۈتتۈرگەن، يۇرتىدىكى كونا ئاياغ بازىرىدىن ياماق چۈشكەن بىر شىبلىتنى ئېلىپ كىيىپ ئالىي مەكتەپكە كەلگەن سايىتجان دوستىنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇماسلىققا نىيەت قىلغانىدى. لېكىن ئىش ئادەمنىڭ رايىغا باقامدۇ ياكى ئادەم ئىشنىڭ يۈرۈشىگە قاراپ ئۆزگىرەمدۇ، «زور قىزىقچە-لىق» باشلىنىپ، چەك - چېگرا ئاجرىتىشلار باشلانغان ھامان سايىتجان دوستىنىڭ سەممىيىتىدىن گۇمانلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئائىلە تارىخىدا چاتىقى بار بۇ ساۋاقدىشى بىكاردىن - بىكار سايىتجاندەك پاك ئائىلىنىڭ بالىسى بىلەن مەقسەتسىزلا دوست بولامدۇ؟ دېمەك، بۇ يەردە بىر مەسىلە بار. شۇ تاپتا سايىتجان دوستلۇق كۆڭلىنى ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزھار قىلغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغان ياكى ئۇنتۇغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. ئۇ چەك - چېگرا ئاجراتتى: كىيىۋېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر جۈپ تەنتەربىيە ئايىغىنى بوغقۇچى بىلەن چېتىپ «دوستى» نىڭ بويىنىغا ئېسىپ، ئۆزىنى چىرىتمەكچى بولغان بۇ بۇزۇقنى مەكتەپنىڭ ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ سازايە قىلىپ چىقتى... مانا ئەمدى يەنە شۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا توغرا كەلسە... ياق، ياق، ھەرگىز بېرىشقا بولمايدۇ!

«ياق، ياق» دېگىنى بىلەن سايىتجان ئاخىر يەنىلا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن باشقا يول تاپالمىدى. مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يۈزنى قېلىن قىلمىسا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئايالىدىن تەكرار تەلىم ئالغان سايىتجان ئون بەش يىلنىڭ ياقى بىرەر قېتىم ئىزدەپ باقمىغان، توغرىراقى ئىزدەشكە يۈزى چىدىمىغان سايىتجان بۇ قېتىم ئۇنى ئىزدەپ باردى. ساۋاقدىشىنىڭ ئىدارىسىگە بارغاندا، دەرۋازىۋەندىن ئۆزىنىڭ ئىزدەيدىغان ئادىمىنىڭ باشقارما باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئۇققىنىدا، ئىچىنى ئاچچىق بىر نەرسە ئېچىشتۇرۇۋەتتى. توۋا، ئۇ باشلىق بولۇپ كېتىپتۇ - دە، ئۆزى بولسا تېخىچە بىر سولتەك ئوقۇتقۇچى!...

بىردىنلا سايىتجاننىڭ ئارقىغا يېنىپ كەتكۈسى كەلدى. لېكىن ئۇ يەنىلا بۇنداق قىلمىدى. ساۋاقدىشى (شۇ تاپتا سايىتجان ئۇنى دوستى دەپ بىلىشنى خالايتتى) شۇنچىلىك يول تاپقان يەردە، ئۆزىگە يول تاپمىسا قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا يۈزنى قېلىنراق قىلىش كېرەكتەك قىلىدۇ. ھەرقانچە بولسىمۇ ساۋاقدىشى، ياق، ئۇنىڭ دوستى ھېلىقى ئىشلارنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندۇ، چىقىرىۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەينى ئىشلارنىڭ شۇنداق بىر قىزىقچىلىقتا بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى توغرا چۈشىنەر.

- پاھ، باللارنىڭ ئۇستازى كېلىپ قاپتۇغۇ! - سايىتجان ئىشكتىن كىرىشىگە ساۋاقدىشى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، - قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سېنى! بىر شەھەردە ياشاۋاتقىنىمىزغا ئون يىل بولغىنى بىلەن بىرەر قېتىم يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغاندۇق. سەن

ئىزدەپ قويمىدىڭ، يا مەن. . .
راستىنى ئېيتقاندا سايىتجان ساۋاقداشىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن خىجىل بولۇپ قالدى. توۋا، ھېلىقى ئىشلار راستىنلا ئۇنىڭ يادىدا يوقمىدۇ؟. . . ياق، بار، ئۇ خۇپسەنلىك قىلىۋاتىدۇ!

ئۇنىڭ كاللىسىغا بۇ ئوي كېلىشى بىلەنلا ساۋاقدىشىغا ئۆچ بولۇپ قالدى. دەيدىغاننى دەۋېلىپ ئاندىن «بولدى، ئۇ ئىشلارغا سالاۋات» دېگەن بولسىمۇ بىر نورى، قاراپ تۇرۇپ قەستەن كەڭ قورساق قىياپەتكە كىرىۋېلىشىنىڭ ئۆزى ئادەمنى كەمسىتىش ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋاقدىشىدىن بۇنچىلىك قىزغىنلىقنى ئۈمىد قىلغان، لېكىن كۈتمىگەن سايىتجان ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىن قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى: ئۇ ئۆزىگە ئۇزىتىلغان قولغا قول ئۇزىتىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالدى؛ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ قالغان ئوقۇغۇچىدەك تەمتىرەپ نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى. ما ئىشنى كۆرۈڭ، ئۇ يول بويى نېمىلەرنى ئويلىمىغانىدى. ئەگەر ساۋاقدىشى سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ قالغىدەك بولسا، قورسىقى تار بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدىن بېشىنى تىك تۇتقىنىچە چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى. لېكىن ئەھۋال ئۇنداق بولماي قېلىۋىدى، ئۇ توگشىپلا كەتكەندەك بولۇپ قالدى. ھەر ھالدا ئۇنى ساۋاقدىشى قۇتقۇلدۇردى.

— قېنى، قېنى، قاراپ تۇرماي سافاغا كېلىپ ئولتۇر، — دېدى ساۋاقدىشى ئۇنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ.

سايىتجان سافاغا ئولتۇرۇپ، چاپدانىدىن ئىستاكانغا قايناقسۇ قۇيۇۋاتقان ساۋاقدىشىغا زەن سالدى. ئۇ سەمرىپ قورساق سېلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇغداي ئۆڭ چىرايى مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇراتتى. «سەتلا بىرنېمە ئىدى بۇ، ئىسكەت كىرىپ تۇپتۈزۈكلا بولۇپ قاپتۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچى ئېچىشقاندەك بولۇپ، — ئەمەل دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن - دە! . . . خۇدايىم ماڭىمۇ بېرىپ قالار. . . »

— ئاۋۋال قايناقسۇ ئىچىپ تۇرغىن، كېيىنچە باشقا نەرسىمۇ چىقىپ قالار، — دېدى ساۋاقدىشى ئىستاكاننى سافا شىرەسىگە قويۇپ، ئاندىن ئۆزىمۇ سافاغا ئولتۇردى، — ئىشلىرىڭ ياخشى كېتىۋاتقاندۇ، مەكتىپىڭلاردا بىرنەچچە تونۇشلىرىم بار، ئۇلاردىن سوراپ تۇردۇم، ئوبدان ئىشلەۋېتىپسەن. بۇ ياخشى بوپتۇ، ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ.

«ئەمەلدارلارچە سۆزلەشنى ئۆگىنىپتۇ - دە، بۇ! — دەپ ئويلىدى سايىتجان چىشى قېرىشقان ھالدا، — ھەقىچان مېنىڭ ھېلىقى ئىشلىرىمنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگەنسەن. . . بۇنىڭ تونۇشلىرى كىملەر بولغىيدى، قايتىپ بارغىنىمدا دىققەت قىلىپ باقسام بولغۇدەك، ئەگەر ئۇ ھېلىقى ئىشلارنى دەپ بەرگەن بولسىلا، ئۇلارنى بايقىۋېلىش قىيىنغا چۈشمەيدۇ. . . »

ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن بولۇپ كەتكەن سايىتجان ساۋاقدىشىنىڭ سۆزلىرىگە بىرەر ئىنكاس بىلدۈرۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ، جىمىپلا كەتتىڭغۇ؟ — دېدى ساۋاقدىشى كۈلۈپ، — ئۆزۈڭ ئىزدەپ كەلگەن تۇرۇقلۇق گەپ - سۆز قىلماي بۇنداق ئولتۇرۇۋالساڭ ئادەم ئوڭايسىزلىنىپ قالىدىكەن جۇمۇ!

سايىتجان ئېسىنى يىغىۋالدى. بىراق ئۇ دەرھاللا گەپنى باشلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— ھە - ھە، مەن بۇ تەرەپكە بىر ئىش بىلەن ئۆتكەن، — دېدى ئۇ يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي، — سېنى مۇشۇ يەردە ئىشلەيدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، شۇڭا. . . شۇڭا كىرىپ كۆرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتەي دېۋىدىم.

— ياخشى بوپتۇ، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دېدى ساۋاقدىشى بېشىنى لىڭشىتىپ، — ھېلىمۇ ئىزدىشەلمىدۇق. بۇ شەھەرغۇ مۇشۇنداق بىر شەھەر ئىكەن، ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئالدىراش ئۆتىدىغان.

ئارىغا يەنە جىمجىتلىق چۈشتى. ساۋاقدىشى يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، ئۇندىمىدى. سايىتجان بولسا ئۇنىڭ ئەمدى «بىرەر ئىش بىلەن كەلدىڭمۇ، دەپ سورىسىلا گەپنىڭ ئۇچىنى قىلاي» دەپ ئويلىدى. لېكىن بايا دېگەن گېپى يادىغا كېلىپ: «ئاپلا، ئىشنى ئۆزۈم بۇزۇۋېتىمەن» دەپ قالدى.

— خىزمىتىڭ كۆڭۈللۈكتۇ؟ — ئاخىر يەنىلا ساۋاقدىشى ئارىدىكى تىمتاسلىقنى بۇزدى، — ئوقۇتقۇچىلىق ياخشى خىزمەت. مېنىڭمۇ ئوقۇتقۇچى بولغۇم بار ئىدى، بىراق تەقسىمات ئۇنداق بولماي قالدى.

«يالغان ئېيتىۋاتىسەن ساختىپەز، — دەپ ئويلىدى سايىتجان، — سەنمۇ ئەمەلگە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ مۇشۇ يەرنى تاپقانسەن. بىراق ساڭا

قول قويماي ئامالىم يوق، بۇ ئىشتا مېنىڭدىن ئەقىللىق ئىكەنسەن.»

ـ شۇنداق، ئوقۇتقۇچىلىق ياخشى ئىشكەن. مېنىڭ ئەھۋالىممۇ يامان ئەمەس. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانىم بار، بۇ ئۇنۋاندىكىلەرگە بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك مۇئامىلە قىلىنىدىكەنغۇ... سايىتجان ئاخىرقى سۆزنى ئېيتىپ بولۇپ، كۆڭلىدە ئۆزىنى ئەيىبلىدى: «نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىمەن. پەرمانجاننىڭ دېگىنى بويىچە ئىقتىسادىي جەھەتتە شۇنداق مۇئامىلە قىلىنغىنى بىلەن ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغان بۇنداق ئۇنۋان بىلەن ماختانغىنىم نېمىسى؟!»

ـ كەسپىي خىزمەت دېگەننىڭ مۇشۇنداق پەيزى جايلىرى بار. يەنە بىرنەچچە يىلدا يۇقىرى ئۇنۋاننىمۇ ئالالايمەن دېگىنە! ـ دېدى ساۋاقدىشى زوقلانغاندەك قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ.

ـ بىراق...ـ سايىتجان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يەنە توختاپ قالدى.

ـ بىراق دېگىنىڭ نېمىسى؟ بىرەر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟

ـ ياق، ياق،ـ دېدى سايىتجان ئالدىراپ،ـ ھېچ ئىش بولغىنى يوق، مەن دېمەكچى، ئوقۇتقۇچىلىق ھەر قانچە ياخشى بولغىنى بىلەن، بىر ئورۇندا ئىشلەۋەرسەڭ بارغانچە تازا مەززىسى قالمايدىكەن.

ـ ئۇ دېگىنىڭمۇ راست. لېكىن بىزدە تېخى ئۇ يەردە بەش يىل، بۇ يەردە ئون يىل ئىشلەپ ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان شارائىت يارىتىلغىنى يوق. ئۇنىداق بولغاندىكىن، بىر ئورۇندا بىر ئۆمۈر ئىشلەشكە نىيەت باغلاشقا توغرا كېلىدۇ.

«مېنىڭ كېلىش مەقسىتىمنى بىلىپ بولدىمۇ، نېمە؟ـ دەپ ئويلاپ قالدى سايىتجان،ـ دەۋاتقان گەپلىرىنى قارا، ئەمەلدارلىقنى قورۇۋاتىدىغۇ بۇ! بىر ئۆمۈر ئىشلەشمىش تېخى، بىر يىلدا ئىككى - ئۈچ قېتىم ئورۇن ئالماشتۇرۇپ يۈرگەنلەرمۇ بار ئىكەنغۇ!»

سايىتجاننىڭ ھەرقانچە زەردىسى قايناپ كەتكىنى بىلەن ساۋاقدىشىغا كەسكىن بىرنەرسە دېيىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىغا ھاجەتمەن بولۇپ كەلدى.

ـ ئۇ دېگىنىڭغۇ راست،ـ دېدى سايىتجان قىينالغاندەك قىياپەتتە، ئاندىن كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېيتىۋەتتى،ـ لېكىن... لېكىن يولىنى تاپقىلى بولسا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ باققانمۇ تۈزۈكتەك تۇرىدۇ. بولمىسا بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. مانا سەن گېپى ئۆتىدىغان ئىدارىدە ئىشلەيدىكەنسەن، يەنە كېلىپ ھوقۇقۇڭمۇ بار ئىكەن، ساۋاقداش بولغاندىكىن، ياردەم قولۇڭنى سوزۇپ قويساڭ ساڭا ئېغىر كېلىپمۇ كەتمەس.

سايىتجان شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، يېنىك تىن ئالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك گەپلەرنى قاملاشتۇرۇپ قىلالىغىنىغا خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. «ئەگەر ھوقۇق تۇتۇپ قالغۇدەك بولسام، ئۆزۈمنىڭ سۆزمەنلىكى بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇۋېتىمەن. قولىدىن ئىش كەلمىسىمۇ ئاغزىدا گېپى بارلاردىن ھوقۇق تۇتۇپ يۈرگەنلەر ئازمۇ؟ يەنە كېلىپ ئۆسىدىغانلارمۇ تولىراق شۇلاردىن چىقىدىكەنغۇ...»

ـ ئەسلىدە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەپتىكەنسەن - دە، ـ دېدى ساۋاقدىشى جىددىي قىياپەتتە،ـ بۇ ئىش توغرۇلۇق ئىككىمىز ئوبدانراق سۆزلىشىپ كۆرسەك بولغۇدەك. بەلكىم ئۆزۈڭنىڭ ئويلىغانلىرىڭ باردۇر، لېكىن سەن راستتىنلا بىر ساۋاقدىشىڭنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغىلى كەلگەن بولساڭ، مېنىڭ بېرىدىغان مەسلىھەتىم شۇ: ئەڭ ياخشىسى ئوقۇتقۇچىلىقىڭنى قىلىۋەر، خىزمەت ئورنى دېگەننىڭ يەنىلا كونىسى ياخشى بولىدۇ. يېڭى ئورۇنغا بارساڭ، ئىستاژىڭ ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ يەنىلا يېڭى ھېسابلىنىپ قالىسەن. بۇنداقتا بىرمۇنچە ئىشلاردىن زىيان تارتىدىغان گەپ. باشقا بىر ئىشىڭ بولغان بولسىغۇ، قولۇمدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلغان بولار ئىدىم، لېكىن بۇ ئىشقا ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسىنىڭ سورىغان مەسلىھەتىگە بەرگەن جاۋابىدەك جاۋاب بەرمەي بولمايدۇ. ئېسىڭدىمۇ، ئەپەندىمدىن بىر ئاغىنىسى: «ئايالىمنى قويۇۋېتەي دەيمەن، سېنىڭچە قانداق؟» دەپ سورىغانىكەن، ئەپەندىم: «ئۆزۈڭ بىل، قويۇۋەتمە دېسەم ھازىر تىللايسەن، قويۇۋەت دېسەم كېيىن تىللايسەن» دەپتىكەن.

سايىتجان يالۋۇرۇشىنىڭ، ئاللىقانداق ۋەدىلەرنى بېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ساۋاقدىشى ئۇنى بۇرۇن ئارىسىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك قارشى ئالغىنى بىلەن، نەق گەپكە كەلگەندە قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماي «يۈزسىز»لىك قىلغانىدى.

«تازا قىزغانچۇق بىرنەرسە بوپسەنغۇ سەن! ـ دېدى

سايىتجان ئىچىدە،- ئورنۇمنى تارتىۋالدۇ دەپ قورقۇۋاتقان ئوخشايسەن. . . ئاشۇ يىللاردا ئەدىپىڭنى بېرىپ ياخشى قىلغانىكەنمەن. مەن تېخى سەت ئىش قىپتىمەن دەپ خىجىل بولۇپ كېتىپتىمەن. . . مۇشۇ قىلغىنىڭغا بولسىمۇ، سەن بەرمىگەن يولنى باشقا يەردىن بولسىمۇ تاپماي قويمايمەن! »

سايىتجان ساۋاقداشنىڭ ئۆيىگە باشلاش، ھېچبولمىسا ئاشخانىغا باشلاش تەكلىپلىرىنى ئىمكانىنىڭ بارىچە سالاپەتلىك قىياپەتتە رەت قىلىپ ئۆيىگە قايتتى. يول بويى مۇتەپەككۇرلارغا خاس مىجەز بىلەن ئۆز - ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ، ساۋاقداشنىڭ چاكىنىلىقىنى، كۆزى كىچىكلىكىنى، قورسىقىنىڭ تارلىقىنى تىللاپ ماڭدى. ئۇ بۈگۈن ساۋاقداشنىڭ ئالدىغا بېرىپ خورلۇققا ئۇچرىغان (ئۇ شۇنداق ئويلايتتى) بىلەن، بىر ئامال قىلىپ يۆتكىلىش، ھەر ئامال قىلىپ ھوقۇق تۇتۇش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىۋالدى.

## 4. يول ئۇزۇن، ئات ئورۇق

ساۋاقداشنىڭ ئالدىدىن قاتتىق رەنجىگەن ھالدا قايتقان سايىتجاننىڭ ئۇدۇل ئۆيىگە قايتقۇسى كەلمىدى. ئۆيىگە بارغىنى بىلەن ئايالى ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرمەي قويمايدۇ. يۆتكىلىش مەقسىتىدە مېڭىلغان تۇنجى يولنىڭ قاملاشماي قالغانلىقىنى ئۇقىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ھېلىقى قېلىن كالپۇكلۇق ئاغزى يەنە ئېچىلىپ، مەخسۇس ئېرىنىلا ئەيىبلەشكىلا يارالغان تىلى تاناتلىتىپ ئوق ئېتىشى تۇرغان گەپ.

سايىتجان نېمە قىلىشنى بىلەلمەي كوچىدا خېلى ئۇزاققىچە لاغايلاپ يۈردى، كېيىن بىردىنلا ئوقۇغۇچىسى پەرمانجان يادىغا كېلىپ قالدى. توغرا، شۇنىڭ يېنىغا بېرىش كېرەك. ئۇ يەنە قانداق مەسلىھەت بېرەركىن؟

- بۇ ئىشىڭىز تازا قاملاشماي قاپتۇ،- دېدى پەرمانجان سايىتجانغا قاراپ بېشىنى چايقىغىنىچە،- ئىشنى بۇنداق باشلىماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى.

سايىتجان ئوقۇغۇچىسىنىڭ قوپاللىق بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن رەنجىگەن بولسىمۇ، دىمىنى چىقىرالماي قالدى. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرمانجانغا ئوقۇتقۇچى بولغىنى بىلەن، يېقىندىن بېرى پەرمانجان ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالغانىدى.

- سىز بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل بېرىپ، ھېچگەپتە ھېچگەپ يوق، مېنىڭ يۆتكىلىشىمگە ياردەم بەر دېسىڭىز، بۇ گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇش ياقامدۇ، مۇئەللىم؟- دېدى پەرمانجان زاڭلىق قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ،- ساۋاقداشلىقىڭىزنى، ئۆزۈڭىزدىن بېرى كۆرۈشمىگەنلىكىڭىزنى باھانە قىلىپ، ئۇنى بىرەر رېستورانغا تەكلىپ قىلسىڭىز، بىرەر شىشىنى تىكلەپ قويۇپ، قىززىغان چاغدا ئاندىن گەپ ئاچسىڭىز بولماسمىدى. بۇنداق چاغدا سىزنىڭ تاتلىق گەپلىرىڭىز چىقىدۇ، قارشى تەرەپنىڭمۇ دىلى ئېرىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ! ھازىر قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇش ياقامدۇ؟

- بىراق. . . بىراق. . .- دېدى سايىتجان ئالدىراپ،- ئۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، بىراق مەن سەن دېگەن شىشىنىڭ يېنىغا كېلەلمەيمەن ئەمەسمۇ. پۇراپ قويسامىمۇ بەدىنىمگە بىرنېمىلەر ئۆرلەپ كېتىدۇ.

- ھا - ھا - ھا،- پەرمانجان چىرقىراق ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈۋەتتى،- بۇمۇ بىر مەسىلە دەڭا. لېكىن بۇ كونا گەپتۇ ھەقچان، ئادەم دېگەننىڭ بەدىنىمۇ ئۆزگىرىدىغۇ. ھازىر ئۇنداق بولمايدىغان بولۇپ قالغانسىز. يۈرۈڭ، سىناپ كۆرەيلى.

پەرمانجان ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىۋىدى، ئامالسىز قالغان سايىتجان ئۇنىڭغا كىچىك بالىدەك ئەگەشتى.

ئىككىيلەن ئازادە ئاشخانىغا كىرىپ بىر بۇلۇڭغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، پەرمانجان تۆت - بەش خىل قورۇما، بىر شىشە ئالىي ھاراق بۇيرۇتتى.

- مۇئەللىم، سەت بولىدىغان بولدى - دە،- دېدى پەرمانجان خىرىلداپ كۈلۈپ،- سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئىچىدىغان ئىشنى قىلمىسام ئوبدان بولاتتى، ئەمما بۇنداق ئىش بولۇپ قالغاندىكىن ئەيىبكە بۇيرۇماسسىز - دە، ئەمدى.

- كېرەك يوق، كېرەك يوق، سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ،- دېدى سايىتجان روھسىز ھالدا. شۇ تاپتا ئۇ شىشىنىڭ ئىچىدىكى سۇدەك سۈپسۈزۈك تۇرغان مالىمانچى سۈيۈقلۇقنىڭ ئۆز ئاغزىغا كىرىشىدىن قورقماقتا ئىدى. بىر چاغلاردا ئۇ بۇنى ئىچىپ باققان، ئىچكەن چاغدىكى كەيپى ياخشى بولغىنى بىلەن، كېچىچە بەدىنىنى قاشلاپ يېغىر قىلغۇدەكەنلىكى تېخىچە ئېنىق ئېسىدە ئىدى. بۈگۈن يەنە شۇ ئەھۋال يۈز بېرىدىغان

بولسا. . .

بىرىنچى رومكا كىرگەندە سايىتجاننىڭ بېشى پىررىدە قېيىپ كەتتى. پەرمانجاننىڭ زورى بىلەن يەنە ئىككى رومكىنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى، نېمىلەرنىدۇر سۆزلىگۈسى كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. رومكىنى كۆتۈرگەندە چىرايى پۇرۇشۇپمۇ قويمىغان، ھېلى ئۇ تەخسىدىكى، ھېلى بۇ تەخسىدىكى قورۇمىغا چوكىسىنى ئۇزىتىپ توختىماي شالاپلاۋاتقان پەرمانغا قاراپ كۆڭلى غەلىتە بولغاندەك بولدى: «تووۋا، ئىشتەي دېگەنمۇ بار ئىكەنغۇ بۇنىڭدا. تاماقنى جىق يېگەن ئادەمنىڭ كاللىسى ئۆتمەيدۇ دەيدىغان گەپ بار ئىدى. لېكىن مۇشۇ بىرنېمە كىچىككىنە تۇرۇپ جىق نەرسىلەرنى ئويلايدىكەن، مەن نەدە يۇرگەن بولغىيدىم؟»

– قانداقراق، مۇئەللىم، سىڭىدىغاندەك قىلامدۇ؟– دېدى پەرمانجان ئاغزىدىكى توخۇ گۆشىنى چايناۋېتىپ،– بولىدىغان نەرسە جۇمۇ بۇ! ھازىر دېگەن ھەر - ئىشلار بۇنىڭسىز پۈتمەيدۇ، ئىشىڭىزنى ھەل قىلىمەن دېسىڭىز، بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزىڭىزنى بۇنىڭغا كۆندۈرۈپ تۇرۇڭ. ئەمەل تۇتقۇسى كەلگەن ئادەم مۇشۇنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، ئەمەلنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ، ھا - ھا. . .

تۇرۇپلا سايىتجاننىڭمۇ كۈلكىسى قىستاپ، پەرمانجاننىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى.

ئىككى كىشىلىك ئولتۇرۇش خېلى قىزىدى، ئىككىيلەننىڭلا پاراڭلاشقۇدەك ئورتاق تېمىسى بار تۇرسا، قىزىماي بولامدۇ!

– ھەي - ي، مۇئەللىم، بۈگۈنزە بىر ئوبدان يولنى بۇزۇپ قويۇپسىز - دە. ساۋاقدىشىڭىز-نىڭكىگە بېرىشتىن بۇرۇن مەندىن مەسلىھەت سورىۋەتكەن بولسىڭىز بوپتىكەن.

– بولغۇلۇق بولدى، بىرئاز ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ يەنە بارسام سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلارمەن. ئەمدى ماڭغان يولۇم قۇرۇق كەتمەس.

– ياق، ئەمدى بارسىڭىز بولمايدۇ. ئۇ گەپنى كېسىۋەتكەن تۇرسا، بارسىڭىزمۇ ئۇنىڭ سىزگە كۆڭلىڭىزدىكىدەك گەپ قىلىشى ناتايىن. بۇ خەقنى بىلمەيسىز، ئاغزىدىن بىر گەپ چىقتىمۇ، بولدى، يانمىقى قىيىن. ئۆيىگە بىرنەرسە كۆتۈرۈپ بارسىڭىزغۇ بىر نورى، بىراق ئۇ ساۋاقدىشىڭىز بولغاندىكىن، ئېھتىيات قىلىپ بولسىمۇ ئاپارغان نەرسىڭىزنى قوبۇل قىلماي قويۇشى مۇمكىن. . . دېمەك بۇ يول ئۈزۈلدى دېگەن گەپ. باشقا يول تاپمىساق بولمايدۇ.

– باشقا يول؟ نەدىنمۇ تاپىمىز بۇ يولنى؟– تېرىككىنىدىن قىزىشىپ سۆزلىدى سايىتجان،– قارىغاندا قالغان ئۆمرۈم يول ئىزدەش بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

پەرمانجان قولىدىكى رومكىنى ئاغزىغا ئۆڭتۈردى - دە، بىر پۈۋلىۋېتىپ:

– بۇرۇن يول يوق ئىدى، ئىنسانلار مېڭىۋەرگەنلىكتىن يول پەيدا بولدى، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ،– دېدى دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپ،– باشقىلارغا يول چىقىدىكەن، سىزگە يول چىقمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ مانا مەن بۇ يولنى مېڭىشىپ بېرىمەن. بىزنىڭ ئىدارىغا كەلسىڭىزغۇ ياخشى بولاتتى، بىراق مۇئەللىم بىلەن ئوقۇغۇچىسى بىر ئىدارىدا ئىشلەپ قالسا سەل بىئەپ بولىدىغان يېرى چىقىپ قالارمىكىن دەيمەن. مەسىلەن، سىزنىڭ يولىڭىزنى مېڭىپ ئىدارەمگە يۆتكەپ بولغۇچە ماڭا بىرەر نەرسە تېگىپ قالغۇدەك بولسا، سىز قول ئاستىمدا بولۇپ قالىسىز. بۇنداق ئەھۋالدا سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە تۇرسام سىزگىمۇ قولايسىز، ماڭىمۇ قولايسىز بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، نېمىلا دېگەنبىلەن سىز مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم - دە.




سايىتجاننىڭ قىزىغان كاللىسى پەرمانجان سۆرەتلەپ بەرگەن مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىپ چۆچۈپ كەتتى. راست، بۇ ھەقىقەتەن ئۆزى ئۈچۈن خورلۇق بولغۇدەك، بۇنداق قىلغاندىن كۆرە ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلغىنى تۈزۈك. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ ئوقۇغۇچىسىنىڭ شۇنچىلىك ئىنچىكە يەرلەرگىچە

ئويلىغىنىدىن خۇش بولۇپ، پەرمانجانغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ قالدى. ئامراق بولماي بولامدۇ، ئۇ ئۆزىگە بىلىم بەرگەن ئوقۇتقۇچىسىنى شۇ دەرىجىدە ھۆرمەتلەپ تۇرسا!

ۋاقىتمۇ بىر يەرگە باردى، سايىتجاننىڭ كاللىسى بارغانچە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. تەلىيىگە شىشىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالدى، تەخسىلەرمۇ يالىۋېتىلگەندەك پارقىراپ كېتىشكە ئاز قالدى.

– كەيپىڭىز قانداقراق تۇرىدۇ، مۇئەللىم؟– دېدى بىرەر يۇتۇم ھاراق ئىچمىگەندەك ئولتۇرغان پەرمانجان.

– ئىچىپ باقمىغان نەرسىنى ئىچىپ ئېغىرلىشىپ قالغاندەك تۇرىمەن،– دېدى سايىتجان ئېغىرلاشقان بېشىنى چايقاپ قويۇپ،– قايتساق بولارمىكىن.

– ئېغىرلىشىپ قالغان بولسىڭىز بىرەر چىنە سۇيۇق - سىلەڭ ئىچىۋەتمەمسىز، شاپپىدە يەڭگىللەپ قالىسىز،– پەرمانجان شۇنداق دېدى - دە، سايىتجاننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا كۈتكۈچىنى چاقىردى.

ئاچچىق - چۇچۇك سۇيقاشنى ئىچىپ سايىتجان راستىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.

– قالغان گەپنى كېيىن قىلىشارمىز، مۇئەللىم، خاتىرجەم بولۇڭ، يول چىقىدۇ، بەلكى تازا داغدام يول چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمىسە قوزغىلىمىزمۇ؟

– شۇنداق قىلايلى!– سايىتجان ئورنىدىن تۇردى. بايا ئاشخانىغا كىرگىچە ئىشىكنى ئېچىپ سايىتجاننى تەكلىپ قىلغان پەرمانجان بۇ قېتىم كەينىگە قارىمايلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى ۋە ئىشىك تۈۋىگە قويۇلغان ئۈستەلگە ئېگىلگىنىچە تىرەپ ئولتۇرغان خوجايىنغا قولى بىلەن سايىتجاننى كۆرسىتىپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

بۇ ھالنى كۆرگەن سايىتجاننىڭ بېشى پىرىردە قايغاندەك بولدى. «ما شۇمنى كۆرۈڭ، ھەدەپ ئاشخانىغا تەكلىپ قىلسا، ئوقۇتقۇچىسىنى مېھمان قىلىۋالغۇسى بار ئوخشايدۇ دەپتىمەن. ئەسلىدە مېنى ئوڭدا قويماقچىكەن - دە. ھېلىمۇ ياخشى، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مائاشنى ئېلىپ ئۆيگە بارمايلا بۇ تەرەپلەرگە كەپتىكەنمەن، بولمىسا قانداقمۇ قىلار ئىدىم؟ شۇنداقتىمۇ، بۈگۈن كەچ ئۆيدە قىيامەتنىڭ غوۋغاسى چىقىدىغان بولدى. . .»

لېكىن، مەيلى قانداق بولسا بولسۇن يانچۇقنى كولىماي بولمايتتى. سايىتجان تىترىگەن قوللىرى بىلەن خوجايىننىڭ ئالدىغىنىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، قولاشماي قالغان پۇتلىرىنى ئالدىرىماي يۆتكەپ ئىشىكتىن چىقتى. بۇ چاغدا پەرمانجان يول ياقىسىدىكى دەرەخنىڭ تۈۋىدە چىشىنى كولىغىنىچە يولدىن ئۆتۈۋاتقان پىكاپلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇراتتى.

– قانداقراق مۇئەللىم، چاتاق يوقتۇ؟– دېدى ئۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك.

– چاتاق يوق،– دېدى سايىتجان ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماسلىققا تىرىشىپ.

– ئاپىرىپ قويايمۇ؟

– رەھمەت، ئۆزۈم كېتەلەيمەن!

– ئەمىسە خوش، ئالاقىلىشىپ تۇرايلى، بەك غەم يەپ كەتمەڭ، مەن بار!

«ھەئە، سەن بارئىكەنسەن، قاراپ تۇرۇپ زىيان ئۇرىدىغانغا تازا بار ئىكەنسەن. . .» شۇلارنى ئويلىغان سايىتجان پەرمانجان بىلەن سوغۇققىنە خوشلاشتى - دە، ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

«قاراپ تۇرۇپ ئوڭدا قويدىيا بۇ خاپاڭباش،– سايىتجان يول بويى ئۆز - ئۆزىگە غوتۇلداپ ماڭدى،– ئوقۇغۇچۇڭمەن دەيدۇ تېخى، ھېچبولمىسا مەن بېرىۋېتەي دەپ قويسىمۇ كۆڭۈلگە ياخشى بىر گەپ بولماسمىدى. بولدى، ئىككىنچى ئالاقە قىلماسمەن ئۇنىڭ بىلەن. . . ياق، نېمىلەرنى دەپ كەتتىم. ئۇ شۇنچە ئىشلارغا ۋەدە قىلىۋاتسا، بۇنچىلىك زىيانغا چىدىمىسام قانداق بولىدۇ؟ ئەنە ھېلىقى ساۋاقداش دېگەن بىرنېمىنىڭ ئالدىغا بارغىنىمدا ئازراق زىيان تارتىشنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇ مېنى قۇرۇق يولغا سېلىپ قويدىغۇ. بوپتۇ، زىيان تارتسامۇ تارتىپ تۇراي، تەمە قىلغىنىمغا ئېرىشسەم زىيانلىرىم ھەسسىلەپ تۆلىنىپ قالار. . .»

ئۆزىچە قاقشاپ، ئۆزىگە كايىپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان سايىتجان ئىشىك ئالدىدا توختاپ قالدى.

«يەنە كوتۇلداشلار باشلىنىدۇ. . . ياق، ئەمدى كوتۇلداشلارغا يول قويۇۋەرسەم بولمايدۇ. مېنىڭ قىلىۋاتقانلىرىم ئۆزۈم ئۈچۈنلا ئەمەسقۇ. يەنە كېلىپ خوتۇننىڭ ئۆزىنىڭمۇ قۇلىقىمنى ئاغرىتىۋاتقىنى مۇشۇ ئىش ئەمەسمۇ!»

قىزىق ئىش، بۇ قېتىم سايىتجان يۈرەكلىك بولۇپ قالدى. بۇ كەلگۈسىدىكى ئەمەلىنىڭ ئالدىن كۆرسەتكەن كۈچىمۇ ياكى باياتىن ئىچكەن هاراقنىڭ كۈچىمۇ، ئىشقىلىپ سايىتجان ئىشكىنى قوپاللىق بىلەن «تاراققىدە» ئېچىپ كىردى. ئايالى رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ ئەمدىلا ئاغزىنى ئاچقاندا، سايىتجان بىرلا ۋارقىرىۋىدى، ئايالى يوغان ئېچىلغان ئاغزىنى قولى بىلەن توسقىنچە، كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن هالدا سايىتجانغا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

جاهاندا قىزىق ئىش تولا بولغىنىدەك، بۇ قېتىم سايىتجان ئىچكەن هاراق ئۇنىڭ بەدىنىنى ئالا - پاساق قىلىۋەتمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا شۇنداق كۆپ، شۇنداق تاتلىق، شۇنداق گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى ئىنئام قىلدىكى، سايىتجان پۈتۈن بىر كېچىنى ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغاننىڭ ئارىسىدا تولغىنىپ ئۆتكۈزدى. يەنە كېلىپ هاراقنىڭ بەرگەن مەدىتى بىلەن بىرلا ۋارقىراپ خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى يەملىۋەتكەنلىكى ئۇنى تېخىمۇ خۇش قىلىۋەتتى: «بۇنداق بولارنى بىلسەم، بەدىنىمگە ئاللىنېمىلەر ئۆرلەپ، قاشلاپ يىتىشكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالسىمۇ ئىچىپ تۇراركەنمەن. . . »

## 5. هەر هالدا. . .

ئادەم دېگەن راستىنىلا دۇنيانىڭ ئۆزگە ئوخشاشلا قىزىق نەرسە. بەزىلەر بىر كويغا كىرسە بۇنىڭ كەينىدە بىرقانچە ۋاقىت قاتراپ يۈرگەندىن كېيىن، باشقا ئېلىپ چىقىشقا كۆزى يەتمەي قالسىلا ۋاز كېچىپ يا باشقا كويغا كىرىدۇ، يا ئىلگىرىكىدەك يا هالال ئەمەس، يا هارام ئەمەس ياشاش هالىتىگە قايتىدۇ. بىزنىڭ سايىتجانمۇ هوقۇقنىڭ كويىغا كىرىۋىدى، ئۆزىنىڭ ئۇن بەش يىللىق خىزمەت هاياتىدا نۇرغۇن تەڭسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى بىردىنلا هېس قىلىپ قالدى. بۇنداق هېسسىيات پەيدا بولۇشى بىلەن ئۆزى بىلەن ئىشلەۋاتقان خىزمەتداشلىرى، ئۆزىنى باشقۇرۇۋاتقان ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، هەتتا مەكتەپ مەسئۇللىرىمۇ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان، هەر جەهەتتە ئۆزىگە يەتمەيدىغاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يەتمەيدىغانلىقىنى هېس قىلغانسېرى تەشكىلنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ تەڭسىز مۇئامىلە قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە، تۆهپىسىگە يارىشا ئادىل مۇئامىلە قىلماي، خۇددى تۆگىنى ئېشەكنىڭ قوپىرۇقىغا چېتىپ قويغاندەك مۇئامىلە قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋاتاتتى.

«هوقۇق تەمەسىدە بولماي، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلگەنلىكىم ئۈچۈن مېنى شۇنداق خورلاپ كەپتۇ - دە،» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، - مەن ئويلىمىغان، مەن تەلەپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ، تەشكىل دېگەن ئۆزى ئويلىشى كېرەك - دە! . . . »

سايىتجان بالدۇرراق ئەقىل تاپمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىدىنلا ئاغرىنىپ قالماي، خىزمەت دۆۋسى ئىچىگە كۆمۈپ قويۇپ ئەقىل تېپىشىغا ئىمكان بەرمىگەن، ئىشلىتىشنى بىلىپ قەدىرلەشنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا قەدىرلىگىنىنى ئەمەلىي هەرىكىتىدە ئىپادىلەشنى بىلمەيدىغان تەشكىلدىن قاتتىق رەنجىدى. شۇ تۈپەيلى بۇرۇن ئۇچراپ قالسا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ سالام بېرىدىغان مەكتەپ مەسئۇللىرىغىمۇ هومىيىپ قارايدىغان، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىچىك باشلىقى - ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىغا ئۆچىدىغان، خىزمەتداشلىرى بىلەن پات - پاتلا جېدەللىشىپ قالىدىغان، سىنىپتا بولسا ئوقۇغۇچىلارغا هەدېسىلا ۋارقىراپ - جارقىرايدىغان بولۇپ قالدى.

«بۇنداق پالاكەت ئورۇندىن كېتىشىم كېرەك، قانچە تېز كەتسەم شۇنچە ياخشى! ئىسىت، ئون يىللىق ئۆمرۈم. . . »

سايىتجاننىڭ قانچىلىغان ئىشكىلەرگە دوقۇرغانلىقىنى، كىملەرگە هىجىيىپ، كىملەرگە يالۋۇرغانلىقىنى، كىملەرگە ئۆزىنى ماختاپ، كىملەرگە ۋەدە بەرگەنلىكىنى بىر باشتىن بايان قىلىپ بېرىش ئاپتور ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئېغىر چۈشىدۇ. ئىشقىلىپ سايىتجان جىق جاپا تارتتى. مەكتەپ ئىچىدە كۈندۈزلۈك ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن، كىشىلەر بىلەن تۇزۇك ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان سايىتجان دوقۇرۇش پائالىيىتىنى باشلىۋەتكەندىن كېيىن بەزىدە گاڭگىراپ، بەزىدە هەيران بولۇپ يۈردى.

بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرى نېمىدېگەن مۈرەككەپلەشىپ كەتكەن - هە؟ بەزىلىرى سايىتجانغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق: «شتاتىمىز ئېشىپ كەتتى، ئۆزىمىزدىكى ئادەملەرنى بىر تەرەپ قىلالمايۋاتقىنىمىزدا يەنە ئادەم ئېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئېيتاتتى. يەنە بەزىلىرى سايىتجاننىڭ داستىخىنىدا يەپ - ئىچىپ،

قوۋۇزنى كۆپتۈرگەن ھالدا كىشىگە كېچىچە ئۇيقۇ بەرمەيدىغان شېرىن خىياللارنى بەخش ئېتىدىغان ئاجايىپ ئۇلۇغ ۋەدىلەرنى بېرىشەتتى. بىراق بۇ ۋەدىلەر يا ئەتىسىلا ئۇنتۇلۇپ قالاتتى، يا «مانا، ئەنە» گە ئايلىنىپ ئاخىرى چىقمايدىغان نەرسە بولۇپ قالاتتى. «قولىدىن ئىش كېلىش - كەلمەسلىكىنىڭ كارى چاغلىق، مۇھىمى يەۋالغان غەنىيمەت» دېگەننىڭ بۇگۈنكى زامانىنىڭ بىر مودىسى بولۇپ قالغانلىقىنى تېخىچە چۈشىنىپ يەتمىگەن سايىتجان قايتا - قايتا ئوڭدا قالسىمۇ، يەنىلا بۇ مودىنىڭ قۇربانى بولۇپ يۈرۈۋەردى.

دۇنيانىڭ ئۆز قىزىقچىلىقلىرىنى كۆپەيتكۈسى كېلەمدىكىنتاڭ، ئەر دېگەنگە ئامەت كېلىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. كەيپ چاغلىرىدا ئىشكىنى تېپىپ كىرىپ ئايالىنى قورقاتقىنى بىلەن، ساق ۋاقىتلىرىدا ئايالىدىن «يارىماس»، «بولۇمسىز»، «لەقۋا» دېگەن تىللارنى ئاڭلاپ يۈرگەن، يۆتكىلىشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، دەردىنى خىزمەتداشلىرىدىن ئېلىپ يۈرگەن كونلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭغا «خېرىدار» چىقىپ قالدى.

ئۇن بەش يىلدىن بۇيان نېرى - بېرى خىيالدا بولماي ئۆز كەسپىگە پايدىلىق بولغانلىقى ئىشلارنىڭ غېمىدا يۈرگەن سايىتجاننىڭ قەلەم قۇۋۋىتىمۇ خېلى پىشىپ قالغان، ھەدېسىلا تەكىتلىنىدىغان تىل ئۆتكىلىدىنمۇ خېلى راۋان ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ماڭغان يولى بىكار كەتمىدى دېگەندىن كۆرە، شۇنچە يىلدىن بېرى ئۆگىنىپ قويغانلىرى ئەسقېتىپ قالدى دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. چۈنكى قەلەم ئىشىغا پىششىقراق كىشىلەرگە ئېھتىياجى چۈشۈپ تۇرغان بىر ئىدارە ئۇنى قەلەم ۋە تىلدىن سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، ھەر ھالدا بولىدىكەن، ئازراق كەم تەرەپلىرى بولسىمۇ، تېزلا ئەسقېتىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. دەپ قارىدى - دە، ئۇنى يۆتكەپ كېلىشكە قوشۇلۇپ قالدى. بۇ جاۋابنى، ياق، بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان سايىتجان خۇشاللىقىدا ھوشىدىن كەتمىدى، ئەمما ھوشىدىن كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى. ھەر ھالدا ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈشكە توغرا كەلمىدى، ئۇ تېزلا ئېسىگە كەلدى - دە، ئۆزىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان خۇشخۇيلۇق ۋە تۈرگۈنلۈك بىلەن بولغۇسى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا كەينى - كەينىدىن رەھمەت ئېيتىپ كەتتى. ئۇ رەھمەتلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۆزىنىڭ ۋەدە - كاپالەتلىرىنى بىر سۆزلىگىلى تۇرۇۋىدى، بۇلارنىڭ جىقلىقىدىنمۇ ياكى بۇلارنى تەكرارلاۋەرگەنلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ باشلىق: «بولدى، سۆزلەۋەرمەڭ، كەلگەندىن كېيىن دېگەنلىرىڭىزدەك ئىشلىسىڭىزلا بولدى، ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭ. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدۇ، ھازىرچە بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك قىيىن. مائارىپ، مەكتىپىڭىز قوشۇلامدۇ - يوق، بۇنىڭغىمۇ بىرمۇنچە ۋاقىت كېتىدۇ» دېگەندىلا ھوشىغا كەلگەندەك بولدى ۋە باشلىق بىلەن خوشلىشىپ، ئارقىچىلاپ ماڭغىنىچە ئىشخانىدىن چىقتى.

سايىتجاننىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىقىنى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايتتى، بۈگۈنكى ھېسسىياتىنى ھەرقانداق چاغدىكى ھېسسىياتىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى يىل تارتقان جاپاسىنىڭ نەتىجىسى چىقتى. پەرمانجان دېگەن شۇمتەك نېمىدېگەن ئەقىللىق! سايىتجان بوشىشىپ قالغان چاغلاردا پەرمانجان: «بەل قويۇۋەتمەڭ، مۇئەللىم، يول دېگەن ئەسلىدە يوق ئىدى، ئۇ كىشىلەر ماڭغاندىن كېيىن پەيدا بولغان» دېگەن سۆزنى تەكرارلاشتىن زېرىكمىگەنىدى. مانا، ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست چىقتىغۇ...

قوياش بىر پارچە بۇلۇتنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ سوس نۇر چېچىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇسسۇل ئوينىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ كېتىۋاتقان سايىتجانغا ئۇ بارلىق نۇرىنى ئۆزىگە سېخىيلىق بىلەن چېچىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. تىرىكچىلىك غېمىدە مىغىلدىشىپ ئالدىراش كېتىشىۋاتقان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز سايىتجاننىڭ كاللىسىغا: «ئاشۇ كىشىلەر ئارىسىدا يېڭى ئىدارەمدە ئىشلەيدىغان كىشىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن» دېگەن خىيال كىرىۋالدى. ئىسىت، نەچچە چاغدىن بۇ ئىدارىغا قاتراپ يۈرگەندە، باشلىقتىن باشقىلارغا نېمىشقىمۇ سەپسالمىغان بولغىيدىم. تونۇۋالغان بولسام، شۇ تاپتا ئۇلار ئۇچراپ قالسا قىزغىن سالاملىشىپ قويغان بولاتتىم. ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش كېرەك، تۇنجى تەسىر مۇھىم نەرسە - دە! كىم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى مېنىڭ قول ئاستىمدا ئىشلەپ قالامدۇ تېخى! شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇلارغا قىزغىنلىقىمنىلا ئەمەس، سالاپىتىمنىمۇ كۆرسىتىپ قويۇشۇم كېرەك ئىكەن...

سايىتجاننىڭ كەينىدىلا ئاڭلانغان «غارت» قىلغان ئىنتايىن كۈچلۈك ئاۋاز ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈپ خىيالدىن ئويغاتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىغان سايىتجان قورقۇپ كەتكىنىدىن ئۆزىنى بىر چەتكە ئاتتى - يۇ، تېيىلىپ كېتىپ يەرگە يىقىلدى.

- هوي هاڭۋاقتى، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ !- قاتتىق ۋارقىراش ئۇنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋەتتى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ قارىۋىدى، كاتتا پىكاپتىن بېشىنى چىقىرىپ ئۆزىگە چەكچىيىپ تۇرغان دوغىلاق شوپۇرنى كۆردى - دە، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندى. «توۋا، ئۆزۈمدىن ئۆتۈپتۇ - دە، خىيال بولۇپ كېتىپ ماشىنا يولىغا كىرىپ قالغىنىم نېمىسى؟ . . . »

شوپۇرغا ئالىيىپ قويۇش ياكى بىشەملىك بىلەن گۇناهنى ئۇنىڭغا ئارتىپ، بىر - ئىككى ئېغىز تاكاللىشىپ قويۇش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىدى. ئۇ مەنىسىز هىجىيىپ قويدى - دە، يىقىلغاندا يەرگە قاتتىق تېگىپ كەتكەن تىزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ، يولنىڭ چېتىگە چىقتى ۋە ئەتراپتا كۈلۈشۈپ تۇرغان كىشىلەرگە قاراپمۇ قويماي ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

«ئامەت بىلەن بالا - قازا بىر تۇغقان دېگەن راست گەپ ئوخشىمامدۇ،- دەپ ئويلىدى ئۇ تېخىچە جايىغا چۈشمىگەن يۈرىكىنىڭ ئەنسىز سوقۇشىنى تىڭشىغان هالدا كېتىۋېتىپ،- خۇدا بىر ساقلاپتۇ-دە! بولمىسا ئەمدى ياخشى كۈنلەرگە ئۇلىشىۋاتقىنىمدا، ‹يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە، تۇمشۇقى تاشقا تېگىپتۇ› دېگەندەك بىر ئىش بولۇپ قالاتتىكەن. . . ياق، قارىغاندا ئەر ئۆمرىدە بىر ئامەت دېگەندەك، مېنىڭ ياخشى كۈنلىرىم ئەمدى باشلانغاندەك قىلىدۇ. بولمىسا شۇ تاپتا هېلىقى ماشىنىنىڭ چاقىنىڭ ئاستىدا ياتقان بولار ئىدىم. . . »

كېيىنكى خىيالدىن ئۇنىڭ روهى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. بىراق كاللىسىغا: «بايا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا يېڭى ئىدارەمدىكىلەرمۇ بار بولغىيدىمۇ؟» دېگەن كېلىشى بىلەن بەدىنىدە ئاللىقانداق بىرنېمىلەر قىمىرلاۋاتقاندەك قاتتىق بىئارام بولۇپ ئىختىيارسىز تولغىنىپ كەتتى.

سايىتجان دەم خۇشال بولۇپ، دەم ئەندىشە قىلىپ، ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇرۇۋېلىپ، خۇش خەۋەرنى ئايالىغا قانداق يەتكۈزۈش توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى: «بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا ئايالىم قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئالدىنقى ئون نەچچە يىلدا مېنى يارىماستىن يارىماسقا چىقىرىپ تىللاپ ئۆتكەن بۇ خوتۇن ئەمدى مېنىڭ قانداق ئەركەنلىكىمنى كۆرۈپ قويسۇن! خوتۇن دېگەن بىغەرەز بولۇپ قالسا هېچنېمە قىلغىلى بولمايدىكەن. يۆتكىلىش كويىدا قاتراپ يۈرگەن ئىككى يىل جەريانىدا ئۇنىڭ تىلىنى ئاز ئاڭلىمىدىم. بەزى - بەزىدە كەيپ كېلىپ ئىشكنى تېپىپ ئېچىپ كىرگەن چاغلىرىمنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ قىلغان يولسىزلىقلىرى جېنىمدىن جاق تويغۇزدى. ‹ئالدىغىنىڭنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يوقال› دەي دېسەم، مېنىڭدە ئۇنچىلىك جۈرئەت يوق. خۇدا ساقلىسۇن، خوتۇن كىشى دېگەندىن! خۇدايىم قانداق يارىتىپ قويغان بولغىيدى بۇ خەقنى. تېخى ئەر كىشىنىڭ يېتىم قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغانمىش. پۈتۈن قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان بولسا بىزدەك ئەرلەرنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ تەس بولۇپ كېتەركەن. . . بولدىلا، بۇنداق خىياللار بىلەن ئاران ئېرىشكەن ياخشى كەيپىمنى بۇزماي. »

سايىتجان ئىشىكتىن كىرگەندە ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قارىمىغان سۆرۈن چىراي ئايالى ئۇنىڭ بۇگۈنكى سەپىرىدىن قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئادەتتە يۈزىنىڭ ئۇچىتىن بىرىنى ئىگىلەيدىغاندەك كۆرۈنىدىغان يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ يۈزىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى. سايىتجاننى مەسخىرە قىلغان چاغلاردىلا بىر خىل ئاچچىق كۈلكە ئوينايدىغان قېلىن لەۋلىرى ئىللىق كۈلكىدىن پارقىراپ كەتتى.

- راست دەۋاتامسىز؟- ئايال قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك بىر خىل قىياپەتتە قايتىلاپ سورىدى،- بۇ دېگىنىڭىز راستمۇ؟

ئايالىنىڭ ئىللىق چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغىلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ «سىز» لىگىنىنى ئاڭلاپ باقمىغىلى ئۇزۇن يىللار بولغان سايىتجان ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ هودۇقۇپ قالدى. ئۇ ئايالىنىڭ چىرايىغا بىردەم هاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن ئېسىنى يىغدى - دە، جىددىي قىياپەتتە:

- بۇ ئىشقا چاقچاق قىلغىلى بولامدۇ، راست دەۋاتىمەن. مەن ئاخىرى يۆتكىلىدىغان بولدۇم. ئەمدى خۇشال بولدۇڭمۇ؟ !

- ۋاھ!- ئايالى قاتتىق توۋلىۋەتتى ۋە

سايىتجاننىڭ بويىنغا ئېسىلىپ سەكرەپ كەتتى، ـ جېنىم، ئەمدى بىر ئەرگە ئوخشىدىڭىز!

ئايالىنىڭ خوش بولغانلىقىدىن كەيپىياتى تېخىمۇ كۆتۈرۈلگەن سايىتجانغا ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزى قاتتىق تەگدى: «قارا بۇنى، بۇرۇن ئەرگە ئوخشىماي نېمىگە ئوخشاپ يۈرگەندىمەن!» لېكىن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بۇ ئۆيدە بۇنچىلىك خۇشاللىق بولۇپ باقمىغاچقا، سايىتجان ئايالىنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى دەرھاللا ئەستىن چىقاردى.

ـ قېنى، جېنىم، بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ! ـ دېدى ئايالى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولغان ھالدا، ـ ھەممىنى سۆزلەپ بېرىڭ، بىرىمۇ قالمىسۇن!

سايىتجان سافاغا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئايالى سۇنغان ئۇسسۇلۇقنى ئالدىرىماي ئوتلىدى ـ دە، كېكىردىكىنى قىرىپ قويۇپ، ئەزمىلىك بىلەن سۆزگە كىرىشتى. خېلى زاماندىن بېرى ئۇنىڭ چىرايىغا تۇزۇكرەك قاراپ باقمىغان ئايالى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ ئاغزىنى يېرىم ئاچقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

سايىتجان يولدىكى «قاتناش ھادىسىسى» دىن باشقا ھەممىنى تەپسىلىي سۆزلەپ تۈگەتتى. ئايالى قاتتىق ھاياجانلانغانىدى. ھەر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كەلسىلا، جىمى يېرىم سىقىراپ ئاغرىۋاتىدۇ، دەپ ئۇھ ـ ئۇھلاپ يېتىۋالىدىغان بۇ ئايال بۈگۈن قالتىس چاققانلىشىپ كەتتى. ئۇ «ھېرىپ كەتكەنسىز، ئارام ئېلىڭ، بۈگۈن تاماقنى ئۆزۈم ئېتىمەن» دەپ ئادىتى بويىچە ئىشىكتىن كىرىپ، سومكىسىنى قويۇپلا ئاشخانا ئۆيگە يۈگۈرىدىغان سايىتجاننى سافاغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭغا نازلىق كۈلۈپ قويۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

«ئۇھ، ئەمەل دېگەن قالتىس نەرسە ئىكەن ـ دە، ـ دەپ ئويلىدى سايىتجان بېشىنى سافانىڭ كەينىگە قويغان ھالدا راھەت بىلەن كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ، ـ شۇ ئاجايىپ نەرسىنىڭ غېمىنى قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن ئون نەچچە يىلدىن بېرى خوتۇنۇمنىڭ ئالدىدا خورلىنىپ ئۆتۈپتىكەنمەن. مانا ئەمدى ياخشى كۈنلەر باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ. ياق، باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ ئەمەس، باشلىنىدۇ، ياق، باشلاندى دېيىشىم كېرەك!...»

تاماق تەييار بولغۇچە سايىتجان نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئويلارنى ئويلىدى. بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەن ئادەمنىڭ ئويلايدىغان ئويلىرى، ئەسلەيدىغان ئىشلىرىمۇ كۆپ بولىدىكەن.

سايىتجاننىڭ ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلىرى ھەققەتەن كۆپ ئىدى. يۆتكىلىش غېمىدە قانچە ـ قانچە بوسۇغىلارغا باش ئۇردى، بەزىدە قوپال جاۋابلارنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئازار يېدى، بەزىدە تاتلىق گەپلەرگە گول بولۇپ يانچۇقىنى قۇرۇتتى. ئۇ قانچە ـ قانچە كېچىلەرنى ئۈمىدسىز خىياللار بىلەن، قانچە ـ قانچە كېچىلەرنى ئۈمىدلىك خىياللار بىلەن كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى. پەرمانجاننىڭ «ئىلھام» بېرىشى ۋە يول كۆرسىتىشى، ئايالىنىڭ ھەدېسىلا شاپتۇل قېقىشلىرى، ئەيىبلەشلىرى بولمىغان بولسا، كۆڭلىدە ھەسرەتلىك ئارمان قېپقالسىمۇ، ئاخىرى كۆرۈنمىگەن بۇ سەپەردىن توختاپ، ئۆز بېسىقىغا چۈشۈپ قالغان بولاتتى. بىر بوۋاينىڭ «بىر ئىشقا ھەرقانچە چاپقان بىلەن، خۇدايىمنىڭ بەلگىلەپ قويغان ۋاقىت ـ سائىتى كەلمىسە يەنىلا بىكار» دېگىنى راست گەپ ئىكەن ـ دە. مانا ئەمدى ۋاقىت ـ سائەت دېگەن يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ. سايىتجان، سايىتجان، ياشايدىغان، يايرايدىغان ۋاقتىڭ يېتىپ كەلدى، نېمە دېگەن تەلەيلىكسەن ـ ھە!

بىردىنلا پەرمانجان سايىتجاننىڭ خىيالىغا كېلىپ قالدى. «ھەي ئۇ بىچارە نېمىلەر قىلىۋاتقاندۇ؟ ئىككى يىلدىن بېرى تىنماي تېپىرلاپلا يۈرىدۇ، تېخىچە ئۇنىڭ تەمەسى ئەمەلگە ئاشمايۋاتىدۇ. بىراقلا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغىلى بولىدۇ دەپ تاللاپ بارغان ئىدارىسىمۇ تايىنلىق ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئون يىللاپ باش چۆكۈرۈپ خىزمەت ئىشلىگەن مېنىڭدەك ئادەملەر تۇرغان يەردە بۇنداق شۇمتەكلەرگە ئالدىراپ ئەمەل بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ تازا قاملاشمىغان ئىش ـ دە. بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولغىنى، ئۇ شۇنداق ئۆتۈپ تۇرسۇن. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم، مۇبادا مەندىن بۇرۇن مەنسەپ تۇتۇپ قالسا ماڭا سەت ئەمەسمۇ؟ ۋاي بولدىلا، خەقنىڭ غېمىنى يېگۈچە ئۆزۈمنىڭ خىيالىنى قىلايچۇ!»

سايىتجان يەنە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىشقا، نېمىلەرنىدۇر كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە، نېمىلەرنىدۇر پىلانلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ بىرى بىرىدىن شېرىن، بىرى بىرىدىن گۈزەل ئىدى.

«سايىتجان، تاماق تەييار بولدى!» ئۆزۈندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاڭلانغان بۇ نازلىق

ئاۋاز سايىتجاننى خىيالدىن ئويغاتتى. خۇش خەۋەرنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ئايالىنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىدىنمۇ، ئىشقىلىپ بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن سايىتجاننىڭ ئىشتىھاسى قالتىس ئېچىلىپ كەتتى.

سايىتجان بۇنداق ياخشى كۈننى بۇرۇن كۆرۈپ باققانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. شۇ كېچىمۇ ئاجايىپ ياخشى ئۆتتى.

## 6. بۇنى ئامەت دېگىلى بولسا...

ئاڭلىساق، تەرەققىي تاپقان ئەللەردە ئىشسىزلار كۆپ ئىكەن. بىراق ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىنى پات - پات يۆتكەپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ياكى ئەسلى خىزمەت ئورنى كۆڭۈلگە ياقماي قالغانلىق ۋە ياكى ئاللىقانداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز كۆڭلىگە ياققۇدەك يېڭى ئورۇنغا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىنى تاپقۇچە بولغان ۋاقىتمۇ ئۇلارنى ئىشسىزلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويىدىكەن. دۇنيانىڭ قىزىقى شۇ تۇرمامدۇ! ئۇ خەق كۆڭلى خالىسا ئىشلىسە، خالىماي قالسا ئىستېپا بېرىپلا كېتىپ قېلىپ يەنە بىر جايدىن ئۆز ئارزۇسىنى قاندۇرغۇدەك ۋە جېنىنى جان ئەتكۈدەك ئىمكانىيەتنى تاپالايدىغان بولسا، بىراق بىزدە بىر ئورۇنغا مىخلانغان پېتى پۈتۈن ئۆمۈرنى ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسە، يەنە كېلىپ بۇنداق تەقدىر ئادەمنىڭ ئامىتى بولسا... بۇ راستىنلا ئاجايىپ ئىش ئەمەسمۇ؟ لېكىن بۇنىڭغىمۇ نېمە ئامال؟ ئاشتىن ئېغىز تولا، ئىشتىن ئادەم تولا بىر دۇنيادا «تۆمۈر تاۋاق» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆمۈرلۈك كاپالەتكە ئېرىشىش ئاسانمۇ؟ قېنى، سىز خىزمىتىڭىزدىن زېرىكىپ، ئىش ئورنىڭىزنى يۆتكەش ئارقىلىش ئۆزىڭىزنىڭ كەيپىياتىڭىزنى، تۇرمۇش قەدىمىڭىزنى تەڭشەپ باقاي دەپ ئىستېپا بېرىشكە ئۇرۇنۇپ بېقىڭچۇ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى ۋەھىمە باسىدۇ. ئاندىن كېيىن ئائىلە، ئۇرۇق - تۇغقان، ئائىلىڭىزدىكىلەر سىزنى ئېلىشىپ قالغانغا چىقىرىشىپ «تەييار ئاق نان مەيدەڭگە تەپتىمۇ؟!» دېيىشىپ تەرەپ - تەرەپتىن ئەيىبلەشكە باشلايدۇ... سىزدە چەكتىن ئاشقان تەلۋىلىك بولمىسىلا بۇ سارائىلىقتىن دەرھاللا ۋاز كېچىپ، ئۆزىڭىزنىڭ خىزمەت ئورنىڭىزنى، ئۇستازىڭىزنى، داۋالىنىش كاپالىتىڭىزنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىسىز. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىڭىز چۈشمىگەن خوتۇن بىلەن ئۆمرىڭىزنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغاندەك، بىر ھېسسىيات بىلەن يەنە ئاشۇ تۇرمۇشىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىستېپا بېرىش دېگەنگۇ بىزدە تولىمۇ چوڭ گەپ. بۇنىڭ گېپىنى قىلماي، يېڭى بىر ئورۇنغا يۆتكىلىش كويىدا بولۇپ بېقىڭ. قولىڭىزدىن ئىش كېلىدىغان، ئىدارىڭىزنىڭ يۈكىنى باشلىقلىرىڭىز بىلەن بىللە قوشۇپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان «ياۋاش كالا» بولسىڭىز، ئىگىڭىز بەرگەن قاتتىق - يۇمشاق بوغۇزلارنى چايناپ كۆشەپ، يەنە شۇ يۈكلەرنى داۋاملىق كۆتۈرۈشنى شەرەپ بىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسىز. يۆتكىلىشنىڭ ئەڭ ئاسان ئۇسۇلى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، جېدەلخور بولۇش. بىراق بۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن نەگىلا بارسا يەنە ناتىقپىلىق، ھەممىدىن بەكرەك ئىشلىگەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىش، يامىنى كەلسە ئۇششۇقلۇق بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىشلا كېلىدۇ. شۇ يېرى قىزىقكى، باشلىق دېگەن يىغىندا كېكىردىكىنى قىرىپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، ئاۋازىنى بوم چىقىرىشقا تىرىشىپ سۆزلىگىنى بىلەن يەنىلا ئۇششۇقلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئاۋايلاپ مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇششۇق دېگەننىڭ يۈزى قېلىن كېلىدۇ، ئۇ بىرلا يۈزسىزلىك قىلىدىغان بولسا، بىرمۇنچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالغاندىن سىرت، يەنە تېخى يۈزىنىمۇ چۈشۈرۈۋالىدىغان گەپ.

بىزنىڭ سايىتجان ئىستېپا بەرگۈچىلەر قاتارىغىمۇ كىرمەيدۇ، ئۇششۇقلار قاتارىغا كىرىشكىمۇ شەرتى توشمايدۇ. چۈنكى ئۇ خىزمەتداشلىرىغا، مەكتەپ مەسئۇللىرىغا گۆلىيىپ قارايدىغان بولۇپ قالغىنى بىلەن، ئۇلار بىلەن بىرەر قېتىم تاكاللىشىپ باققىنى يوق. لېكىن ئۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئۆز خىزمىتىنى ئاقسىتىش بىلەن نەزەردىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۆتكىلىش كويىدا ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن بىلىپ كەتكەنىدى. مەسئۇللار ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە قېتىم سۆزلىشىپ باققان بولسىمۇ، قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. سايىتجاننىڭ بۇنداق زېرىكتۈرۈش سىياسىتى ئەسقېتىپ قالدى. ئۇ يۆتكىلىدىغان چاغدا مەكتەپ تارتىشىپ قويمىدى، بەلكى ئىشنىڭ ئارقىغا يېنىپ كېتىشىدىن قورققاندەك ئۇنى تازا ماختاپ بەردى. بۇ ئەلۋەتتە

ئۇلارنىڭ سەممىيەتسىزلىكىدىن بولغان بولماستىن، بەلكى هازىرقى جەمئىيەتتە خېلى ئومۇملىشىپ قالغان بىر خىل ئۇسۇل. ياخشى مال دېگەننى ماختاپ ئاغزىڭىزنى ئۇپراتمىسىڭىزمۇ كۆزى بار ئادەم بىر قاراپلا بىلىۋالىدۇ. ساختا، ناچار مەهسۇلاتلار تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ ئېسىل ماللارغىمۇ ئىشەنچ قىلىشى قىيىن بولۇپ قالغان مۇشۇ كۈنلەردە بۇنى ئادەملەرگىمۇ تەدبىقلاش تېخى ئومۇملىشىپ كەتكىنى يوق. شۇ تۈپەيلىدىن سايىتجاننىڭ يېڭى ئىدارىسى ئۇنىڭ تەرىپلىرىنى ئاڭلىغىنىدا «ئەجەب كۆچەپ ماختاپ كەتتىغۇ، بۇ يەردە بىر جىن بارمۇ - نېمە؟» دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېڭى ئورۇنغا يۆتكىلىش ئىشى ناهايىتى تېز هەم ئوڭۇشلۇق تاماملاندى.

سايىتجان خىزمەتكە قاتنىشىپ ئۈچ يىل بولغاندا هازىرقى ئايالى بىلەن تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە تونۇشۇپ قالغانىدى. ئۇ خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك ئۇنى بىر كۆرۈپلا «ئاشىق بىقارار» بولدى. بىرەر ئايغىچە تەكلىپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالماي، ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆز كۆڭلىنى ئىزهار قىلغاندا، قىز «ئالدىرىماڭ، يەنە بىر مەزگىل ئارىلىشىپ باقايلى»، «ئويلىنىپ باقاي» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇنى قىينىماي، كەسكىنلىك بىلەن ماقۇللۇق جاۋابىنى بەرگەندە، سايىتجان خۇشاللىقىدىن پۈتۈن بىر كېچە ئۇخلىماي شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ تىك ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزغانىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئۆز هاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق، دەپ هېسابلاپ كەلگەنىدى. تويدىن كېيىن بىراقلا مىجەزى ئۆزگىرىپ، مۇهەببەتلىشىپ يۈرگەن چاغدىكى تارتىنچاق چىرايىنى بىشەملىك، تاتلىق سۆزلىرىنى زەهەرخەندىلىك ئىگىلىگەن ئايالى بۇ خۇشاللىقىنى ئاللىقاچان كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، سايىتجان ئاشۇ بىر كۈننى، ئۇيقۇسىز ئۆتكەن ئاشۇ بىر كېچىنى زادىلا يادىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. هەر قېتىم ئايالىدىن دەشنەم ئىشتىپ كۆڭلى ئازار يېگەندە يەنە شۇ ئىشنى ئەسلەيتتى. ئاخىرىدا بولسا ئېغىر ئۇهسىنىپ: «توۋا، مەن ئېزىپتىكەنمەن - دە!» دەپ قوياتتى.

يۆتكىلىشنىڭ نېرى بېرى ئىشلىرى پۈتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە بەزىدە شۇنداق گۈزەل چۈشلەرنى كۆرگەن، بەزىدە قارا بېسىپ قارا تەرگە چۆمۈلگەن هالدا كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن سايىتجان رەسمىي يۆتكىلىش قەغىزىنى قولىغا ئالغىنىدا كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قالدى. ئۇ قەغەزگە قايتا - قايتا قاراپ، قەغەزدىكى خەتلەرنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئاخىر بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. بۇ چاغدا هاياجانلانغانلىقىدىن كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

ئۆزىنى شۇنچە چاغدىن بېرى يارىماس دەپ تىللاپ كەلگەن ئايالىنىڭ كۆزىگە بۇ قەغەزنى تىقىپ، «ئەمدى نېمە دەيسەن» دېگۈسى كەلگەن سايىتجان ئۆيىگە ئالدىراپ ماڭدى. ياپىرىم، مۇشۇنداق كۈنلەرمۇ كېلىدىكەن - هە! ئىككى يىل ئىچىدە نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم. ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ ئارىلىقىدا دەم كۆيۈپ، دەم ئۆچۈپ نەچچە كىلوگرام ئەتتىن ئايرىلدىم، چاچلىرىممۇ شالاڭلاپ پېشانەم تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ كەتتى. چاچلىرىمنىڭ بۇ هالغا چۈشۈشىنىڭغۇ زىيىنى يوقتەك قىلىدۇ. چۈنكى بۇرۇنقىدىن سالاپەتلىك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن. لېكىن ئەتتىن ئايرىلىپ قالغىنىم تازا ياخشى بولمىدى. ئەمدىگىنە كۆرۈلۈشكە باشلىغان قورسىقىم يەنە غايىب بولۇپ، مېنى بىچارە كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭغىمۇ مەيلى، ئۇزاق ئۆتمەي قورسىقىممۇ يوغىناپ قالار. يېڭىنە يۆتكىلىۋالغاندەك ئاۋاق كىشىلەر ئەمەل تېگىپ بىرەر - ئىككى يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا هۆپپىدە كۆپۈپ چىقىدىكەنغۇ...»

قارشىسىدىن كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بىر خىل چۈشىنىكسىز هەيرانلىق بىلەن قاراپ - قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالغان سايىتجان ئۆزىنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈلۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. ئۇ قەددىنى تېخىمۇ رۇسلاپ، يەنە ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۆزى بىلەن كۈلۈشۈپ كېتىۋەردى.

ئەسلىدە يەنە تىل بىلەن كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان ئايالى سايىتجاننىڭ قاپىقىنىڭ تۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ جىم بولۇپ قالدى. ئىككى يىلدىن بېرى هاراق ئىچكەندە سايىتجان نوچى، مەستلىكى يېشىلگەندە ئايالى نوچى بولۇش بۇ ئۆيدە ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. «يەنە هاراق ئىچىپتۇ - دە، بۇ يارىماس،- دەپ ئويلىدى ئايال ئۆزىگە هاي بېرىپ،- خەپ، مەستلىكىڭمۇ يېشىلەر، شۇ

چاغدا نوچىلىقىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي! »

سايىتجان ئۆزىنىڭ سۇرلۇك قىياپىتىنى داۋاملىق ساقلاشقا بەرداشلىق بېرەلمىدى. چۈنكى يول بويى ئۇچرىغان ھەر بىر كىشىگە ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئېيتقۇسى كەلگەن، لېكىن بىرەر تونۇش ئادەمنى ئۇچرىتىش بەختىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىپ كەلگەن سايىتجان ئۈچۈن بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. شۇڭا ئۇ كۈلۈۋەتتى.

- ساراڭ بوپتۇمۇ نېمە، بۇ مەست! - دېدى ئايالى ئۆز - ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەندەك ۋە سايىتجانغا ئالىيىپ قويدى.

- ھاراق ئىچمىسەم مەست دەيسەنغۇ، - دېدى سايىتجان پىخىلداپ كۈلۈپ، - ھاراقنى ئەمدى ئىچەرمەن تېخى! ئۆز قولۇڭ بىلەن قۇيۇپ بېرەرسەن.

ئېرىنىڭ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ، ئۇنىڭ راستىنلا ئىچمىگەنلىكىنى بىلگەن خوتۇنىنىڭ جىمى غەزىپى چىرايىغا تەپتى، يۈزىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى.

- ھە، مۇنداق گەپمىدى، - دېدى ئۇ ئېرىگە دېۋەيلەپ، - بۈگۈن ئەجەب يوغانچى بولۇپ كېتىپسىنا، ئاسماندىن مەنسەپ ياغقاندەك! تېخى ھاراقنى ئۆز قولۇم بىلەن قۇيۇپ بەرگىدەكمىشـ مەن. ھۇ يارىماس! بولۇمسىز! لەقۋا! . . .

ئايالىنىڭ بۇ ھالىتى ۋە تىلى سايىتجاننى بۇرۇنقىدەك بىئارام قىلالمىدى. چۈنكى بۇ ئەخمەق خوتۇن ھېچنېمىنى بىلمەي تىل سېلىۋاتىدۇ، بۇنداق چاغدا بۇمۇ قىزىق تۇيۇلىدىكەن. ئۇنى يەنە بىردەم سەكرىتىپ تاماشىسىنى كۆرۈش كېرەك.

- شۇنچە يىل ئۆي تۇتۇپ بۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغان بولساڭ، بۈگۈن قىلىسەن، - دېدى سايىتجان كۈلكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

- شۇنداقمۇ! مانا ساڭا بۈگۈن قىلىدىغىنىم، - ئايال شۇنداق دېدى - دە، ئىككى قولىنى سوزغان پېتى سايىتجانغا ئېتىلدى.

بولدى، ئەمدى ئويۇننى يىغىشتۇرۇش كېرەك! سايىتجان چاققانلىق بىلەن يانچۇقىدىن كونۋېرتنى ئالدى - دە، ياقىسىغا سوزۇلۇپ كەلگەن ئىككى قولغا ئۇنى تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە:

- مېنىڭ ئىشىم پۈتتى! - دەپ توۋلىۋەتتى.

ئايالىنىڭ ياقىنىڭ ئورنىغا كونۋېرتنى تۇتۇپ قالغان قوللىرى ھاۋادا ئېسىلغان پېتى بىردەم تۇرۇپ قالدى، كۆزلىرىدىكى غەزەپ ئالامىتىنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى ئالدى. ئۇ بىردىنلا قوللىرىنى يايغان پېتى سايىتجانغا ئېتىلىپ، بويىنىغا گىرە سېلىپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. بۇنداق قۇچاقلاش پەقەت توينىڭ ئالدىدىكى مەزگىللەردىلا بولۇپ باققان بولۇپ، سايىتجان ئويلاپمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

- راستمۇ؟ ئالداۋاتمايدىغانسىز، جېنىم! - قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلانغان بۇ نازىلىق ئاۋازدىن سايىتجاننىڭ ۋۇجۇدى ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئايالى بىلەن بولغان ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك، يېڭىۋاشتىن مۇھەببەتلىشىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. ئۇمۇ ئايالىنى چىڭ قۇچاقلاپ پىچىرلىدى:

- ئالدىمىدىم، راست دەۋاتىمەن، ئىشەنمىسەڭ كونۋېرتنى ئېچىپ كۆرۈپ باق!

شۇ ئەسنادا ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە جىمى دۇنيا گۈزەللىككە تولغاندەك، جىمى ئامەت پەقەت مۇشۇ ئۆيگىلا يېغىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئايال ئېرىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىغان ھالدا يىغلىۋەتتى.

شۇ كۈنى ئايالى سايىتجانغا راستىنلا ھاراق قۇيۇپ بەردى. ئانا قەغەشلىك قىلىپ دادىسىغا قولىدىكى كىتابنى ئاتقان ئوغلىنى: «ھەي شۇم، داداڭغىمۇ شۇنداق قىلامسەن؟ ! » دەپ توۋلىغىنىچە چاڭگىدە بىر شاپىلاق سېلىۋىدى، شۇ چاغقىچە ئانىسىدىن تەستەك يەپ باقمىغان، دادىسىغا قىلغان يولسىزلىقلىرى ئۈچۈن ئانىسىدىن ماختاشقا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان، بۇ قېتىم بولسا ھېچ ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىگە قىلىنغان كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمدىن تېڭىرقاپ قالغان بۇ ئەركە ئوغۇل يىغلاشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ ۋەھىمىگە چۈشكەن ھالدا ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.

شۇنچە يىللاردىن بېرى ئوغلى ۋە قىزىنىڭ قىلىپ كېلىۋاتقان قەغەشلىكلىرىدىن تويۇپ كەتكەن بولسىمۇ، سايىتجان ئوغلىنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرگىنىدە يەنىلا ئۆزىنى راھەتلەنگەندەك ھېس قىلالمىدى. لېكىن ئايالىنىڭ ئۆزىگە قىلغان قىزغىن مۇئامىلىسىنى كۆرگىنىدە، تۇنجى قېتىم ئائىلە بەختىنىڭ تەمىنى تېتىغاندەك بولۇپ قالدى. «ھەي ئىست، - دەپ قالدى ئۇ ھاراقنىڭ تەسىرىدىن تۇگىمەس

خىياللارغا پېتىپ كېتىۋاتقان كاللىسىدا، - بۇرۇنراق ئەمەل تۇتقان بولسام ئاشۇ كۈنلەرنى بېشىمدىن كەچۈرۈپ يۈرمەسكەنمەن. . . »

«ئەمەل تۇتقان؟» بۇ سوئال ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولۇش بىلەن ئۇ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى راستتىنلا ئەمەل تۇتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى. ئامېرىكىنىڭ كوچىلىرىدا دوللار دېگەن چېچىلىپ ياتارمىش دېگەنگە ئوخشاشلا، سايىتجانغا ئەتە رەسمىيىتىنى كۆتۈرۈپ بارسىلا، بىرەر ئەمەل بېرىلىدىغاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. «كىچىكرەكى بولسىمۇ مەيلى، مەن ھېلىقى پەرمانجاندەك بىراقلا چوڭىغىمۇ ئېسىلىپ كەتمەيمەن، - دېگەن ئويلار ئۇنىڭ كاللىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، - يەنىلا ئاساسي قاتلامدىن ئۆسكەن ياخشى. بۇنىڭدا ئىش پۇختىراق بولىدۇ. بىرلا كۆزگە كۆرۈنۈۋالسام، قالغان ئىشلار ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. . . »

## 7. قارىسى كۆرۈنمىگەن ئامەت

خام خىيال بۇ دۇنيانىڭ قىزىقچىلىقلىرىنىڭ بىر مەنبەسى. كىچىك بالىدىن تارتىپ ئاغزىدا چىشى قالمىغان بوۋاي - مومايلارغىچە، تىلەمچىدىن تارتىپ كاتتا بايلارغىچە، ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان قارا قورساقلاردىن تارتىپ ئالەمدىكى ئىشلارنىڭ سىرلىرىدىن ئېغىز ئاچالايدىغان بىلىم كاتتىلىرىغىچە، تەگرى تەرىپىدىن دۇنيادىكى جىمى ئىنسانلارنى بېقىشقا، ئەمما ئۆزى يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرۈشكە مەھكۇم قىلىنغان دېھقاندىن تارتىپ، ھەممە كاتتا ئىشلار مېنىڭ شاراپىتىمدىن دەپ پات - پات مەيدىسىگە ئۇرۇپ مىننەت قىلىپ تۇرىدىغان ئەل كاتتىلىرىغىچە ھەممەيلەن خام خىيالدىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ نەرسىدىن ھەقسىز، شۇنداقلا خالىغانچە بەھرىمەن بولالايدۇ. لېكىن ھېچكىم ئۆزىنى خام خىيال قىلىۋاتىمەن دېگۈسى كەلمەيدۇ، بەلكى بۇ مېنىڭ ئۈمىدىم، مېنىڭچە بۇ ئىش چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن ئۇلار بەزىدە ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ قالسىمۇ، يەنە بەزىدە ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالسىمۇ، لېكىن يەنىلا يېڭى - يېڭى خام خىياللارنى سۈرۈشتىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا تېخىمۇ رەڭدار، تۇرمۇش تېخىمۇ كۈلكىلىك نەرسىگە ئايلىنىپ، ھەممە يەر قىزىقچىلىق دۇنياسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

سايىتجان يۆتكىلىش ئالاقىسىنى ئالغاندا، ھاياجان ئۇنى بىر خام خىيال ئىچىگە باشلاپ كىرگەن، شۇ خىيالنىڭ ئەللەيلىشىدە ئۇخلاپ تولىمۇ گۈزەل چۈشلەرنى كۆرگەن، چۈشىدە يېڭى ئىدارىغا بارغان كۈنىلا بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك كادىر بولۇپ قالغانىدى. ئەسلىدە ئۇ چۈشىنى ھېچبولمىسا باشقارما باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىش ھۆججىتى چۈشكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرماقچى بولغانىدى. لېكىن ئايالىنىڭ: «تۇنجى كۈنى ئەتىگەنرەك بارمىساڭ بولمايدۇ» دەپ تاڭ ئاتار - ئاتمايلا ئويغىتىۋېتىشى بىلەن بۇنداق پۇرسەتتىن مەھرۇم بولدى.

ئەپسۇسكى، ئىدارىغا بارغان تۇنجى كۈنى ئۇ ئۆزىنى يېڭىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشقان بىر ئادەمدەك ھېس قىلىپ بىر خىل قورۇنۇش ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە يېڭىدەك، گويا خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي سەتچىلىككە قالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. بۇ ۋەھىمىلىك تۇيغۇ ئۇنى قورقۇنچقا سالدى، ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى. بۇ ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە يامان كۆز بىلەن قاراۋاتقاندەك، نېمىنىدۇر قىزغىنىۋاتقاندەك، ھەتتا زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بۇنداق ھېسسىيات بۇندىن ئون بەش يىل بۇرۇن تۇنجى قېتىم مەكتەپكە كەلگەندە بىر قېتىم پەيدا بولغانىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى «ئىچى يامان» ساۋاقدىشىنىڭ: «خىزمەت ئورنى دېگەننىڭ يەنىلا كونىسى ياخشى، يېڭى ئورۇنغا بارساڭ، ئىستاژىڭ ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، يەنىلا يېڭى ھېسابلىنىپ قالىسەن» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كەلدى.

بىردىنلا ئۇنىڭ كەينىگە يېنىپ كەتكۈسى، ئۇدۇل مەكتەپكە بېرىپ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكۈسى كەلدى. لېكىن دەرھال ئىككى يىلدىن بۇيان تارتقان جاپالىرىنى، كۆرگەن خورلۇقلىرىنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئۆزىنى: «يارىماس! ساراڭ!» دەپ تىللىۋەتتى.

ئارىدىن ھەپتە - ئون كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنساب بىلەن ئاساسي قاتلامنىڭ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئىشلەش ئارقىلىق رەھبەرلىك شوتىسىدا بالداقمۇ بالداق ئۆرلەش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە مەيلى ئاممىۋى ئاساس جەھەتتە بولسۇن، مەيلى رەھبەرلىك سەنئىتى جەھەتتە بولسۇن تەدرىجي ئۆسۈش تۇغرىسىدا

قىلغان سەمىمىي نىيەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنىڭ قىيىن ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدىلا قىيىنغا چۈشىدىغانلىقى ئايان بولۇپ قالدى. ئىشخانا قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغان سايىتجاننىڭ يېڭى ئىدارىسىدا بەش كىشى قىستىلىشىپ ئولتۇرىدىغان بىر ئىشخانىنىڭ ئىشىككە يېقىن جايىدىن ئۇنىڭغا ئاران بىر كىشىلىك ئورۇن چىقتى.

«قوڭنى پاتقۇزغۇدەك جاينىڭ يوقلۇقىدا ئادەم دېگەننى ئەكىلىۋەردى!»

ئۇ يېڭىدىن بۇ ئىشخانىغا ئورۇنلاشقاندا، تۆرىدىكى بىر ئۈستەلگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ، قايناقسۇ ئىچكەچ گېزىت كۆرۈش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغان قاپىقى يامان بىرەيلەن ئەنە شۇنداق غودۇڭشۇيدى، سايىتجان ئىشخانا قىيىنچىلىقىنى گويا ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغاندەكلا ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. لېكىن ئۇ يېڭى كەلداخۇن بولغاندىكىن، نېمىمۇ دېيەلىسۇن. ئەڭ ياخشىسى بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىماسقا سېلىپ قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىش تۈزۈكتەك قىلىدۇ. خەق نېمە دېسە دېمەمدۇ! ئەتە - ئۆگۈن ھېچبولمىدى دېگەندىمۇ مۇشۇ بەش ئادەمگە مەسئۇل بولۇپ قالسۇنچۇ قېنى، قايسىسى شۇنداق گەپنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىكىن؟!

لېكىن، كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، ھېچ ئىشتىن خەۋەر يوق. سايىتجاننىڭ كۈنلىرىنى بەزى - بەزىدە يازىدىغان ياكى تەرجىمە قىلىدىغان ئىشلار چىقىپ قالمىسا، قالغان چاغدا باشقىلارغا ئوخشاش قايناقسۇ ئىچكەچ گېزىت كۆرىدىغان، ھەتتا بەزىدە دۈمبىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قاتتىق چاپلاپ ئېڭەكنى مەيدىگە تىرىگىنىچە كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان ھۈنەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. لېكىن سايىتجان بۇنى ئۆگىنىشكە ئالدىراپ كەتكىنى يوق. ئاجايىپ ئۇلۇغ مەقسەت بىلەن بۇ ئىدارىغا يۆتكىلىپ كەلگەن، شۇنىڭ ئەمەلگە ئېششىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان بىر ئادەم قانداقلا بولسۇن، باشلىقلارنىڭ نەزەرىدە ياخشى تەسىرات پەيدا قىلىشى كېرەك - تە! ئۇ كېلىپلا ئەمەلگە ئېرىشەلمىگىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى يامان ئەمەس ئىكەنلىكىنى تېزلا ھېس قىلىپ قالدى، يەنى، قىلىشقا تېگىشلىك قەلەم ئىشلىرىدا ئىشخانىدىكى بەشەيلەنگە قارىغاندا ئۆزىنىڭ ئۈستۈن تۇراتتى. بۇ ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەن، دېمەك قالغان تەرەپلەردە ياخشى تەسىر قالدۇرسا، يول قىسقىرايدۇ - دە!

يۆتكىلىش ئالاقىسىنى ئالغان كۈنى قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى ئۆزىنىڭ ساددىلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئالدىراقسان خىياللارغا پېتىپ قېلىپ، يېڭى رېئاللىق ئالدىدا چۆچۈپ ئويغانغان سايىتجان ئەمدى ئەقلىنى تېپىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئايرىملىرىنىڭ ھېسابقا ئالمىغاندا ئەمەل توغرۇلۇق ھەۋەس بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىدىغانلىرى يوق ئىدى. مەكتەپتىكى پاراڭنىڭ تولىراقى ئۇنىۋان توغرىسىدا بولاتتى، بەزى خاپىچىلىقلارمۇ يەنىلا مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن يۈز بېرەتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئەمەلنىڭ سانىغا قارىغاندا ئۇنىۋاننىڭ سانى كۆپرەك بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كىمنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتى ھەر بىرەيلەنگە ئېنىق بولغاچقا، بۇنداق خاپىچىلىقلار ھامان ھەل بولۇپ كېتەتتى. لېكىن سايىتجان يېڭى ئىدارىسىنىڭ مەكتەپكە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۇزاق ئۆتمەيلا بىلىپ قالدى. بۇ يەردە ھەممەيلەنلا ئەمەل ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. چۈنكى بۇ يەردە مائاشتىن تارتىپ، باشقا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ مۇھىم ئۇچى ئەمەلگە چېتىپ قويۇلغانىدى. دېمەك، بۇ ئىشخانىدىكى بەشەيلەننىڭ كۆزى ياندىكى ئىشخانىدا ئولتۇرىدىغان بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئورۇندۇقىغا تىكىلگەنىدى. ئەمدى بۇ بەش جۈپ كۆزگە سايىتجاننىڭ بىر جۈپ كۆزى قوشۇلۇپ ئالتە جۈپ بولدى. ھەر كۈنى بۆلۈم باشلىقى توغرىسىدا بىردەم پاراڭ بولۇپ قالاتتى. پېنسىيە يېشىغا يېقىنلاپ قالغان بۇ بۆلۈم باشلىقىنىڭ يېشى پاراڭنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولاتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ تېزرەك دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئورۇندۇقنى بىكارلىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. بۇ پاراڭ بولغاندا ئۇلارنىڭ چىرايى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرىنىڭ تېگىدە بىر - بىرىگە بولغان قىزغىنىش، ئۆچمەنلىك ئۇچقۇنلىرى پىلىلداپ تۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى ماختىشىپمۇ قوياتتى. لېكىن بۇنداق ماختاشلار پەقەت ئۆزىگە يانتاياق ئىزدەشنىلا مەقسەت قىلاتتى. «مەن ئارزۇ قىلغان يەر مۇشۇمۇ؟ - دەپ ئويلاپ قالدى سايىتجان بىر كۈنى ئەلەم بىلەن، - ئەڭ كىچىك ئەمەل ئۈچۈن بولىدىغان كۈرەش بۇنچىلىك بولىدىغان بولسا،

چوڭلىرى ئۇچۇن بولىدىغىنى قانداق شىددەتلىك بولۇپ كېتىدىغاندۇ؟»

ئۇ ئۆزىنىڭ يولنى خاتا بېسىپ قويغانلىقىنى تۇيغاندەك قىلاتتى، لېكىن زادىلا ئىقرار قىلغۇسى كەلمەيتتى. «ياق، خاتا قىلمىدىم،ـ دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ،ـ ئالدىمدا ئولتۇرغانلارنى كۆردۇم. ئۇلار گېزىت كۆرۈش، قايناقسۇ ئىچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىرنېمىلەر ئىكەن. شۇنداق بولغاندىكىن، بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئورۇندۇقى ماڭا تېگىشى كېرەك! »

سايىتجان ئۆزىگە بەرگەن مەدەتلىرىنىڭ خام خىيال ئىكەنلىكىنى بىرەر يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا بىلىپ قالدى. بۆلۈم باشلىقى: «يەنە ئۈچ ـ تۆت يىل ۋاقتىم بار» دېگەن، لېكىن يىل ئاخىرىدا ئۆزى ئىلتىماس يازمىغان بولسىمۇ، تەشكىل غەمخورلۇق قىلىپ ئۇنى پېنسىيىگە چىقىرىپ قويدى. ئىشلار شۇنداق تېز بولۇپ كەتتىكى، بۆلۈم باشلىقى بىراقلا قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ بولىدىكەن، بەزى كىشلەر پېنسىيىگە چىقسا چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، قايتىدىن ياشىرىپ كېتىدىكەن، ياشلا كۆرۈنىدىغان بەزى كىشلەر پېنسىيىگە چىققان كۈنى بىراقلا بەش ـ ئون ياش قېرىپ كېتىدىكەن.

سايىتجان بۇ ئىدارىغا كەلگەن تۇنجى كۈنى ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ غودۇرىغان قاپىقىنىڭ بېزى بار ھېلىقى خىزمەتدىشىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى ئېلان قىلىنغاندا، ئۇ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي خېلى ئۇزۇنغىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. قانداق ئىش بولۇپ كەتتى بۇ؟! ئۇ، بۇ ئىدارىغا كەلگەندىن بېرى تىنىم تاپماي ئىشلىگەندەك قىلىۋىدىغۇ. ئەمدى يوغان پاراڭدىن ئاغزى بوشىمايدىغان بۇ ئەبگانىڭ ئۈستۈرۈلگىنى قانداق بولغىنى؟ مېنى ئىدارىغا يېڭى دېيىشكەن ئوخشىمامدۇ؟ لېكىن مەن خىزمەتكە قاتناشقىلى ئون نەچچە يىل بولدىغۇ!

سايىتجان يۈرىكىنىڭ قاتتىق ئېچىشۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ يۈرىكىلا ئەمەس، ھەممىلا يېرى ئېچىشۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئىختىيارسىز يېڭى باشلىقى تەرەپكە قاراپ قويدى. يېڭى باشلىقىنىڭ سۆرۈن چىرايىنى كۈلكە قاپلىغان بولۇپ، ئىدارە باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئىنتايىن ئەستايىدىل قىياپەتتە ئاڭلاۋاتاتتى. ئەمدى ئاشۇ كىشى سايىتجاننىڭ بىۋاستە باشلىقى بولىدۇ. مەيلى ئۇنىڭ ئىچى قانچىلىك ئېچىشسۇن، ئۇنى ئوچۇق چىراي، قىزغىن مۇئامىلە بىلەن تەبرىكلەپ قويۇشى كېرەك.

شۇ كۈنى سايىتجاننىڭ ئۇدۇل ئۆيگە قايتقۇسى كەلمىدى. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ھېچبىر مەقسەتسىز ھالدا كوچا ئارىلاپ يۈردى. ئۇنىڭ تازا ئىچكۈسى، بىردەملىككە بولسىمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكۈسى كەلدى. لېكىن دۇنيادا يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشتىنمۇ ئارتۇق بىمەززە ئىش بولامدۇ! ئۇ ئوقۇغۇچىسى پەرماننجاننى ئېسىگە ئالدى. سايىتجان يېڭى ئىدارىغا كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تەبرىكلىگەچ ئېغىر مېھمان بولۇپ كەتكەن پەرمانجان خېلىدىن بۇيان يوقاپ كەتكەنىدى. ئارىلىقتا ئۇ: «خىزمەت تەكشۈرگىلى تۆۋەنگە بارىدىغان بولدۇم» دەپ تېلېفون بەرگەنلىكى سايىتجاننىڭ ئېسىدە. بەلكىم قايتىپ كەلگەندۇ.

يۆتكىلىش ئۈچۈن كەتكەن ئىككى يىلدا ئۆزىنىڭ چېگىلىقى، ھەر قېتىمدا ئۈستازىنى ئوڭدا قويغانلىقى ئۈچۈن سايىتجان ئۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن يىراقلىشالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ پەرمانجاننىڭ مەسلىھەتىگە، يول كۆرسىتىشىگە ۋە مەدەت بېرىشىگە موھتاج ئىدى. بۇ قېتىم يەنە ئۆزىنىڭ يانچۇق كولايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا كۆڭلى پەرمانجاننى تارتىپ قالدى.

ئۇلار پەرمانجاننىڭ ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ئۇلار ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا كىرىدىغان ئاشخانىغا كىردى. ھەر قېتىمقىدەك قورۇمىلارنى پەرمانجان بۇيرۇتتى، ھاراقنىڭ خىلىمۇ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولدى.

ـ چىرايىڭىز بىر قىسىملا كۆرۈنىدىغۇ، مۇئەللىم،ـ دېدى تۇنجى رومكا ھاراقنى گېلىغا ئاتقان پەرمانجان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ.

سايىتجان بېشىنى چايقاپ ئېغىر ئۇھ تارتتى:

ـ ھەي، نېمە دېسەم بولار؟ بىزنىڭ بۆلۈم باشلىقى پېنسىيىگە چىقتى.

پەرمانجاننىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ دەرھاللا ئەسلىگە كەلدى. ئىككى يىلدىن بېرى ئۆزىگە بىرەر ئەمەل تېگىشىدىن تېخىچە خەۋەر ئالالماي، چىرايىدا چاندۇرمىغىنى بىلەن ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرگەن بۇ يىگىت بۆلۈم باشلىقى دېگەن ئەمەلنى ھېسابقا ئالمىسىمۇ، بىراق ئۆز ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن

ئەمەل تەختىگە ئولتۇرۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

- ياخشى بوپتۇغۇ!- دېدى ئۇ ئۆزىنى خۇشال بولغاندەك كۆرسىتىپ،- ئۇنىڭ ئورنى سىزنىڭ بولىدۇ - دە، ئەمدى!

- تازا مېنىڭ بولغۇدەك!- سايىتجاننىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى،- ساڭا پارىڭىنى قىلىپ بەرگەن ھېلىقى بەز قاپاق ئۇنىڭ ئورۇندۇقىغا ئىگە بولدى.

پەرمانجاننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن سايىتجان ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش كېرەك.

- مۇنداق دەڭ، بۇ ئىش قاملاشماپتۇ، ناھەقچىلىق بوپتۇ،- دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە،- بىراق مۇئەللىم، بۇنىڭلىق بىلەن روھىڭىز چۈشۈپ كەتسە بولمايدۇ. دانالار بىر مەزگىل كۆمۈلۈپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. مانا، ماڭىمۇ ئىككى يىل بولۇپ قالدى، تېخىچە بىرەر خەۋەر يوق. يەنىلا روھىمنى چۈشۈرمەي يۈرۈۋاتىمەنغۇ. ھامان بىر كۈنى يالتىراپ ئوتتۇرىغا چىقىمىز. قېنى، ئىچىڭا، مۇئەللىم، پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن بىر رومكا كۆتۈرەيلى!

قىزىق ئىش، ھاراق تەسىر قىلدىمۇ ياكى پەرمانجاننىڭ تەسەللىسى پايدا قىلدىمۇ، سايىتجاننىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. لېكىن روھى كۆتۈرۈلۈش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ - دە! سايىتجان بۇندىن كېيىنكى يولنى قانداق مېڭىشى كېرەك؟

- گەپلىرىڭىزغۇ ئورۇنلۇق،- دېدى سايىتجان ئوقۇغۇچىسىغا مىننەتدارلىق نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ،- لېكىن مەن سىزنىڭدەك ياش ئەمەس، ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، پۇرسەتنى كۈتۈپ يېتىشۋەرگىنىم بىلەن بولمايدۇ - دە!

- كىم سىزنى پۇرسەت كۈتۈپ ياتسۇن دەپتۇ؟- دېدى پەرمانجان قىزىشىپ،- ھەرىكەت قىلىڭ!

- ھەرىكەت قىلىڭ؟- دەپ تەكرارلىدى سايىتجان گاڭگىرىغان ھالدا،- قانداق ھەرىكەت قىلىمەن؟

- ھەي، يەنىلا ساددا ئىكەنسىز، مۇئەللىم،- دەپ كۈلدى پەرمانجان زاڭلىق قىلىپ،- ئىدارىغا بارغاندىن كېيىن نېمىلەرنى قىلدىڭىز؟

- نېمە قىلاتتىم، باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدىم شۇ!

- مانا - مانا، مۇشۇ يېرىڭىزدىن چېنىپ تۇرمامدۇ. مەكتەپتىمۇ باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەن بولغىيدىڭىز، لېكىن ئۇلار كۆردىمۇ، ياق، كۆرمىدى. يېڭى ئىش ئورنىڭىزدىمۇ يەنە شۇنداق قىلىپ، باشقىچە يوللارنى ماڭمىسىڭىز، تەقدىرىڭىز مەكتەپتىكىدىن باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

- ئەمىسە؟

- مەسىلەن، ئىمكانىنىڭ بارىچە باشلىققا يېقىنچىلىق قىلىڭ.

- ئاشۇ بەز قاپاققىما؟ بولدى، قوي!

- ئۇنداق بولۇم باشلىقىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟!- پەرمانجان كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى،- ئىدارە باشلىقلىرى بىلەن يېقىنلىشىڭ، ئېپى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئۇستىدە بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى يەتكۈزۈپ ئۆزىڭىزنىڭ ساداقەتمەنلىكىڭىزنى ئىپادىلەڭ. ئۇلارنىڭ ئانچە - مۇنچە شەخسىي ئىشلىرى چىقىپ قالسا، ئايىغىڭىزنى يېنىك قىلىڭ. قىلمەنلا دېسىڭىز ھەرىكەت دېگەن تولا، ھا - ھا - ھا...

سايىتجان ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى.

## 8. كۆرىمىزغۇ تېخى!

سايىتجاننىڭ كۈنلىرى ئىچى تىتىلداش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ھەر كېچىسى شۇنداق تاتلىق چۈشلەرنى كۆرەتتى. ھەر قېتىمدىلا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىگە، يەنى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى، ئۇنىڭ ئاجايىپ قابىلىيىتى ۋە يارقىن تۆھپىلىرىگە ئاساسەن دەرىجە ئاتلىتىپ بىراقلا باشقارما باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى، بەز قاپاق ۋە باشقىلارنىڭ پايپېتەك بولۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتى. ئۇھ، تۇرمۇشمۇ مۇشۇ چۈشلەردەك گۈزەل بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! لېكىن، چۈش ھەرىبىر چۈش. سايىتجان ھەر كۈنى سەھەردە ناھايىتى روھلۇق ئويغانغىنى بىلەن، بۇ ئويغىنىشنىڭ ئاخىرى تولىمۇ ئازابلىق بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئويغىنىپلا كېچىچە پەقەت چۈش كۆرگەنلىكىنى، كۆرگەنلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆرەتتى. ئادەم دېگەننىڭ سەۋر - تاقىتىمۇ چەكلىك بولىدۇ - دە! مانا يېڭى خىزمەت ئورنىغا كەلگىنىگە بىر يىل بولاي دەپ قالدى. تېخىچە بىرەر ئىشتىن شەپە يوق. يا ئىدارە باشلىقلىرى بىلەن يېقىنلاشقۇدەك ئىمكانىيەت يوق. ئۇلار ئىدارىدىكى چاغلىرىدا دۇنيانىڭ جىمى يۈكىنى يەلكىسىگە ئېلىۋالغاندەك ئالدىراشلا يۈرەتتى.

لېكىن بۇنداق چاغلارمۇ كۆپ بولمايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچە ۋاقتى بىرى كەلسە بىرى مېڭىش، ھەر دائىم قاياققىدۇر يىغىنغا، يەنە قاياققىدۇر كاماندىروپكىغا بېرىش ئۈچۈن ماشىنىلىرىنى گۈرۈلدىتىش بىلەن ئۆتەتتى. سايىتجان بەزىدە بۇ باشلىقلارنىڭ ۋەزىپىسى مەخسۇس يىغىنغا قاتنىشىش ۋە كاماندىروپكىغا چىقىشلا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئارقىدىن ئۇ: «بىر كۈنلەر كەلگەندە مەنمۇ مۇشۇنداق قىلىپ يۈرىمەن» دەيتتى، شۇ كۈنلەردىكى شۇ ئىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقاتتى. لېكىن ھەرقانچە تىرىشسىمۇ كۆز ئالدىدا تۈزۈك بىر كۆرۈنۈش زاھىر بولمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئېغىر خورسىنىپ: «يەنىلا چۈشلىرىم ياخشىكەن» دەپ قالاتتى. چۈنكى ئۇ ئۆڭىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكچى بولغانلىرىنى چۈشىدە كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالايتتى.

بىر كۈنى، ئىدارە ئىچىدە ئىدارە باشلىقىنىڭ قىزىنىڭ توي قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ قالدى. بۇنى ئاڭلاپ سايىتجان پەيت كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە بۇ خەۋەرنى ئايالىغا يەتكۈزۈۋىدى، ئۇمۇ خۇش بولۇپ كەتتى.

- تويغا قۇرۇقلا دەپ ئەھۋال سوراپ بۈگۈن كەچ بېرىپ قويايلى، - دېدى ئايالى تېتىكلىشىپ.

- مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، - دېدى سايىتجان گەجگىسىنى قاشلاپ قويۇپ، - لېكىن تويغا يەنە ئىككى ھەپتە ۋاقىت بار ئىكەن. بۈگۈن كەچ بارساق بالدۇرلۇق قىلماسمۇ؟

- نېمىگە بالدۇرلۇق قىلغۇدەك! - دېدى ئايالى كىيىملىرىنى يۆتكىگەچ، - قانچە بالدۇر بارساق شۇنچە ياخشى. ئەتە - ئۆگۈن بارىدىغانلار كۆپىيىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەيلا قالىدىغان گەپ. بالدۇر بارغانىنىڭ بالدۇر بارغانچە ئىززىتى بولىدۇ. چاققان مېڭىڭلار، پېچىنە دۇكىنىدىن بىرنەچچە خىل پېچىنە ئېلىپ داستىخان قىلىپ بارايلى.

سايىتجان يەنە ھاياجانغا چۆمۈلدى، خىياللىرى يەنە يېقىن كەلگۈسىدىكى گۈزەل ئىستىقبالغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇلار ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپلا ئۆزلىرىنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىنى بىلدى. چۈنكى، ئۆي ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭلار بۇ ئۆيگە نۇرغۇن ئادەم كېلىپ بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئەلەم بىلەن بىر - بىرىگە قاراشتى. لېكىن كەلگەندىكىن قايتىپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق، كىرىش كېرەك. كىم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى باشلىقنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋېتەمدۇ تېخى!

باشلىقنىڭ مېھمانخانا ئۆيى ئىدارىدىكى باشقارما باشلىقلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، يەنە تېخى سايىتجاننىڭ بەز قاپاق بۆلۈم باشلىقى، يەنە بىرنەچچە بۆلۈم باشلىقلىرىمۇ ئولتۇراتتى. لېكىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆزى كۆرۈنمەيتتى. ئۆيدىكىلەر سايىتجان ۋە ئايالى بىلەن مۇنداقلا سالاملىشىپ قويدى. بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدە زاڭلىق قىلىش، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدە مەنسىتمەسلىك، يەنە بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدە قىزغىنىش ئارىلاش ئىستىھزا ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. سايىتجاننىڭ ئايالىنىڭ قولىدىكى داستىخاننى ئالغاندا ئىدارە باشلىقىنىڭ مۇز چىراي ئايالى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا رەھمەت ئېيتىپ قويدى. بۇلارنى كۆرگەن سايىتجان ھودۇقۇپ قالدى، ئايالى كۆرمىگەنگە سېلىپ بىرمۇنچە ياغلىما سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئادەتتە ئاپتوماتتەك ئېتىلىپ تۇرىدىغان بۇ ئايالمۇ تەمتىرەپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئون بەش مىنۇتچىمۇ ئولتۇرالماي، ئۆيدىن چىقىشتى.

ئۇلار يول بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماي ئۆز خىيالى بىلەن مېڭىشتى. ئىككىيلەننىڭلا كەيپىياتى تۆۋەن ئىدى. توۋا، بەزى ئادەملەر تەلەيىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپمۇ كەتمەيدىكەن، لېكىن تەلەي ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپلا يۈرىدىكەن. ئەمما بىزنىڭ سايىتجان تەلەيىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ يۈرۈپ ھالىدىن كېتەي دېدى. لېكىن تەلەيىنىڭ ئۇنىڭدىن قاچقىنى قاچقان! بۇ زادى نېمە قىسمەتتۇر؟! يا سايىتجان ئۆزىنى دوملە باستۇرىدىغان بىرەر قاملاشمىغان ئىشنى قىلىپ قويغان بولغىيمىدى؟ سايىتجان ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇنداق ئىشتىن بىرەرىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى.

- بىر - بىرىدىن ماز پايىنەك بىرنېمىلەر-كەن! - ئۆيگە يېقىن كەلگەندە سايىتجاننىڭ ئايالى يېرىلدى، - بىرنېمىسىنى تارتىۋالىدىغاندەك قىزغىنىشىپ كەتكىنىنى! ئۇلارنىڭ شۇ قىلغىنىغا بولسىمۇ، بىر ئامال قىلىپ ئالدىغاننى

ئالمىساڭ بولمىغۇدەك!

سايىتجان ئۈنچىقمىدى.

— ئىدارە باشلىقى دېگەن بىرنېمىمۇ يوق ئىكەن، — ئەزۋەيلەشنى داۋاملاشتۇردى ئايال، — ئاۋۇ مۇز چىراي خوتۇن بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئۇنىڭغا دەمدۇ، دېمەمدۇ، بۇنى كىم بىلىدۇ!

سايىتجان يەنە زۇۋان سۈرمىدى. شۇ تاپتا ئۇ نېمە دېيىشىنىمۇ بىلمەيتتى. ئاران كەلگەن بىر ئامەتنىڭ قاراپ تۇرۇپ قېچىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى، ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى.

— بولدى، تويدا ئۇبدانراق خىزمەت قىلىپ، ئۆزۈڭنى بىر كۆرسىتىپ قويارسەن ئەمدى. ئۇ چاغدىمۇ باشلىق بىر ياققا كېتىپ قالماس، — دېدى ئايالى ئۆزىگىمۇ، ئېرىگىمۇ تەسەللى بېرىپ.

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتكەندە، سايىتجاننىڭ باشقارما باشلىقى ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ:

— باشلىق ئېيتتى، چىرايلىقراق بىرەيلەنگە باغاقلارنىڭ يازدۇرغىن دېگەنىدى، — دېدى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان مىڭدەك باغاقنى كۆرسىتىپ، — ئويلاپ باقسام، ئىدارىمىز بويىچە سىزنىڭ خېتىڭىز ھەممىدىن چىرايلىق ئىكەن، سىز يازسىڭىز مۇۋاپىق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. قانداق، ۋاقتىڭىز چىقامدۇ؟

سايىتجان ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغىنىدا قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن دەماللىقتا قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي قالدى. باشقارما باشلىقى ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىنى، ھالىتىنى كۆرۈپ خۇشياقمىدى دەپ قالدى بولغاي، قاپىقىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە ۋاقتىم چىقىدۇ، — ئاخىر زۇۋانغا كەلدى سايىتجان تەمتىرىگەن ھالدا، — ئىشەنگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت! مەن ئەتە ئەتىگەنگىچە ھەممىسىنى يېزىپ تەق قىلىپ بولىمەن!

— بەك ئالدىراپ كېتىپ باغاقنى بوياپ قويسىڭىز ياكى زايا قىلىۋەتسىڭىز بولمايدۇ. بۇ ئىشنى ئۆگۈنلۈككىچە پۈتتۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، كۆڭلىڭىزدىكىدەك پۈتتۈرىمەن!

باغاق ۋە تىزىملىكنى باغرىغا بېسىپ كۆتۈرۈۋالغان سايىتجان ئارقىچىلاپ مېڭىپ باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقتى. ئۇ كارىدوردا كېتىۋېتىپ، ئۆزىنى مېڭىۋاتقاندەك ئەمەس، ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. توۋا، تەلەي دېگەن ماڭا ئۆزلۈكىدىن چىراي ئاچىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكىنە! باشقارما باشلىقىغا رەھمەت، شۇنچە چاغدىن بېرى مېنى بىرەر قېتىم ماختاپ قويمىغىنى بىلەن، مېنىڭ قابىلىيەتلىك كادىر ئىكەنلىكىمنى بىلىدىكەن ئەمەسمۇ. بۇمۇ بىر ياخشى باشلىنىش!

سايىتجان ئىشخانىسىغا كىرىپلا ئىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ باغاقلارنى ئۈستىلىگە دۆۋىلەپ قويۇپ، تىزىملىكنى ئاچتى ۋە ئاۋايلاپ يېزىشقا كىرىشتى.

— ھۆكۈمەتنىڭ ئىش ۋاقتىدا شەخسىي ئىش قىلساق بولمايدۇ جۇمۇ!

سايىتجان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالدىدا ھومىيىپ تۇرغان بەز قاپاقنى كۆردى. قانداق ئىشكەنتاڭ، بەز قاپاق سايىتجاننىڭ ئىشلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەپلا يۈرەتتى. سايىتجان ئۇنى باشلىق بولۇشقا قىلچە سالاھىيىتى يوق دەپ قارايتتى. «قولىدىن ئىش چىقمايدىغان، قىلىدىغان ئىشىنى خۇددى ئاتا - ئانىلار بوۋاقلارنىڭ كۆتىنى سۈرتكەندەك تازىلاپ تۇرمىسا بولمايدىغان بۇ ئادەم قانداقمۇ باشلىق بولالىسۇن» دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئەمەل دېگەن ئاجايىپ نېمە ئىكەن. ئەڭ دۆت ئادەممۇ ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ھامان، بىردىنلا ئەقىللىق بولۇپ كەتكەندەك بولۇپ كېتىدىكەن. چۈنكى ئەڭ بىمەنە ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئىكەن، يوللۇق ھېسابلىنىپ، قول ئاستىدىكىلەر ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. بىر يىلدىن بۇيان شۇنداق بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆلۈمدىكى بەشەيلەننىڭ قىلغان ئەجرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولۇپ قالاتتى.

سايىتجان بەز قاپاقنىڭ قۇسۇر ئىزدەشلىرىدىن قورقىسىمۇ، بىراق ئۆزى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بەزىدە بىر خىل راھەتلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمۈپ قالاتتى.

— خاپا بولماڭ، — دېدى سايىتجان ئۆزىنى ئوڭايسىزلانغان قىياپەتكە سېلىپ، — بۇ بەك

ئالدىراش ئىش ئىكەن، باشقارما باشلىقى تاپشۇرغاندى، ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ ئىشى ئىكەن.

بەز قاپاقنىڭ چىرايى ئاۋۋال قىزىرىپ، كەينىدىن تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئىمىنىدۇر دېمەكچى بولدى - يۇ، گېلىغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك قاقىلىپ كەتتى.

- شۇنداقمۇ؟- بەز قاپاق بىرھازادىن كېيىن زۇۋانغا كەلدى،- بالدۇرراق دېسىڭىز بولمامدۇ! ئاز باغاق ئەمەس ئىكەن، يالغۇز جاپا تارتىپ قالىسىز. قېنى، ماڭىمۇ بېرىڭ، تەڭ قىلايلى بۇ ئىشنى!

سايىتجان بىر قولىنى باغاق دۆۋىسىگە، بىر قولىنى تىزىملىكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ:

- بولدى، ئۆزۈم بىر قوللۇق پۈتتۈرۈۋېتەي،- دېدى بىر خىل ئەستايىدىل قىياپەتتە،- باشقارما باشلىقى شۇنداق دېگەنىدى. ئىدارە باشلىقى باغاقلارنى ئىدارە بويىچە خېتى ئەڭ چىرايلىق كىشى يازسۇن، دەپتىكەن.

بەز قاپاق تۇگىشىپلا كەتتى. بىر يىللىق دەردىنى بىراقلا ئېلىپ پوخادىن چىققان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ باشقارما باشلىقىغا ياراپ قالغانلىقىنى، پات ئارىدا ئىدارە باشلىقىنىڭمۇ نەزىرىگە ئىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىۋالغان سايىتجان قاتتىق ئوسال بولغان بەز قاپاقنىڭ چىرايىغا قاراپ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا توختىتىۋالدى - دە، يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئۇ شۇ كۈنى خېلى كەچكىچە ئۆيىگە قايتمىدى. بىر چاغدا ئۇ ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ قاتتىق تالغانلىقىنى، قورسىقىنىڭ كۈركىراۋاتقانلىقىنى سەزدى. «قالغىنىنى ئۆيگە ئاپىرىپ يازاي، ئىشقىلىپ بۈگۈن كېچە تۈگىتىمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە باغاقلارنىڭ ئاق قەغەزگە ئاۋايلاپ ئوراپ سومكىسىغا سالدى - دە، ئاللىقانداق بىر كۈيگە غىڭشىغىنىچە ئىشخانىدىن چىقتى.

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىگە، ئۇنىڭ كەيپ ئەمەسلىكىنى تۇيۇپ قالغان ئايالىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتتى:

- ئۆينى تېپىپ كېلەلىدىڭمۇ ئەبگا! شۇ چاغقىچە نەدە يۈردۈڭ؟ بىرەرىنى تېپىۋالدىڭمۇيا؟ ۋايىنەي، بىرەرىنى تېپىۋالدىڭمۇ دەپ كېتىۋاتىمەنغۇ مەن! سەندەك يارىماسقا كۆزى چۈشىدىغان مەندەك ئەخمەق خوتۇندىن يەنە بىرى نەدە تۇرۇپتۇ...

- كەيپىمنى بۇزما، خوتۇن، كەيپىمنى بۇزما،- دېدى سايىتجان كۈلۈپ،- نەدە يۈرەي، شۇ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشى بىلەن بولمامدۇ!

ئايالىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

- نېمە دېدىڭ، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشى بىلەن؟ چاققان دېگىنە، نېمە ئىشى بار ئىكەن سەندە!

- نېمە ئىشى بولاتتى، توينىڭ ئىشى بولمامدۇ،- دېدى سايىتجان سومكىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ،- باغاق يېزىشنى ماڭا تاپشۇرۇپتۇ.

قاتتىق ھاياجانغا چۆمۈلگەن ئايال ئالدىراپ سايىتجاننىڭ سومكىسىنى ئالدى ۋە ئىچىدىكى باغاقلارنى ئېلىپ كۆرۈپ:

- توۋا، بىزگە مۇشۇنداق كۈنلەرمۇ كېلىدىكىنە!- دەۋەتتى.

سايىتجان ئەتىگەن سائەت ئۈچكىچە ئىشلەپ باغاق يېزىش ئىشىنى پۈتتۈردى. ئايالىمۇ ئۇخلىماي ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ بىردەم چاي دەملەپ ئەكىلەتتى، بىردەم قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ دەپ سوراپ قوياتتى. تېخى بەزىدە سايىتجاننىڭ پېشانىسىدە تەپچىرەۋاتقان تەرلەرنى سۈرتۈپ قوياتتى. ئۇلار ئارىدا بىرەر - يېرىم ئېغىز گەپ قىلىشقاندىن باشقا ھېچنېمە دېيىشمىدى. ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ خىيالى بىر خىل ئىدى.

سايىتجان تاڭ سەھەردە ئازراقلا ئۇخلىۋالدى. ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن ھەم ئۇزۇن، ھەم گۈزەل بولدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە سايىتجان ئىدارە باشلىقى بىلەن كارىدوردا دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئادەتتە سايىتجاننىڭ ئېگىلىپ بەرگەن سالاملىرىغا بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان سۈرلۈك ئىدارە باشلىقى بۇ قېتىم توختاپ:

- سايىتجان، رەھمەت، باغاقلارنى كۆڭۈلدىكىدەك تەييارلاپسىز،- دېدى ۋە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

سايىتجان «سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇش

مەن ئۈچۈن شەرەپ» ياكى «بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم» دېگەندەك سۆزلەردىن بىرىنى قىلماقچى بولدى - يۇ، دەماللىققا قايسىسىنى دېيىشنى بىلەلمىدى. ئاڭغىچە باشلىق يىراقلىشىپ كەتتى. سايىتجان ئەپسۇسلاندى، لېكىن دەرھاللا باشلىقنىڭ ئۆزىگە رەھمەت ئېيتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ بۆلەكچە ھاياجانلاندى. ئۇھ خۇدا، مېنىڭ قىلغانلىرىمنى كۆرىدىغان كۈنۈڭمۇ بولىدىكەن - ھە!

سايىتجان ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئىدارە باشلىقىنىڭ رەھمەت ئېيتقاندا دېگەن سۆزلىرىنى خاتىرىسىگە چىرايلىق قىلىپ يېزىپ قويدى، چىسلا ۋە رەھمەت ئېيتىلغان سائەت، مىنۇتلارنى يېزىپ قويۇشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى.

سايىتجان ئەر - خوتۇن ئىدارە باشلىقىنىڭ تويىغا خۇددى ئۆزلىرى توي قىلىدىغاندەكلا تەييارلىق قىلىشتى. سايىتجان ئۈچ يىلدىن بۇيان كىيىپ كېلىۋاتقان كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى تاشلاپ يېڭى كاستۇم - بۇرۇلكا ئالدى. ئۇنى كىيىپ بېقىۋىدى، ئۇنىڭغا خېلى ئىسكەت كىرىپ، ئايالىغىمۇ ئىسسىق كۆرۈنگەندەك بولدى. ئايالىمۇ بىر قۇر قىممەت باھالىق كىيىم سېتىۋالدى. ئۇ: «ئەگەر مۇشۇ كىيىمىمنىڭ ئۈستىگە تويغا قارىشىدىغانلار تارتىدىغان پەرتۇقتىن بىرنى تارتىۋالغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى!» دەپ ئارزۇ قىلىپ ئۇھ تارتىپمۇ قويدى.

توي ئەتىگىنى سايىتجان رېستورانغا بالدۇرلا كەلدى. لېكىن رېستورانغا كىرىپلا كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئىشىككە يېقىن يەردە ئىدارە باشلىقى، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئىدارىنىڭ باشقا باشلىقلىرى، باشقا بىرمۇنچە ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى، يەنە ئىدارىسىدىكى باشقارما باشلىقلىرى بولۇپ يىگىرمە - ئوتتۇزدەك ئادەم قاتار ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭغا بۇ قاتاردىن ئورۇن تېگىدىغاندەك ئەمەس. توي رېستوراندا بولۇۋاتقاچقا مېھمانلارغا چاي قۇيۇش، تاماق توشۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى كۈتكۈچىلەردىن ئاشمايتتى. قارىغاندا سايىتجاننىڭ ئىدارە باشلىقى ئۈچۈن قىلىدىغان خىزمىتى باغاق يېزىش بىلەنلا تامام بولغان ئوخشايدۇ. سايىتجان توي ئۈچۈن مەرىكە زالىنى ئىجارىگە ئالمىغان ئىدارە باشلىقىنى كۆڭلىدە تىللاپ قويدى. لېكىن نېمە ئامال؟

سايىتجان ئولتۇرغانلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا قىستالدى.

- قېنى، سايىتجان، داستىخانغا بېرىپ ئولتۇرۇڭ، - دېدى يېنىدا تۇرغان بىر باشقارما باشلىقى ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرغانلىقىنى ياقتۇرمىغاندەك قىياپەتتە.

- بولدى، بىردەم بۇ يەردە تۇرۇشۇپ بېرەي، - دېدى سايىتجان ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلماي. ئۇ باشقارما باشلىقىغا توينىڭ كاتتا باشلانغانلىقى توغرىسىدا سۆز باشلىۋىدى، باشقارما باشلىقى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ تەتۈر قارىۋالدى. سايىتجان ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

ئارىدىن ئانچە ئۆتمەي، ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئۆزىنىڭ باشقارما باشلىقى يېتىپ كەلدى - دە:

- سايىتجان، داستىخانغا بېرىڭ، - دېدى.

سايىتجان ئۇنچە ئەقىلسىز ئەمەس ئىدى. ئىككى باشقارما باشلىقىنىڭ تەكلىپىدىن بىر نەرسىنى تۇيۇپ قالدى: ئەسلىدە ئىدارە باشلىقىغا ھەمراھ بولۇشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىمۇ باشقارما دەرىجىلىك بولۇشى كېرەك ئىكەن - دە!

سايىتجاننىڭ ئىچى ئاچچىق بولدى، زەردىسى قايىندى. بىراق بۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى؟ ئۇمۇ ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، ئەڭ مۇھىمى سالاھىيىتىنى بىلىپ بۇ يەردىن يوقىلىشى كېرەك - تە!

سايىتجان بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدىكىلەرنى كۆرۈپ قالدى - دە، شۇ ياققا قاراپ ماڭدى.

- نېمە بولدى؟ پۇتىڭىز ئاغرىپ قالدىمۇ؟ - دېدى بەز قاپاق ئۇنىڭ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، - بىر دەمدىلا يېنىپ كەلدىڭىزغۇ، خۇشامەتچىنىڭ جىقلىقىدا سىزگە ئورۇن تەگمەپتۇ - دە!

سايىتجان زەھەرخەندىلىك بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرگە جاۋاب قايتۇرمىدى، جاۋاب قايتۇرغۇدەكمۇ ماجالى يوق ئىدى.

- بولدى قىلىڭلار، - دېدى بىرى كۈلۈپ، - سايىتجاننىڭ ھالىنىڭ خارابلىقىنى

كۆرمىدىڭلارمۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى يەنە بىرى، — سىلەرمۇزە «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىپ. . . بولدى، بايىقى گەپنىڭ ئاخىرىنى قىلىڭلار.

— بولدۇ، — دېدى بەز قاپاق پىخىلداپ كۈلۈپ، — سايىتجانمۇ كېلىپ قالدى، گەپنى باشتىن باشلىغىنىم تۈزۈك. بىزنىڭ يۇرتتا بىر ئاغىنىمىز بولىدىغان. ئۇنىڭغا نېمە كوي كىرىپ قالغان، ئۇقمىدىم، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بۇياققا چىقىپتۇ. نېمىگە چىقتىڭ دېسەم، يۇرتتىن زېرىكتىم، ھەرقايسىڭلار بۇ يەردە ئىشلەيدىكەنسىلەر، مۇمكىن بولسا مەنمۇ ئىشلەپ قالسام دەيدۇ. ئۇنىڭ يولىنى مەن قانداق مېڭىپ بولاي، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىپ، قولۇمدىن كەلمەيدۇ دېدىم. ئۇ شۇ خاپا بولغىنىچە ئىككىنچىلەپ ئۆيۈمگە ياندىشمىدى. لېكىن ئۇ ئىككى يىل يول مېڭىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئىشنى ھەل قىلىپتۇ. بايا گەپ شۇ يەرگە كەلگەنىدى دەيمەن. ئاخىرى نېمە بولدى دېمەمسىلەر، بۇ يەردە بىر مۇنچە ئادەمنى ئىشقا سېلىپ ئاران يۆتكىلىپ چىققان بۇ ئاغىنە ئىككى ئاي ئۆتمەيلا قايتىپ كېتىپ، يەنە ئاللىقاچان باشقىلار ئىگىلەپ بولغان بۇرۇنقى ئىشخانىسىغا، يەنە كېلىپ بۇرۇنقى ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇۋاپتۇ.

— ۋاھ، نېمىشقا ئەمدى؟!

— نېمىشقا بولاتتى، ئۇ بېچارىنىڭ باشلىق بولغۇسى بار ئىكەن. باشلىق بولسامۇ بولاي، ئەمما چوڭ شەھەرگە بېرىپ تۈزۈك باشلىق بولاي دەپ يۆتكەلگەنىكەن. بۇ يەردىكى ئىدارىسىغا قاراپ باقسا، ئۇنىڭدىن قابىلىيەتلىكلەر، ئۆسۈشنىڭ كويىدا يۈرگەنلەر سامانەك بولغاندىكىن، ئۆزىگە سەپ تەگمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، «ئاللا يارىم»نى ئېيتقان گەپ.

سايىتجاندىن باشقىلىرى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. سايىتجان بۇ ھېكايىنىڭ ئۆزىگە قىلىنغان دارىتما ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بىراق ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟

بۇ توي سايىتجان ئۈچۈن كۆڭۈلسىز بىر ئەسلىمە قالدۇردى. لېكىن ئۇنى بىرلا نەرسە، يەنى ئىدارە باشلىقىنىڭ رەھمەت ئېيتقانلىقى ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇراتتى. خەق نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۇن. سايىتجان مەقسىتىگە يېتىپ باقسۇن، قېنى كىم ئۇنىڭ يۈزىدىن يۈزىگە بۇنداق دارىتمىلاشلارنى قىلالايدىكىن. ئۇ قولىدا ھوقۇق بولمىغاچقىلا بۇ كۈنگە قېلىۋاتىدۇ. خەير، خۇدايىم بېرەر، كۆرىمىزغۇ تېخى!

## 9. سەپەر سوغۇق كەلدى

«كۆرىمىزغۇ تېخى!» دېگەن گەپنى قىلىش ئاسان بولغىنى بىلەن كۆرگۈسى كېلىدىغان نەرسىنى كۆرۈش ئاسان ئەمەس. سايىتجان ئىدارە باشلىقىنىڭ تويىدا ئاچچىق يۇتۇپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىدە شۇ گەپنى قىلغىنى بىلەن، ئايلار ئەمەس، يىللارمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بىراق ئىشلار يەنە بۇرۇنقىدەكلا بىر خىلدا داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا يا خۇدانىڭ، يا باشلىقلارنىڭ نەزەرى چۈشمىدى. ئۆتكەندە ئۇ غەيرەتكە كېلىپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ باققانىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاغزى غەيۋەتتىن بوشىمايدىغان بەز قاپاق بەزى - بەزىدە ئىدارە باشلىقىنىڭ غەيۋىتىنىمۇ قىلىپ قوياتتى. سايىتجان بۇ قېتىم مۇشۇ ئىشنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغانىدى.

ئىدارە باشلىقى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ھېچبولمىغاندا سايىتجانغا شۇنداقراق تۇيۇلدى. بۇنداق مۇئامىلە سايىتجاننىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن تۇنجى قېتىم ئىدارە باشلىقىنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەن سايىتجان قاتتىق تەمتىرەپ كەتكەنلىكتىن خېلى ئۇزۇنغىچە گېپىنى تاپالماي پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— خوش، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى ئىچى پۇشقان ئىدارە باشلىقى ئورنىدا بىئاراملىق بىلەن مىدىرلاپ قويۇپ.

سايىتجان ئۆزىگە مەدەت بەردى، بۇ يەرگە كىرگەندىكىن، دەيدىغىنىمنى دېمىسەم، باشلىقنىڭ نەزىرىدىن تېخىمۇ چۈشۈپ كېتىمەن دەپ ئويلىدى.

— چوڭ ئىشقۇ يوق، — دېدى سايىتجان بېشىنى سەل - پەل كۆتۈرۈپ، — بۇرۇنلا كىرەي دېگەن، شۇ . . . ئەمدى . . . مەن بىزنىڭ بۆلۈمدىكى ئىشلار توغرۇلۇق كىرگەنىدىم . . .

— ھە، بۆلۈمنىڭ ئىشىمىدى، — دېدى

باشلىق كېكىردىكىنى قىرىپ قويۇپ،- بۆلۈملەرنىڭ ئىشنى باشقارما باشلىقلىرى تۇتىدۇ. بىرەر ئىش بولسا باشقارما باشلىقىڭىزنى ئىزدەڭ. ئالاھىدە ئەھۋال بولسا باشقارما باشلىقى ماڭا ئەھۋالنى ئېيتار.

سايىتجاننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى تويدا ئىدارە باشلىقىنىڭ يىنىدا ئولتۇرغانلار يادىغا كەلدى. ھە، ئەسلىدە ئۇنىڭ دەرىجە ئاتلاپ بۇ يەرگە كىرمەسلىكى، ئالدى بىلەن باشقارما باشلىقىنى ئىزدىشى كېرەك ئىكەن - دە! لېكىن دېمەكچى بولغانلىرىنى باشقارما باشلىقىغا قانداقمۇ ئېيتالىسۇن؟ كىم بىلىدۇ، بۇ گەپلەرنى قىلسا، باشقارما باشلىقى بۇ ئادەم مېنىمۇ ئىدارە باشلىقىغا چاقىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن - دە. ئەگەر ئۇ شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالىدىغان بولسا، خۇدا ساقلىسۇن، سايىتجاننىڭ كۈنى تېخىمۇ بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ!

سايىتجان چېقىمچىلىق قىلىشنىڭمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. بۇنىڭدىمۇ دەرىجە بويىچە ئىش قىلىش كېرەك ئىكەن.

- ماقۇل ئەمىسە،- دېدى سايىتجان ئورنىدىن تۇرۇپ،- مەن باشقارما باشلىقى بىلەن كۆرۈشەي. سىلىنى ئاۋارە قىلدىم.

شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ سايىتجان چېقىمچىلىقىنىمۇ قاملاشتۇرالماي قالدى. ئۇ ئەمدى نېمە قىلسۇن؟ ئۇنىڭغا قالغىنى يەنە گۈزەل چۈشلەرنى كۆرۈش، خۇدانىڭ بەلگىلەپ قويغان ۋاقتى - سائىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

بىر كۈنى باشقارما باشلىقى ئۇنى چاقىرىپ بىر ئىشقا بۇيرۇپ قالدى.

- سايىتجان،- دېدى ئۇ،- پەسكە چۈشسىڭىز شوپۇر بار، ماشىنا بىلەن غاچچىدە بېرىپ ئىشنى پۈتتۈرۈپ كېلىڭ.

سايىتجان يۈگۈرگەندەك مېڭىپ بىنانىڭ ئالدىغا چىقتى. باشقارمىنىڭ شوپۇرى باشقا شوپۇرلار بىلەن قارتا ئويناپ ئولتۇراتتى.

- تېزرەك بولۇڭ،- دېدى سايىتجان ئالدىرىغان قىياپەتتە،- سىرتقا چىقىپ كېلىدىغان بولدۇق.

شوپۇر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. قارىغاندا ئۇ قارتا ئويۇنىدا تولا يېڭىلىپ جىلە بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. سايىتجان يەنە بىردەم ساقلاپ تۇردى. شوپۇرلار يەنە بىر قېتىملىق ئويۇنغا تۇتۇش قىلدى. سايىتجان ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

- بولدى قىلىڭ،- دېدى ئۇ ئالدىرىغان ھالدا،- ئىش بەك ئالدىراش، ئويۇن دېگەننى قايتىپ كېلىپ ئوينىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ.

- ئىشىڭنى قىلغىناۋاي، ما قېرى!- شوپۇر بىردىنلا ئۆكىدى،- ماڭا بۇيرۇق قىلمىغان سەن قالغانمىدىڭ!

سايىتجاننىڭ غەزىپى ئۆرلىدى، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ يا شەخسىي ئىشى ئەمەس، يەنە كېلىپ بۇ ئىشنى باشقارما باشلىقى بۇيرۇغان تۇرسا! ئۇنىڭمۇ ئاغزىنى بۇزغۇسى، مۇشتتەك تۇرۇپ دادىسىدەك ئادەمگە ھاقارەت قىلىۋاتقان بۇ ھارامزادىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويغۇسى كەلدى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ بىردەم ئالنىيىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئارقىغا بۇرۇلدى - دە، بىناغا كىرىپ كەتتى.

سايىتجان ئەھۋالنى باشقارما باشلىقىغا ئېيتتى. ئۆزىنىڭ خىيالىدا باشقارما باشلىقى شوپۇرنى چاقىرىپ چىقىپ تازا كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ موللام مۈشۈك بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. كۈتمىگەندە باشقارما باشلىقى كۈلۈپ كەتتى:

- شۇنداق قىلدىمۇ؟- دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ،- بولدى، سىز ئىشخانىڭىزغا چىقىۋېرىڭ، بۇ ئىشنى كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلى.

سايىتجاننىڭ ئىچى ئاچچىق بولدى. تۇۋا، باشقارما باشلىقىنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ چوپچوڭ بىر ئادەم قاراپ تۇرۇپ ھاقارەتلەنسە، ئىككى ئېغىز لىللا گەپمۇ قىلىپ قويمىغىنىنى قارىمامدىغان! بۇنداقمۇ ئادالەتسىزلىك بولامدۇ؟!

سايىتجان دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ قايتىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەن نەچچە يىلدىن بۇيان بىرەر قېتىم بەز قاپاقنىڭ سۆزىنى كۆڭلىدە ماقۇل كۆرۈپ باقمىغانىدى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىر گېپىنى راست دەپتىكەن دەپ قالدى. بىر قېتىم باشلىقلار توغرۇلۇق پاراڭ بولۇپ قالغاندا، بەز قاپاق:

«باشلىق ئىككى ئادەمدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ بىرى خوتۇنى، يەنە بىرى شوپۇرى» دېگەنىدى.

ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن، سايىتجاننىڭ قولى زادىلا ئىشقا بارمىدى. ئۇ راستتىنلا ئازار يېگەن، بۇ ئىشتىن قاتتىق رەنجىگەنىدى. مۇبادا ئۇ باشلىق بولغان بولسا بۇنداق كۆڭگە قالارمىدى. هەي هوقۇق، ئىگىسىنى تونۇمايدىغان ئەقىلسىز هوقۇق!

بىر چاغدا شوپۇر ئىشخانىغا ئېتىلىپ كىردى - دە، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان سايىتجاننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئورۇندۇقىدىن يۇلۇپ تۇرغۇزدى ۋە بىرنەچچىنى سېلىۋەتتى. تۇيۇقسىز قىلىنغان هۇجۇمدىن ئېسىنى يوقاتقان سايىتجان يا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشنى، يا قول ياندۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنى قانغا بويالدى. ئاڭغىچە ئىشخانىدىكىلەر هاي - هايلىغىنىچە يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ شوپۇرنى بىر ياققا تارتتى.

- نېمە ئىش بۇ، ئۇكام، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟! - دېدى بىرەيلەن شوپۇرغا كايىپ.

- نېمە ئىشلىكىنى ماۋۇ قېرى لاتىدىن سوراڭلار، - دەپ هۆركىرىدى شوپۇر سايىتجانغا قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، - هۇ شوۋىچى، سەن تېخى مېنى باشلىققا چاققۇدەك بولدۇڭمۇ؟ قاراپ تۇر، تىلىڭنى سۇغۇرۇپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويمايدىغان بولسام.

سايىتجان تېخىچە ئېسىگە كېلەلمىگەنىدى. ئۇ: «مەن نېمە قىپتىمەن؟ مەن نېمە قىپتىمەن؟» دېگەن سۆزنى تەكرارلاشتىن باشقا هېچنېمە دېيەلمىدى. ئىشخانىدىكىلەر شوپۇرنى ئىتتىرىپ - سۆرەشتۈرۈپ دېگەندەك چىقىرىۋەتتى.

بۇ قېتىمقى «قانلىق ۋەقە» دە سايىتجاننىڭ قاپىقى يېرىلغان، كۆزىگە قان چۈشكەنىدى. ئۇ بىر هەپتىگىچە ئىشقا كېلەلمىدى. بۇ قېتىم ئۇ بۇ ئىشنى زادىلا ئىچىگە يۇتۇۋېتەلمىدى. «مەن نېمە گۇناھ قىپتىمەن؟ - دەيتتى ئۇ تىنتىلدىغان هالدا، - باشلىققا ئەهۋالنى دېيىشمۇ چېقىمچىلىق بولامدىكەن؟ ياق، بۇ قېتىم ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويمىسام بولمايدۇ! بۇ هارامزادىنى سولىتىۋەتمەيدىغان بولسام!...»

قان چۈشكەن كۆزىنىڭ كۆرۈشكە دەخلى قىلىشىغا قارىماي بىر پارچە ئەرز يېزىپ، ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن ئىشخانىسىدىكىلەرگە تۇتقۇزۇپ قويدى. ئەتىسى ئاخشىمى باشقارما باشلىقى بىلەن شوپۇر ئۇنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ قېتىم سايىتجان باشقارما باشلىقىغىمۇ چىراي ئاچمىدى، شوپۇرنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولدى - يۇ، باشقارما باشلىقى بۇنىڭغا ئىمكان بەرمىدى.

- بۇ بالا كىچىكلىك قىلىپ ئالدىڭىزدا تولىمۇ سەت ئىش قىلىپ قويۇپتۇ، - دېدى باشقارما باشلىقى مۇلايىملىق بىلەن، - نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنى قاتتىق تەنقىدلىدىم، تەكشۈرۈش يازدۇردۇم. ئۆزىمۇ قاتتىق پۇشايمان قىلدى. مانا بۈگۈن ئۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئەپۇ سوراپ كەلدى. «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. كىچىك ئەمەسمۇ، ئاستا - ئاستا تەربىيىلىنىۋالامدۇق...

بۇ سۆزلەر بىلەن سايىتجاننىڭ ئاچچىقى بېسىلمىدى. لېكىن، باشقارما باشلىقى نۇرغۇن سۆزلىدى، ئاخىرىدا:

- نېمىلا دېگەنبىلەن بىز بىر ئىدارىدىكى كىشىلەر ئەمەسمۇ، بۇ قېتىم كەچۈرۈۋېتىڭ. سىزنىڭ قاتتىق ئازار يېگەنلىكىڭىزنى بىلىمىز... ساقايغاندىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشۈپ بىر ئايلىنىپ كېلىڭ، بەلكىم ئۇنتۇلۇپمۇ كېتەر، - دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋىدى، سايىتجاننىڭ كۆڭلى ئېرىپ قالدى.

راست دېگەندەك، سايىتجان ساقىيىپ هەپتە ئۆتمەيلا كاماندىروپكا پۇرسىتى چىقىپ قالدى. شۇنچە يىللاردىن بۇنداق ئىشلارغا باشلىقلارلا ماڭىدىغان بولغاچقا، سايىتجان بۇ ئامەتنى قولدىن بەرگۈسى كەلمىدى. كىم بىلىدۇ، بۇ بىرەر ئىشنىڭ بېشارىتىمۇ تېخى!

بىر زامانلاردا كادىرلار قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپمۇ سەپەر قىلاتتىكەن. شۇندىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىدىغان، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدىغان ئادەملەر بولاتتىكەن. مۇشۇ كۈندە سىز بىر يۇرتقا يولۇچىلار ئاپتوبۇسى بىلەن بېرىپ بېقىڭچۇ، بۇ سىزنىڭ ئادەتتىكى كادىر ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ - دە، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا چىقىدىغان ئادەممۇ، سىزنى قىزغىن كۈتۈۋالىدىغان ئادەممۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئالدىغا چىقىش، قىزغىن كۈتۈۋېلىش دېگەنلەر مەخسۇس

ئەمىلى بارلارغىلا قىلىنىدىغان مۇئامىلە.

سايىتجان ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا شۇلارنى ھېس قىلدى. بىراق ئۇنىڭغا ھازىرچە ئىلاج يوق. سومكىسىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىشقا، ئىزدەيدىغانلارنى ئۆزى ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. بەلكىم كېيىنكى قېتىم سەپەرگە چىققاندا ئەھۋال باشقىچە بولۇپ قالار.

سايىتجان ئىزدەپ بارغان كىشىلەر ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى بىلەلمەي سەل گاڭگىراپ قالدى. باشلىقمىكىن دەي دېسە، مەخسۇس ماشىنا بىلەن كەلمىگەن، ئادەتتىكى كادىرمىكىن دەي دېسە، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، پېشانىسى ئىچكىرىلەپ كەتكەن خېلى سالاپەتلىك بىر ئادەم. يا ئۇ ئۆزىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرماي، ئىدارىسى بىلەن ئىشلەيدىغان باشقارمىسىنىڭ نامىنىلا ئېيتتى. «ئىشقىلىپ ئۇ ئاپتونوم رايوندىن كەپتۇ،— دېيىشتى ئۇلار ئاخىرى،— ھەر ھالدا ئوبدانراق كۈتۈپ قويايلى!»

شۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىلدى. نېمىشقىكىن، سايىتجان بۇ يەرگە كېلىپلا ئۆزىنى باشلىقتەكلا ھېس قىلىپ قالدى. شۇڭا قورۇنۇپمۇ كەتمىدى، پاراڭ قىلغاندا ئاۋازىمۇ جاراڭلىق چىقتى. چىرايلىرى قىزىرىپ كەيپىيات كۆتۈرۈلگەندە، ساھىبخانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى دوكلات قىلىشقا چۈشتى، ئاخىرىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى بايان قىلدى. بۇ چاغدا بىر قىزىق ئىش يۈز بەردى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەندىمۇ ياكى كەيپىنىڭ كۈچىدىن بولدىمۇ، سايىتجان قايتىپ بارغاندىن كېيىن يۈز مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىۋەتتى. سورۇن جانلىنىپ كەتتى، داستىخان باشقىدىن راسلاندى، ھەممەيلەن سايىتجاننىڭ شەرىپىگە قەدەھ كۆتۈرۈشتى، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق سۆزلىرىنى قايتا - قايتا ئېيتىشتى. ئەمدى ئۇلار يۈرەكلىك ھالدا ئۇنى «سا چۇجاڭ» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئۇمۇ بۇنداق ئاتاشتىن راھەتلىنىپ ئولتۇرۇۋەردى. ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، يۈز مىڭ يۈەن دېگەننى شۇنچىلىك ئادەم ھەل قىلالماي، ئادەتتىكى كادىرلار ھەل قىلالامتى!

بۇ قېتىمقى سەپەر ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ مېھمانخانىغا ئورۇنلاشقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تولىمۇ كۆڭۈللۈك سەپەر بولدى. سايىتجاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق ئوبدان يۈرۈشۈپ بەردى، ھەر ئاخشىمىمۇ ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. «خوتۇننىڭ دەشنىمىنى ئىشتىپ كۈندە كەچتە ئۆيدە ئولتۇرغاندىن سەپەر قىلغان مىڭ ئەلا ئىكەن» دەپ قالدى ئۇ.

سايىتجان شوپۇر بىلەن بولغان كۆڭۈلسىزلىكنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى، نەچچە يىللاردىن بېرى تارتقان جاپالىرىنىمۇ ئويلىماس بولدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى راستتىنلا سا چۇجاڭ بولۇپ قالغاندەكلا ھېس قىلاتتى.

زىياپەتتىن زىياپەتكە بېرىپ قورساق سېلىپ كەتكەن سايىتجان ئىنتايىن روھلۇق ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ باشقارما باشلىقىغا سەپىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى دوكلات قىلغاندا ئازراقمۇ تەمتىرىمىدى. باشقارما باشلىقى ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ ماختاپ قويغاندا يالغاندىن بولسىمۇ قىزىرىپ قويمىدى، بەلكى ئىچىدە: «قۇرۇق ماختاۋەرگىچە تېزرەك ئورۇننى بوشىتىپ بەرمەمسەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. لېكىن، كۈنلەر يەنە بۇرۇنقى قېلىپىغا چۈشۈپ قالدى، ئەمەلدىن يەنىلا خەۋەر يوق ئىدى. سايىتجان يەنە تىتىلداشقا، يەنە چۈش كۆرۈشكە باشلىدى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن باشقارما باشلىقى چاقىرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەلپازى بۇزۇق ئىدى.

— تۆۋەنگە بېرىپ نېمىلەرنى قىلىپ كەلدىڭىز؟— دېدى ئۇ تەرىنى تۈرۈپ.

— سىز تاپشۇرغان ئىشلارنى بېجىرىپ كەلدىم شۇ،— دېدى سايىتجان ھودۇققان ھالدا.

— شۇنداقمۇ؟— دىمىغىنى قېقىپ قويدى باشقارما باشلىقى،— مەن باشقىلارغا يۈز مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىڭ دېگەنمىدىم؟

سايىتجان بىردىنلا تەرگە چۆمۈلدى. ئۇ ئاشۇنداق ۋەدىنى بېرىپ قويۇپ، ئەتىسى ئويغانغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلغان، لېكىن ئادەتتە بۇنداق ۋەدىلەر بېرىلىپ تۇرىدىغۇ دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنىدى. قارىغاندا ئۇياقتىن سۈيلەپ تېلېفون كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— ئەمدى بۇ ئىشنى قانداق قىلىمىز، سا چۇجاڭ؟— دېدى باشقارما باشلىقى زاڭلىق قىلغان ئاھاڭدا.

«سا چۆجاڭ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ سايىتجان بويىنغىچە قىزىرىپ كەتتى، لېكىن دىمىنى چىقىرالمىدى.

— يالغان ئەمەلدار بولۇۋېلىپ ئالدامچىلىق قىلغانلارغا قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — باشقارما باشلىقىنىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

— مەن. . . مەن ئالدامچىلىق قىلمىدىم، — ئاخىرى سايىتجان تىلغا كەلدى، — مەن ئۆزۈمنى ئۇنداق تونۇشتۇرغىنىم يوق، ئۆزلىرى شۇنداق ئاتىشۋالدى. . .

باشقارما باشلىقى يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى - يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ پەس، ئەمما سۇرلۇك ئاھاڭدا سۆزلىدى:

— بولدى، بۇ ئىشلارنى كېيىن بىرنېمە دېيىشەيلى. نەچچە چاغدىن بېرى ئىدارىدىكىلەر سىزنى ئەمەلدار بولۇش تەمەسى بار دېسە ئېرەن قىلماي يۈرۈپتىمەن. ئەمدى بىلدىم، سىزدە ھەقىقەتەن قارا نىيەت بار ئىكەن. ھۆكۈمەتنىڭ تەمەگەرلەرنى ئەمەلدار قىلمايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ ۋەزىپىگە قويۇشتا ياش چەكلىمىسى بارلىقىدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ سىز ئۇچۇن ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىش — نېرى - بېرى خىياللارنى تاشلاپ ئۆز خىزمىتىڭىزنى ئوبدان ئىشلەش، چۈشەندىڭىزمۇ؟

سايىتجان تۈگىشىپلا كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىيالمايتتى، ھېچنېمىنى دېيەلمەيتتى. باشقارما باشلىقىنىڭ يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلغۇسى بار ئىدى، لېكىن سايىتجاننىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە ئۇنى چىقىپ ياخشىراق ئويلىنىشقا بۇيرۇدى.

ئۇ ئىشخانىسىغا قانداق يېنىپ چىققانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ ھالىدىن كەتكەنىدى، كاللىسىدا بىرلا خىيال چۆرگىلەيتتى: «تۈگەشتىم، پۈتۈنلەي تۈگەشتىم، بۇ گەپ بىردەمدىلا ئىدارە ئىچىگە تارقاپ كېتىدۇ، ھەممەيلەن مېنى ‹سا چۆجاڭ› دەپ زاڭلىق قىلىشىدۇ. . .»

سايىتجان ھەممەيلەن ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆيىگە قايتماي ئىشخانىدا ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇنىڭغا ئىشىكتىن چىقىسىلا ھەممەيلەن زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشىدىغاندەك بىلىنەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئىچكۈسى، غەرق مەست بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇغۇسى كەلدى. شۇنداق قىلىش كېرەك!

سايىتجاننىڭ ئېسىگە پەرمانجان كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالغانىدى. «ھەممىنى قىلغان، مېنى يولدىن ئازدۇرۇپ خاتىرجەملىكىمنى بۇزغان ئاشۇ ھارامزادە! بۈگۈن چاقىرىپ چىقىپ جېمى دەردىمنى ئۇنىڭدىن ئالمايدىغان بولسام!»

سايىتجان قەتئىي نىيەتكە كەلدى. لېكىن ئۇ پەرمانجاننىڭ ئىدارىسىغا بارغىنىدا ئۇنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى.

— ئۇ بالا ئېلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇشتى، — دېدى دەرۋازىۋەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — دەپ سورىدى سايىتجان قاتتىق چۆچۈپ.

— نېمىشقا بولاتتى، ئەمەلنىڭ دەردى بولامدۇ، — دېدى دەرۋازىۋەن موخۇركىسىنى شوراپ قويۇپ، — ئۆزى بىلدىن ئۆزى سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغىلى خېلى چاغلار بولۇپ قالغان، يېقىندىن بېرى ئېغىرلىشىپ، ھەر سەھەردە كاتتا باشلىقلارنىڭ قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. . . ھەي، ئادەم دېگەن ئۆزىنى چاغلىمىسا، خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلمىسا، ئۆزىنىلا جاپاغا قويىدىغان گەپ. . .

سايىتجان دەرۋازىۋەننىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى يېرىم - يارتا ئاڭلاپ ئارقىغا ياندى. شۇ تاپتا ئۇ پەرمانجاننىڭ ھالىغا يا ئېچىنىشنى ياكى خۇش بولۇشنى بىلمەيتتى، پەقەت بىر ھەمراھ تېپىپ ئىچىشنى، ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشنىلا ئويلايتتى. ئۇ كەچلىك بازارغا باردى، لېكىن بىرەر تونۇشنى ئۇچرىتالمىدى. ئۆزىنىڭ بىرمۇ دوستى يوقلۇقى ئېسىگە كېلىۋىدى، قەلبى ھەسرەتكە تولدى. ئۇ ماڭا - ماڭا بۇرۇن ئىشلىگەن مەكتىپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. شۇ تاپتا مەكتەپ ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنداق ئىسسىق كۆرۈندىكى، يولدىن ئۆتۈۋاتقانلار بىلەنمۇ كارى بولماي، دەرۋازىغا ئېسىلغىنىچە ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. . .

## ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەققىدە دوكلات ③



(ئەدەبىي ئاخبارات)

### مىرزا قادىر

### ئەسىر ھالقىيدىغان مەسىلە

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ھازىرغا قەدەر ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىندىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى جۇمھۇرىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ كەلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا كونا جەمئىيەت قالدۇرۇپ كەتكەن نەچچە مىليون كىشىنىڭ ئىشسىز قېلىشىدەك قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، ھەر تەرەپتىن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق 50 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ مەسىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ماۋزېدۇڭ ئىشچى ـ كادىرلار قوشۇنىنى فېئوداللىق تەبىقە ئېڭىدىن قۇتۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە چۈشەلەيدىغان قىلىپ چېنىقتۇرۇش مەقسىتىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلابىي ئىشچى ـ

ئەسكەرلەر، زىيالىيلارنىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن يېزىلارغا چۈشۈشى توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 14 مىليوندىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى، زىيالىي شەھەر سانائەت تارماقلىرىدىن يېزىلارغا چۈشۈرۈلدى. بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى كۆزدە تۇتۇلغانىدى. 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ سىياسەت يەنىمۇ چوڭقۇر ئىجرا قىلىنىپ، 20 مىليوندىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى يېزىلارغا چۈشۈرۈلدى . مانا

> **شىنجاڭ ئەدەبىي ئاخبارات تەتقىقات جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى بىرلىكتە باشقۇرغان**

بۇ، ئەينى چاغدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى، زىيالىيلارنى ئىپتىقۇسىز ۋەھىمىگە سالغان «يېزىلارغا چۈشۈرۈش» سىياسىتى ئىدى؛ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى بولغان دېڭ شياۋپىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھ، دادىل قەدەم بىلەن ئىسلاھات يولىغا مېڭىپ، يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، چەت ئەل مەبلىغىنى دادىل كىرگۈزۈش... قاتارلىق بىرقاتار ئىسلاھات لايىھىسىنى تۈزۈپ يولغاقويدى. «داش قازان»نى چېقىپ تاشلاپ، ئىشلىگىنىگە قاراپ ھەق ئېلىش، قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە قاتتىق ئىجرا قىلدى. بازارنى قويۇۋېتىپ سودىنى جانلاندۇردى. بۇ دېڭىزغا چۈشۈرۈش (下海) دەپ ئاتالدى. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىنى مىسلىسىز جانلىنىش، سودا پۇرىقى قاپلىدى. دۆلەتنىڭ قىياپىتى يېڭىلىنىپ، تەرەققىيات قەدىمى تېزلىشىشكە باشلىدى؛ ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى بولغان جياڭ زېمىن، دېڭ شياۋپىڭ ئېلىپ بارغان ئىسلاھات قەدىمىگە ماسلىشىپ ۋە ئۇنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بازارغا يۈزلىنىش، بازار ئارقىلىق روناق تېپىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر مىسلىسىز بىر رىقابەت دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇ پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا يەنە دۆلەت ئەھۋالىنى ياخشىلاش، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش، خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى دۇنيانىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلاشتۇرۇش مەقسىتىدە «ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش» (下岗) سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سىياسەت يولغا قويۇلۇپ ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ناھايىتى زور داۋالغۇش كۆرۈلدى...

ئىنچىكىلەپ كۆزەتكىنىمىزدە، بۇ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى ئېلىپ بارغان يېزىلارغا چۈشۈرۈش (下乡)، دېڭىزغا چۈشۈرۈش (下海)، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش (下岗) لارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئىچكى باغلىنىش بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى، دەۋر ئېھتىياجىنىڭ مەھسۇلى.

ئەينى چاغدا «يېزىلارغا چۈشۈرۈش» تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا كۆپلىگەن ئىشچى ـ ئەسكەرلەر، زىيالىيلارنىڭ يۈرىكىنى ۋەھىمە باسقان، غەم قاپلىغان، نۇرغۇن كىشىلەر داد ـ پەرياد چەككەن. بۇ تۈزۈم ئىجرا قىلىنىپ نەتىجىسى كۆرۈلگەندىن كېيىن، يېزىلارغا چۈشۈرۈلگەنلەر يېزىغا چۈشۈرۈلۈشنىڭ ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە روھىنى ئۇرغۇتۇپ، دېھقانچىلىق بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، دۆلەت ئەھۋالىغا نىسبەتەن تولۇق چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن؛ «دېڭىزغا چۈشۈرۈش»، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادنى يادرو قىلىش، يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دەسلەپتە تۆۋەندىكى ئىجرا قىلغۇچى رەھبەرلەرنى، مەسئۇل خادىملارنى، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى ئىپتىقۇسىز ۋەھىمىگە سالغان ھەم كىشىلەر يۈرەكلىك ئىش تۇتۇشقا پېتىنالمىغانىدى. بۇ تۈزۈم ئىجرا قىلىنىپ چوڭقۇرلاشقانسېرى كىشىلەرنىڭ ئېڭى ئېچىلىپ، بۇ تۈزۈمنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىشقا باشلىدى؛ ئەمدىلىكتە «ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش» تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. سان ـ ساناقسىز كىشىنى غەم بېسىۋالدى، نۇرغۇن كىشىلەر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئۆز ئىستىقبالىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزدى...

كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش تۈزۈمىمۇ ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان، يولغا قويۇلغان تۈزۈملەرگە ئوخشاش ۋەھىمىلىك ئەمەس، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا، دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن، ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل، ئەتراپلىق تۈزۈمدۇر. ئەگەر بۇ تۈزۈم پىلاندىكىدەك قاتتىق ئىجرا قىلىنسا، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېزلىشىدۇ.

ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش ـ گويا يېڭى بىر شەيئى. ھەرقانداق يېڭى شەيئى دەسلەپتە ئوتتۇرىغا چىققاندا ئۇنىڭ كىشىدە ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغانلىقى ئېنىق. ئەمما سوغۇققانلىق بىلەن ئويلانساق بۇنىڭ ھېچقانداق ئىش ئەمەسلىكىنى

چۈشىنىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس.

بۈگۈنكى كۈندە دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلىق ئىگىلىك شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئېلىپ كەلگەن تەڭداشسىز خىرىس ئالدىدا يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتى بىلەن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە پىلانلىق ئىگىلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈش قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى مۇھىم تېما بولۇپ قالدى.

ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دۆلەت ھازىر ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك تارماقلىرى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ بىرمۇنچە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ھەم تەجرىبە توپلاپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى سۈپەتلىك ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. جۈملىدىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى سۈپەتلىك ئېلىپ بېرىشتا پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش بېجىرىش ئورنى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلارنى قۇرۇپ، يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ھازىرلىدى ھەم بىرمۇنچە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يالغۇز سايباغ رايونلۇق ئەمگەك ئىدارىسىلا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 7200 دىن ئارتۇق خادىمنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى. ھازىرغىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قالغانلار قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەربىيىلەش مەركىزىدە تەربىيىلىنىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تونۇش بىلەن بىرگە، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭمۇ تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئەسىر ھالقىش ئالدىدىكى قىيىن مەسىلىسى. ھۆكۈمەت، كارخانىلار، جەمئىيەت، ئىش ئورنىدىن ئايرىلغانلار بۇ ئىشقا قانداق قارايدۇ ۋە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مۇمكىنچىلىكلەر زادى قانچىلىك؟ بۇ سوئاللارغا تېخى قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىلغىنى يوق. نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلار ھازىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش قارىشى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم، بىلىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى، شەھەر-يېزىلار قۇرۇلمىسى، تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر قاتارلىقلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى دەپ قاراشماقتا.

## ئىش ئورنىدىن قىلىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش

رېمونتچى: مەن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ، تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقىدا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتىم؛ مەندە رىقابەت ئېڭى كۈچەيدى، ئىشەنچ تۇرغۇزۇلدى.

مەن بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ توختىماي سۆزلەپ تاماق يەپ ئولتۇرغان 32 ياشلاردىكى بۇ كىشى بىلەن تونۇشلاردىن ئىدىم. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر چوڭ سودا سارىيىنىڭ رېمونتخانىسىدا مەخسۇس ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلاتتى، كەسپىكىمۇ ناھايىتى پىششىق ئىدى، ھەتتا توڭلاتقۇ قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىشتا خېلىلا داڭقى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بەش-ئالتە ئاي ئىلگىرى كۆرۈشكىنىمدە، ئۇ ئۆزىنىڭ

تۈيۈقسىز ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، يېقىندا ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىدىغان بىر دۇكان ئېچىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى چىرايىدا ھېچقانداق ئۈمىدسىزلىنىش، چۈشكۈنلىشىش كەيپىياتى كۆرۈلمىگەنىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل غالىپ روھىدىن تولىمۇ تەسىرلەنگەنىدىم.

مەن ئۇنى ھېلىمۇ رېمونتخانىسىنى ئېچىۋاتىدۇ دەپ بىلەتتىم.

– ھازىر تىجارىتىڭ قانداقراق؟ خېلى باي بولۇپ قالغانسەن؟ – دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ.

– رېمونتخانىنى تاقىۋەتتىم، – دېدى ئۇ، – مەن ئىلگىرى ئىشلىگەن سودا سارىيىدىكىلەر مېنى ئىشتىن قالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تىجارىتى مۇلازىمىتىدە سەل قىيىنلىپ قالغان ئوخشايدۇ، خېرىدارلارنىڭ نارازىلىقىغا كۆپ ئۇچراپتۇ، دەپمۇ ئاڭلىدىم. ئىككى ئاي ئىلگىرى مېنى يەنە خىزمەتكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بۇرۇنقى ئورنۇمدا ئىشلەۋاتىمەن. رېمونتخانا ئاچسام كەڭتاشا يۈرۈشتۈرۈپ كېتەلەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىدۇ. پۇلنىمۇ كۆپ تاپالايمەن. لېكىن مەن بۇ قېتىم رېمونتخانىنى يېڭىدىن ئاچقاندا قولۇمدا پۇلنىڭ تايىنى يوق ئىدى. يېڭىدىن ئاچقان بولغاچقا، كىرىممۇ دېگەندەك بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجارە ھەققى، توك پۇلى، تېلېفون ھەققى، سۇ پۇلى... دېگەندەك پارچە - پۇرات چىقىملار تېخى تىجارەت باشلا - باشلىمايلا مېنى ھالسىرىتىپ قويدى. قولۇمدا پۇل قالمىدى. شۇڭا بۇرۇن ئىشلىگەن ئورۇندىكىلەر خىزمەتكە تەكلىپ قىلىشى بىلەنلا بۇ يەرگە كېلىۋالدىم.

– خىزمەتكە قايتا ئورۇنلىشىپسەن. خىزمەت قىلغان ياخشىمىكەن ياكى ئۆزى بىرەر يول تېپىپ تىرىكچىلىك قىلغان ياخشىمىكەن؟

– راست گەپنى دېسەم ئاداش، – دېدى ئۇ، – ئۆزۈڭ ئىككى بىلىكىڭگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلىگەنگە يەتمەيدىكەن. مەن ئىشتىن قالدۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا بەكمۇ قايغۇرغانىدىم. مېنىڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىپ يۈرۈشتۈرەلەيدىغان ھۈنىرىم ھەم بۇ جەھەتتە خېلى چوڭقۇر بىلىمىم بار ئىدى. شۇڭا قايتا - قايتا ئويلىنىپ بىردىنلا غەيرەتكە كەلدىم - دە، بۇ رېمونتخانىنى ئاچتىم، گەرچە پۇلۇم ئاز بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئىشتا مەغلۇپ بولغان بولساممۇ، مەندە ئىشەنچ كۈچەيدى، رىقابەت ئېڭى تۇرغۇزۇلدى. مەن مۇشۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى تەجرىبەمدىنلا رىقابەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ھازىرمۇ مەن قاتتىق ئويلىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتىمەن، قولۇم پۇل كۆرۈپ قالسا يەنە يېڭىدىن ئىش باشلايمەن، بۇ قېتىم چوقۇم يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلەيدىغانغا ئىشەنچىم بار.

ئىشقا ئورۇنلىشىش بوشلۇقى كۆپ، شۇغىنىسى نۇرغۇن كىشىلەر خىزمىتى مەينەت، جاپالىق ، ئىش ئورنى يىراق، ئىش ھەققى تۆۋەن، دەپ يېڭى خىزمەت ئورنىغا بېرىشنى خالىمايدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە شەھەر نوپۇسىدا تۇرۇپ ئىش ئورنى يوق، كۈن بويى لاغايلاپ يۈرۈپ ئاتا - ئانىسىغا يۈك بولۇۋاتقان، ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق قىلىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇۋاتقان، قىزلار بولسا نومۇسىنى بۇلغاپ كوچىغا چىقىپ قالغان ئەھۋاللار ناھايىتىمۇ كۆپ. ئۇلار ئىشلەي دېسە ئىش ئورنى يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. ئەمما ئۇلار خىزمىتى مەينەت، ئىش ئورنى يىراق، ئىش ھەققى تۆۋەن، دەپ يېڭى خىزمەت ئورنىغا بېرىشنى خالىمايدۇ.

مېنىڭ بىر تونۇشۇم بولۇپ، مەلۇم تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن گاز بىلەن تەمىنلەش شىركىتىدە ئىشلىگەنىدى، بەش يىل ئىشلىگەندىن كېيىن تۇيۇقسىز رەھبەرلىكتىن ئىشتىن چېكىنىشنى تەلەپ قىلغان. شىركەت رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا خېلى كۆپ تەربىيە ئىشلىگەن، ئەمما ئۇ: «مەن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چۈشكىلى بەش يىل بولدى، مۇشۇ بەش يىل مابەينىدە ماڭا گاز تۈگى كۆتۈرگۈزۈپ، گاز تۈگى يۆتكەشتىن باشقا ئىش بەرمىدىڭلار. بېرىدىغان پۇلۇڭلار جىق بولغان بىلەن مېنى ئېشەكتەك ئىشلەتتىڭلار، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم ياش جېنىمنى سىلەرگە سېلىپ بەرگۈدەكمەن. جېنىمنى قىيىنغۇچە بۇ يەردىن كەتكىنىم تۈزۈك!» دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىرى كېتىپ قالغان.

ئۇ ئىشتىن چېكىنگەندىن كېيىن كۈن بويى

بىكار تەلەپ بولۇپ لاغايلاپ يۈردى، ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قىيىنغا قاقشاتتى. ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن خىزمەتكە تونۇشتۇردى. ئۇ ئۇنى ئۇنداقكەن، بۇنى بۇنداقكەن دەپ ھېچقانداق خىزمەتنى ياراتمىدى. ئۇ 26 ياشقا كىرگەندە بىر ئاكىسى ئۆز قولى بىلەن توينى قىلىپ قويدى. توي بولۇپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئايالى ئىشلەيدىغان شىركەت ۋەيران بولۇپ ئايالىمۇ ئىشسىز قالدى. قانداق قىلغۇلۇق؟

ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بىرى ئۇنى بىر باسما زاۋۇتىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. لېكىن ئۇ، ئۇ يەردە بىر ھەپتىلا ئىشلىيەلىدى. «قىلىدىغان ئىش قارا ئىشكەن، توپا - چاڭ، مايغا مىلىنىپ ئىشلەيدىغان ئىشكەن، ئۇ يەردە ئىشلىگەندىن كۆرە. . .» دەپ يېنىپ چىقىۋالدى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى. ئۇ يانچۇقى قۇرۇق ھالدا يۈرۈپ بېقىپ ئۆزىدىن نومۇس قىلىپ قالدىمۇ قانداق، يەنە ئىشلەيمەن دەپ بىر ئاغىنىسىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ بىر مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئەمما ئۇ يەردىمۇ 20 كۈنگە چىدىماي يېنىپ كېلىۋالدى. «ئۆيگە ئارىلىقى بەك يىراقكەن، قىشتا قىينىلىپ قالغۇدەكمەن» دەپ باھانە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ھەممە تونۇش - بىلىشلىرى بىزار بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، قىسقىسى جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلمىدى. ئۇ ئىشلەيمەن دېسە ئىش كۆپ ئىدىغۇ؟

**قىستۇرما بايان:** «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى سانىنىڭ باش ئىستونىغا «600 مىڭ كىشىلىك ئىش ئورنى نېمە ئۈچۈن قولدىن كېتىپ قالدى؟» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە بېسىلدى؛ ئۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

ئىش ئورنىدىن قالغانلار قايتا ئىشقا ئورۇنلىنىشى كېرەك. شۇڭىنىسى نۇرغۇن كىشىلەر خىزمەتنى مەينەت، ئىش ئورنى يىراق، ئىش ھەققى تۆۋەن، دەپ يېڭى ئىش ئورنىغا بارمىغان.

يەنە بىر رېئاللىق كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ: ئاپتونوم رايونىمىزدا 600 مىڭ كىشىلىك ئىش ئورنىنىڭ خوجايىنلىرى سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر، ئۇلار ھەممە ئىشنى دېگۈدەك قىلىۋېرىدۇ.

سىچۈەندىن كەلگەن پەن بىلىك سىرتتىن كەلگەن ئاشۇ 600 مىڭ ئىشلەمچىنىڭ بىرى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قىزىلتاغ ئەتراپىدىكى مەلۇم قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلەۋاتقان، تېرىسى قارىداپ كەتكەن، پۇتىغا رېزىنكە ئۆتۈك، قولىغا رېزىنكە پەلەي كىيگەن پەن بىڭنىڭ سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى سېمونتنى پولات چىۋىقلىق جازىغا تۆكۈپ، تىترىتىش ئەسۋابى بىلەن سېمونتنى تەكشى چىڭداش، «بىر يىلنىڭ ئالدىدا بۇ خىزمەتنى يېڭىدىن ئىشلىگەن چېغىمدا تازا كۆنەلمىگەنىدىم، قوللىرىممۇ ئىششىپ كېتەتتى» دېدى ئۇ.

پەن بىڭغا ئوخشاش سىرتتىن كەلگەن نۇرغۇن ئىشلەمچى قۇرۇلۇش، يېمەك - ئىچمەك، رېمونتچىلىق، ئۆي ئىشى قاتارلىق ساھەلەردە ياكى خەتەرلىك، كۈچ كېتىدىغان ئىشلارنى ياكى كۆڭۈلچىلىك دېگەندەك «يۈز كېتىدىغان» ئىشلارنى قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتى قارمىقىدىكى سەككىز قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىسىدا پەن بىڭغا ئوخشاش سىچۈەن، خېنەن، خۇنەن، خۇبېيدىن كەلگەن 220 مىڭ ئىشلەمچى بار. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش 1 - سېپىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى. سىرتتىن بۇنچىۋالا كۆپ ئىشلەمچى قوبۇل قىلىشنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي. شىركەتنىڭ ئەمگەك مەبلەغ باشقارمىسىدا ئىشلەيدىغان ۋەن داۋشىڭ مۇنداق دېدى: «شىركەت يەرلىكتىن ئىشلەيدىغان ئادەم چىقمىغان ئەھۋالدىلا سىرتتىن ئىشچى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارنى باشقۇرۇش ئاسان».

ئاپتونوم رايونلۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چا جۈتيەن تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتلار «يەرلىكتىن ئىشلەيدىغان ئادەم چىقمىغان» دېگەن سۆزگە زىت كېلىدۇ: ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر يىلى 120 مىڭ ئەمگەك كۈچى كۆپىيىپ، ئىش كۈتۈپ تۇرماقتا. ھەر يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن قالغان ئەمگەك كۈچى 100

مىڭ، ئەمگەك توختامىنىڭ مۇددىتى توشۇش تۈپەيلىدىن قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا موھتاج بولىدىغانلار 80 مىڭ؛ ئىش ئورنىدىن ئالماشتۇرۇشقا ياكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئوشۇق ئەمگەك كۈچى تەخمىنەن 100 مىڭ. يۇقىرىقى خادىملاردىن، ھەر يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن 100 مىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ ۋە ئوشۇق، ئىش ئورنىدىن قالغان، ئىشسىز قالغان 50 مىڭ خادىمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى نورمال ھەل قىلىنغاندىن باشقا، يەنە 200 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرىغا كىرىش ۋە ئۆزى خىزمەت تېپىش قاتارلىق يوللار بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا توغرا كېلىدۇ.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا 600 مىڭ كىشىلىك ئىش ئورنىنىڭ ھەممىسىنى سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر ئىگىلىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىشى كېرەكمۇ؟

ئالاقىدار زاتلارنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئىش ئورنىدىن قالغان 153 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئارىسىدا يېشى 35 تىن ئاشقانلار 40% تىن ئاشىدىكەن، ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر 60% تىن ئاشىدىكەن. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چيۋ لەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھازىر ئۈرۈمچىدە ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ھەممە دۆلەت كارخانىلىرىغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى خالايدىغانلار 75.9% نى ئىگىلەيدىكەن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ بارمىغانلار، جۈملىدىن خىزمەتنى يۈز كېتىدىغان خىزمەت ئىكەن، ئىش ئورنى يىراق ئىكەن، دەپ يېڭى خىزمەت ئورنىغا بارمىغانلار 57.6% نى ئىگىلەيدىكەن.

قارىغاندا، ئىش ئورنىدىن قالغاندىن كېيىن، يېمەك - ئىچمەك كەسپى، رېمونتچىلىق، ئۆي ئىشى قاتارلىق نۇرغۇن ئىش ئورۇنلىرىنى سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچى ئاياللارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆيدە بىكار تۇرۇپ قالغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ.

## پەرۋاز قىلغان قۇش

كۆز ئالدىمىزدىكى 35 ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ ئايال 1980 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا لىيۇداۋان كۆمۈر كېنىغا دادىسىنىڭ ئورنىغا ئىشچى بولۇپ كىرگەنىدى. ئۇ بۇ يەردە توپتوغرا 10 يىل ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ كان تارمىقىدا ھەممە خىزمەتنى دېگۈدەك بىرقۇردىن ئىشلەپ چىقتى. ئىشلىگەندىمۇ جانپىدالىق بىلەن ئىشلەپ بىرنەچچە قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى. ئۇ تەقدىرنى كىشلەرنىڭ يارتىلايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ۋە بەزىبىر ئىشلارنى قىلىپ ئۆز ئىقتىدارىنى سىناپ كۆرمەكچىمۇ بولدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە ئاپتونوم رايونلۇق تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش مەركىزىدە ھۆسن تۈزەش كەسپى بويىچە ئۇدا ئۈچ ئاي ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىش ھەققىنى توختىتىپ، شتاتىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ، كان تارخىدا بازار قايىنىمىغا شۇڭغىغان تۇنجى ئايال بولۇپ قالدى.

ئۇ ئالدى بىلەن ھۆسن تۈزەشنى قوشۇمچە قىلغان ساتىراشخانا ئاچتى. بىر يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ مەركىزىدە تۆت كارىۋاتلىق پەردازخانا ئاچتى ھەممە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن يەتتىسىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ يەنە 50 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ بىر يۈرۈش يېڭى پەردازچىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالدى ۋە دۇكان دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پەردازچىلىق، كىيىم تازىلاش، توي كىيىملىرىنى ئارىيەتكە بېرىشنى بىر گەۋدە قىلغان كەڭ دائىرىلىك مۇلازىملىقنى يولغا قويدى. تىجارەت يولىنى كېڭەيتكەندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشتىن ئىقتىدارىغا قاراپ يەنە ئون نەچچىنى قوبۇل قىلدى ۋە «پەردازچىلىق، كىيىم تازىلاش مۇلازىمەت شىركىتى» قۇردى.

ئۇنىڭ تىجارىتى كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىۋەردى. كەسپىدە زور ئۇتۇق قازاندى، پۇل

تاپتى. ئۇ باي بولغانسېرى نوقۇل باي بولۇشنىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلايدىغان بولدى. ئۇ، بۇ جەرياندا 20 نەچچە ئائىلىنىڭ ئىش كۈتۈپ تۇرغان پەرزەنتىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئائىلىلەرنىڭ غېمىنى تۈگەتتى، جەمئىيەتنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى. ھازىرغىچە يەنە 20 نەچچە قىزنى ھۆسن تۈزەش كەسپىي بىلىملىرى بىلەن ھەقسىز تەربىيىلەپ بەردى. 1995 - يىلى ليۇداۋان كۆمۈر كېنىدا پەۋقۇلئاددە ھادىسە يۈز بەرگەندە، 3000 يۈەن قىممىتىدە پۇل ۋە ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، كان تەشكىلى ئارقىلىق ھادىسىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى؛ 1996 - يىلى ليۇداۋان كۆمۈر كېنى پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىشى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن پۇل ياردەم قىلدى.

ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلەش يولىدا تارتقان جاپاسىنى سۆزلەپ تۈگىتىش قىيىن. ئۇ بازار قايىنمىغا شۇڭغۇپ كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، كاراپىتەك دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇ ماڭىدىغان يولنى، نىشاننى توغرا تاللىغاچقا، قول سېلىپ ئىشلىگەندىلا ئىشىدا نەتىجە قازاندى. ئۇ پەردازچىلىق تىجارىتىنى غۇلجا، ئاقسۇ، قاراماي، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ كېڭەيتمەكچى بولدى، ئەمما بۇ ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

تىجارەتنى قايسى تەرەپكە قاراپ كېڭەيتىش كېرەك؟ ئۇ بىر مەزگىل كۆزىتىش، ئۇچۇر ئىگىلەش ئارقىلىق، جەمئىيەتتە ئاقىدىغىنى تېز تاماقخانا تىجارىتى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى ئورۇندا تېز تاماقخانا ئاچتى. ئۇ كىشىلەر رايىنىڭ ئىلگىرىكىدەك نوقۇل قورساق تويغۇزۇشتىن ھۇزۇرلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى ۋە كەڭ، ئازادە، زىننەتلىنىشى كۆركەم، تاماق تۈرى كۆپ، باھاسى ئەرزان تېز تاماقخانىلىرى ئارقىلىق خېرىدارلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلدى. ئۇ، بۇ تېز تاماقخانىلىرىغا بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن بولۇپ 20 گە يېقىن ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ شىركىتى ھازىر ئۇنىۋېرسال مۇلازىملىق خاراكتېرىنى ئالغان، 40 تىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىگە شىركەت بولۇپ قالدى.

تازا نۆۋەر چاغلىرىدا ئىگىلىك تىكلىگەن بۇ ئايال ئۆزىنىڭ زور تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئېگىلمەس - سۇنماس جاسارىتىنى، غەيرەت - شىجائىتىنى نامايان قىلىپ، يېڭى دەۋر ئاياللىرىغا خاس روھنى ئىسپاتلىدى.

ئۇ ئۆز خاتىرىسىگە: «ھازىر جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئورنى يەنىلا تۆۋەن، پەقەت ئاياللارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ...» دەپ يازدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆزىنىڭ ھايات قىبلىنامىسى بولۇپ قالدى.

## «ئەزەلدىن يوق قۇتقۇزغۇچ خۇدا»

ئىش ئورنىدىن قېلىش - بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى تارتىۋاتقان قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. خۇددى بىر كېچىدىلا يۈز بەرگەندەك نەچچە ئون مىڭلىغان كىشى تۆمۈر تاۋاقتىن ئايرىلدى، تېخىمۇ كۆپ كىشى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ خىرىس ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، خاتىرجەم، غەمسىز كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. ئەمما مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، جۇڭگونىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، نىشان ۋە ئۈمىدكە ئىگە ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر بۈگۈنكى بۇ مىنۇتلارغا جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغانلىقىنى، بۇ دولقۇننى بۈگۈنكى جۇڭگودىكى ھەربىر ئائىلە، ھەربىر كىشىنىڭ كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

رېئاللىق ئۆزىنى كىشىلەرگە ھامان ئېتىراپ قىلغۇزىدۇ. شۇنداقلا تەرەققىيات بەزىدە كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگىمۇ بېقىنمايدۇ. دارۋىننىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى»نى بايقىغىنىغا بىر يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى. بۇ نەزەرىيە غەربلىكلەرنىڭ ياشاش ئېڭىنى ئۇرغۇتۇپ، رىقابەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى.

نەتىجىدە غەربلىكلەر يەر شارىدىكى كۈچلۈك ھاياتلىق رىقابىتىگە ئاللىبۇرۇن ماسلىشىپ بولدى. جۇڭگو نوپۇسى غايەت كۆپ بىر دۆلەت، شۇڭا بۇ دۆلەتتە ياشاش رىقابىتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. «نوپۇس بېسىمى نىسبەتەن چوڭ بولغان جايدا ھاياتلىق كۈرىشى ۋە تۇرمۇش رىقابىتى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ» دەيدۇ ئامېرىكا جەمئىيەت دارۋىنىزمچىسى سامۇنا. لېكىن ئېلىمىزدە ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇپ ھۆكۈمەت ھەممە ئىشقا ئارىلىشىپ، پىلان بويىچە ئىش قىلغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا بەلگىلىك تەسىر يەتكەنىدى. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلىشىش رىقابىتى، جۈملىدىن ياشاش رىقابىتى كەسكىنلەشتى. جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى ئەمەلىيىتى سامۇنانىڭ پەرىزىنى ئەڭ ياخشى ئىسپاتلىدى.

1997 - يىلى جۇڭگودا «ئىش ئورنىدىن قېلىش» دېگەن سۆز ئەڭ مودا سۆزگە ئايلاندى. بىر رىقابەت دەۋرى يېتىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ھەر يىلى 10% لىك يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئېشىۋاتىدۇ. بۇ دۇنيادىكى كەم كۆرۈلىدىغان نەتىجە، شۇنداقلا 1 مىلياردتىن ئارتۇق غايەت زور نوپۇسنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋېتىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە. ئىقتىسادنىڭ مۇقىم ئېشىپ بېرىشىغا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، جۈملىدىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئەركىن كەسىپ تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن 1997 - يىلى تيەنجىن ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشكەندە «ئىش ئورنىدىن قالغانلار ۋە ئىشسىزلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇ مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى بىر تەرەپتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش داۋامىدا ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ مەسىلىنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك. بۇنى جەزمەن ھەل قىلماي بولمايدۇ. بىزنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىمىز، بىزنىڭ خەلق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى جانىدىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. شۇڭا بۇ مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىشىمىز لازىم».

نۆۋەتتە مەركەزدىن باشلاپ يەرلىككىچە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىزچىل جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا. يېقىندا يەنە ئەمگەك مىنىستىرلىقى قاتارلىق 12 مىنىستىرلىق ۋە كومىتېت بىرلىكتە «كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئەلۋەتتە دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە ئورۇنلاشتۇ- رۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. ھەر كىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۇمۇرچىسى. «قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش» دىن ئىبارەت بۇ مەسىلىگە ھەممەيلەن، جۈملىدىن ھەر بىر شەخس كۆڭۈل بۆلۈشى، باش قاتۇرۇشى كېرەك.

دۇنيادا قۇتقۇزغۇچى خۇدا يوق. بۈگۈنكى رىقابەت دەۋرىدە ھەركىم ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز مۇلەممەللەشتۈرۈشى، يېڭى بىلىم ۋە تېخنىكا ئىگىلەپ ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ئىش ئورنىدىن قالغانلار ۋە بۇنىڭغا دۇچ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلار، قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىپ ئىلگىرىلىيەلەيدىغان، ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلار ئۈچۈن قىيىنچىلىق ھامان ۋاقىتلىق، كېلەچەك چوقۇم گۈزەل ۋە پارلاق بولىدۇ. باياشات ۋە نۇرلۇق ئەتە بىزنى چاقىرماقتا. كېلىڭلار، بىزنىڭ مېھرلىك قوللىرىمىز مەھكەم سىقىشسۇن، دۇنيا مۇھەببەتكە تولسۇن.

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

# غەزەللەر

## ۋارىسجان قاسىم



**ئاپتوردىن:** مەن 1967 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غوجا ئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1986 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئومۇمىي پەن سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ ئۆز يېزامدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. 1990 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن ھازىرغىچە قاغىلىق ناھىيىلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن.

غوجا ئېرىقتا ئوقۇۋاتقان ئاشۇ تۇمانلىق يىللاردا سەرسانلىق، نامراتلىق ۋە سەلدەك يامراپ كېلىۋاتقان تۆھمەت، ھاقارەت بالىلىق قەلبىمنى جاراھەتلەندۈرگەن، ئاچچىق ئىز قالدۇرغانىدى. شېئىرىيەت ئىلاھى مېنى ئاشۇ لاتقىدىن، چۈشكۈنلۈك ئىچىدىن يېڭى بىر ئالەمگە، ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى ئىزلەشكە يېتىلەپ كەلدى. بالىلىق يۈرىكىمگە بىر ئوت سالدى.

**1**


مىڭ بالالارغا ناۋا تىكلەيدۇ جانان جىلۋىسى،
يەتتە ئىقلىمنىڭ كۆزىدە ھەستۇ - ھەيران جىلۋىسى.
كىم سابانىڭ شاخىغا قوندى گۇگۇم ئەيىيامىدا،
ھەر تىنىق تىترەكىدە دەۋزەخۇ - رىزۋان جىلۋىسى.
كۆرگىنىم ئۇچقۇر ۋاقىت كۆكسىدە جان سەيىيارىسى،
رىغبىتىمگە ئاشيان مەۋجىدە توپان جىلۋىسى.
ئاھ، نېتەي مەپتۇن كېچە چاقماق قايان، باقماق قايان؟
ۋەسلىنىڭ گۈلخانىدا كۆيمەكتە ھىجران جىلۋىسى.
تۇيغۇلار ئورمانىغا سالسا سۈرەن قىرغىنچىلىق،
قارىچۇقىمنىڭ قەرىدە سەرگەشتە ئاسمان جىلۋىسى.
لالەرەڭ قۇملۇق ئاقار قانلار قۇسۇپ ھەم قان يۇتۇپ،
مۇزلىغان ياپراق يۈزىدە پەخرىي ئارمان جىلۋىسى.
بۇندا ئەزگۇ مۇڭلىرىم ئويغاق ھامان مەھشەرگىچە،
ياندى يوللار ھەيۋىتىدە مەستۇ دەۋران جىلۋىسى.

**2**

مۇپتىلالىق ئالىمىنىڭ بىرىبېشى باشمىدىدۇر،
سۇپسۈزۈك مۇڭ جەۋھىرىنىڭ سىردىشى باشمىدىدۇر.
گۈلگە تەلپۈنگەن قولۇم ئالقانلىرىدا قان سىلى،
بىپايان تۈن مەۋجىنىڭ ئۇتتەك يېشى باشمىدىدۇر.
چايقىلار سۇلغۇن نىگاھ ئاستىدا قەلقەي ياغلىقىم،
پارلىنىپ گۈلگۈن چېچەكلەر ئويىنىشى باشمىدىدۇر.
تۇغ بىلەيمۇ يان تەرەپلەردىن ماڭا كەلسە سالام،
كەپتىرىم ئاغزىدا زەيتۇن، سايرىشى باشمىدىدۇر.
ئاھ قېتىپ قالغاندا رەڭلەر ئۆركىشى تاش بەرگىدە،
كەھرىۋا دولقۇنلىرىنىڭ قاينىشى باشمىدىدۇر.
سېھرىگە دىل قانمىسا، جانان دېگەنگە يانمىسا،
كۆكتە ھىجران قۇشلىرىنىڭ يايرىشى باشمىدىدۇر.
ئايلىنار چەرخى زېمىن پارلاق ساداقەتلەر تۆكۈپ،
چارچىغان گەردىشلىرىنىڭ ئىگرىشى باشمىدىدۇر.
قاينىغان تىلسىم بۇلۇت مەنزىللىرىنى ئىزلىسە،
ۋاھكى چاقماق ئۇپقۇنىنىڭ قۇترىشى باشمىدىدۇر.
نۇر كۆلەرمۇ سەبزە رەڭ ئاشىق ئېقىنغا چىرمىشىپ،
كائىناتنىڭ سۈلمىقى يا ياشنىشى باشمىدىدۇر.

**3**


نازلى جان جانىمغا كىردى چىرمىشىپ تۇپراق بىلەن،
جىلۋىگەر قايغۇم كۆلىدە پارلىغان قولۋاق بىلەن.
مەنزىلىم سىر خۇشلىقى ئۆرتەر پەلەكنىڭ مېھرىنى،
ئىگرىغان چۆللەر گۈلىدىن سىرغىغان چاقماق بىلەن.



باقسا ئاي ياۋۇز خىيالدا نەستەرنىدەك جىلمىيىپ،
كۆيدى ياشىم سارغىيىپ كەتكەن تۇمەن ياپراق بىلەن.
ياپتى كىم سادىق قەلبلەر كۆرىكىگە كۆك يوپۇق،
سايىۋەنىنىڭ ئىشقى چاقنار سىھىرگەر قالپاق بىلەن.
بۇندا ئالماس قەترىلەردىن تەرگىنىك تۇندەك قۇياش،
ئىشتىياقىم ۋادىسىدا سىردىشىپ يانتاق بىلەن.
مەن نىشان سەرسانلىقىدا رازى سەرگەردان بۇدەم،
دەرد قۇشى روھىمغا قوندى قەترە نەم ئاقماق بىلەن.
چاپچىدىم ئالتۇن باشاقلار شىلدىرىغا ئۇرۇلۇپ،
ئۆركىشىمگە ئۆركىشىم ھەسرەت يۇتۇپ باقماق بىلەن.
يۇلتۇزۇم بىخسىق تۇمان گىردابىدا ئۇچقۇندىسا،
مەن ھەلەك ئىبلىس كېلەر يولغا چىراغ ياقماق بىلەن.
ئەي ئانار رەڭلىك جۇلا بەرگەن ئۇپۇق ھالىم سورا،
ئاققۇزارمەنمۇ ناۋا تاشقىنلىرىدىن توقماق بىلەن.

4

تەۋەللۇت ئالىمى ئىچرە كۆيەر ۋەھدەت پېغانىمدا،
يايار نۇر چەشمىسىن سۇبھى گۈلى پىكرەن پېغانىمدا.
تالاشتۇق قايسىمىز ساھىبقىرانلىق بەرگىدە ئۆركەش،
چۆكەر ئاتەش ئۇپۇق بەرگەن جۇنۇن ھېكمەت پېغانىمدا.
قەلەمنىڭ جەۋھىرى سۇمرۇغ قىياسى ئۆزرە لەۋ ياقتى،
جاراھەت قۇدرىتى سەرسان، قانات نۇسرەت پېغانىمدا.
ئۇزۇن يول قانچە تۇنلەرنى ۋەھىمە پەسلىدە كۈتتى،
قۇيۇنلار كانىدىن چىققان تىرەن سۇربەت پېغانىمدا.



ئىجازەت ئالىمىدى كىملەر ئۇلتۇرۇپ گۈلخان ئاراسىدا،
تۇتەپ ياندى سېسىپ نىجىس پۇرسەت پېغانىمدا.
ۋالىلدار ئاشىقى دەۋران، كۆمۈلدى مىڭ ئەلەس ھىجران،
تويۇنماس يەلكىنىم قىرغاق سۇرەر رەت - رەت پېغانىمدا.

# شېئىرلار

## قەيسەر تۇرسۇن

### سۆيگۈگە سۆزلەش

مەن ساختا لەززەتتە قىلىنىپ قامال،
ئۈيقۇسىز ھالەتتە ياتقاندا ھېرىپ،
سەن ئوچۇق قەبرىگە باشلايسەن مېنى،
مېھرىبان ئادەمدەك ئالدىمدا مېڭىپ.

ئەڭ يېڭى جەننەتكە ماڭغاندەك گويا،
مەن سېنىڭ پېشىڭگە ئېسىلىپ تۇرۇپ،
ئېيتىمەن چىرايلىق سۆزلەرنى قايتا،
مەن ساڭا ھەممىدىن ۋاپادار بولۇپ.

بىراق سەن لەززەتسىز تائامدەك مېنى
ئىتتىرىپ قويىسەن خالىغانچىلا.



مەن مەيۇس ھالەتتە قەلەمنى ئېلىپ،
«بەختسىز ئادەم» دەپ قويىمەن ئىمزا.

ۋە سېنى ئالدايمەن ۋەھىمە بىلەن،
يالغاندىن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ماختاپ.
ئىبلىستەك قولۇڭنى سوزۇپ سەنمۇ ھەم
ئەڭ ساختا خىيالنى تويۇمغا راسلاپ،
بەزىدە شەيتاندەك كۆرۈنۈپ غۇۋا،
بەزىدە تېنىمنى ئويناپسەن سىيلاپ.

مەن شۇئان دەسسەيمەن كونا سەنەمگە،
پۇت - قولۇم تامامەن كەتكىچە بوشاپ.
قايتىدىن ئەسلىمگە كېلىمەن يەنە،
سەن مېنىڭ قېنىمنى بولغاندا شوراپ.

يېڭىدىن مەن سېنى كۈيلەيمەن يەنە،
كۈيلىنەر بەختىنىڭ چەكسىز تارلىقى.


رېئاللىق ئايلىنار يەنە بىر قېتىم،
بۇزۇلماس تۇرمۇشنىڭ رىتىمدارلىقى.

## كۆز

شېئىر ۋە شائىرنىڭ ھەسرەتلىك تېگى،
ئازابلىق كۆي ساڭا ئاچقاندا قۇچاق.
تىڭشاپ قوي، مەن سارالڭ قەلەمنى تۇتۇپ
ناتونۇش بىر تىلدا ئېيتىمەن قوشاق.

يازىمەن قەلبىمنى قالدۇرماي تامام،
كېسەل كۆي دەستىدىن سۇنغىچە قەلەم.
يىغلىسۇن ئادەملەر قەلبىمگە قاراپ،
يىغلىسۇن قايتىدىن تۇغۇلغان سەنەم.

ئاتا قىل سەن ماڭا ئازغىنە نۇسرەت،
بىلگەن ۋە بىلمىگەن ھەممىنى يازاي.
سەن مەڭگۈ ئۆلمەيسەن، ئەمما ھەر كۈنى
مەن سېنىڭ قەبرەڭگە ئەڭ بۇرۇن باراي.



# شېئىرلار


مەخمۇتجان مۇھەممەت

## بۇژغۇنلار مۇزىكا، دېڭىز رويالدۇر...

بۇژغۇنلار مۇزىكا، دېڭىز رويالدۇر،
سەن شامال، چالىسەن ھەيۋەت دېڭىزنى.
تۇرىمەن شىمالدا مۇڭلۇق ئارچىدەك،
يىراق غەربىي جەنۇبقا تىكىپ كۆزۈمنى!

سۆيىمەن ھەر يەردە يالغۇزلۇقۇمنى،
ئېھ، بىغۇبار قىز سېنى سۆيگەندەك.
كۆلرەڭ ئازابلار ئىچرە مەستخۇشمەن،
ئاشۇ كۈن چۈشۈمدە سېنى كۆرگەندەك.

بۇژغۇن، شامال، دېڭىز سىڭدى روھىمغا،
سىڭدى نازۇك تەن، كۆي ئاربىلاشمىسى.
غايىۋى سىياقىڭ ھەردەم كۆزۈمدە،
يېلىنجايدۇ ئوتلۇق دېڭىز، قىيان تاشمىسى!



## كۆز ياپرىقى

ئېھ، مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك كۆز يوپۇرمىقى،
ئېزىققان خىيالدەك بارىسەن نەگە.
كۆرۈمسىز جىسمىڭدىن گۈزەللىك تامام
يۈتكەندەك ئىلتىجا قىلىسەن كىمگە! ؟

سوغ شامال ئايرىپتۇ سېنى شېخىڭدىن،
سولغۇنلۇق ساپسېرىق چېھرىڭدە ئايان.
يېگانە قولۋاقتەك تەۋرىنىپ كۆكتە،
ماڭىسەن قەبرەڭگە - ئازگاللار تامان.

تىنىمسىز تۆكۈلگەن كۈزنىڭ يامغۇرى،
ئۆتۈپتۇ غۇبارسىز تېنىڭنى يۇيۇپ.
ئېچىپتۇ ئۆلۈمنىڭ شۇ ھالدا چېچەك،
يىغلىما ئاھ ئۇرۇپ، قەلبىڭ ئۆرتىنىپ.

خەير - خوش ناتىۋان كۈز يوپۇرمىقى،
قۇچاقلاپ قوياي مەن سېنى بىر نۆۋەت.
قار - مۇزلار ئاستىدىن، زېمىن كۆكسىدىن،
بىخلىنىپ باھاردا ئۇنسۇن مۇھەببەت!

## ئايرىلىشنى قىلما ئىختىيار

ئېگىز - ئېگىز تاغلار بېشىدىن،
قىسمىتىمگە يىغلايمەن نىگار.
ئېقىنلارنى ياسايدۇ يېشىم،
دولقۇنىدا ھەسرەت جۇش ئۇرار.
ساداسىدا مۇھەببەت كۈيۈم،
نىداسىدا زارلىنىشىم بار.
ئاداققى رەت پۇرسەت بەر ماڭا،
ئايرىلىشنى قىلما ئىختىيار.

# شەرق تىلى

## ئابدۇقادىر جالالىدىن

1

مېنىڭ گۈنسىز چىراغىم خانىدە ئۈچتى شامال بىرلە،
بىزەندى نەزمىگاھىم چوغدىنى ئۈنسىز زاۋال بىرلە.
قاراڭغۇ تەكتىگە چۆكتۈم گويا ئالغان كەبى پەرمان،
قارايمەن تۆت تەرەپكە ئۈچ - چېكى يوق كۆپ سوئال بىرلە.
شەبىستانىم كۆلىدىن مۆزلىغان جىسمىم ئارام تاپتى،
چۈشۈمنىڭ يۇلتۇزىنى پەرلىدىم زۇمرەت خىيال بىرلە.




چىلاپ ئوتقا قەلەمنى سۇرمە رەڭ كۆن ھۆسنىگە چەكتىم،
قەلەم سۇنغاندا بارماق ئۇچلىدىم سەۋدايى ھال بىرلە.
پەلەكنىڭ مەيلى قانلار ئەۋجىدە غىل - پال ئايان بولدى،
چۈشۈردى تۈڭلۈكىمگە شولىلارن زەر ھىلال بىرلە.
ئۈچار بۇركۈتلىرىم، ئاھ، قاغجىراپ ياتقاندا تاغ باشى،
كېلەر كۆكلەممۇ يامغۇرنى ئېلىپ، يۇمران نىھال بىرلە.
سەھەر گۈل دەپتىرىدىن ئاختۇرار كۈي نوتىسى سۇلغۇن،
ئوقۇپ دىلغا ئالار ئەندازىنى ساھىبجامال بىرلە.

2

ئېيت ماڭا، سۇنغان كۆڭۈلنىڭ مېھرىبانى قايدىدۇر؟
بۇ كۆڭۈل ئىچرە ئۈمىدنىڭ پاسبانى قايدىدۇر؟
پەيلىرىم خىلۋەت جىرا ئىچرە توزۇپ، مەن ناتىۋان،
ناتىۋاننىڭ كۆكتە ئۇچقان قەھرىمانى قايدىدۇر؟
گاھىدا قار ئۈستىدە ئەگىدۇ لاچىن سايىسى،
ئۇشبۇ لاچىننىڭ باھادىر شوخ زۇۋانى قايدىدۇر؟
تاش يۇتۇپ، سۇندى چوكا، قالدى تارازا تەخسىسى،
ئەمدى ئەل سۆيگەن مىزاننىڭ ئىمتىھانى قايدىدۇر؟
مەي - شارابنىڭ پەيزىگە بولدى سېزىك ئىمانىمىز،
قەھرىدە يۇيماققا تەقدىرنىڭ توپانى قايدىدۇر؟
چەرخىمىز بەرقى پانا بولغايمۇ سەيياھ دەردىگە،
كائىناتنىڭ پەيلىگە دەركار خاقانى قايدىدۇر؟
چۈشتى سۇلغۇنغا ھىدايەت يۇلتۇزى سەۋدالىقى،
ئۇل مۇنەججىمگە سامانىڭ نەۋ جۇۋانى قايدىدۇر؟


3

جان ساڭا بولسۇن، جامالىڭ شەمئىدىن ئېھسان ماڭا،
شەمئىنىڭ زەررىسىدە ئۆلمەك ئەجەب ئاسان ماڭا.
نە ئەجەب، ئاۋاتلىقنىڭ ئايلانسا سۈلكەت ۋەسلىگە،
بولمىغاي بىچارىلىك ئەل ئالدىدا ئۇنۋان ماڭا.
بۇ ساياقلىق ھالىتىم تەركىي سائادەتتىن ئەمەس،
نى بالا، بۇ بەندىلىك بوپ قالسا بىر قالقان ماڭا.
ماگىمدا ۋىجداننى كۆن - تۈندە تالاي رەت چايقىدىم،
ئۇل قىيامەتتە كىرەكتۇر كۆيمىگەن ۋىجدان ماڭا.
يوللىدىم سۇبھىدە ھەق سۇبھانغا كۆڭلۈمدىن نىشان،
ئاخشىمى تاپقان ۋەھى ئەشئار سۇپەت مېھمان ماڭا.
كەل مېنىڭ ھىجرانلىرىم گۇگۇم سىياقىنى ئېلىپ،
مەنكى ئاچ قالغان خوراز، يۇلتۇزلىرىڭدۇر دان ماڭا.
بەرگى سۇلغۇنغا چېچەك قوندۇرسا ئازادە نەپەس،
مېھرىدىن ئىشلەپ ئەتىر سەپكەي چوقۇم رىزۋان ماڭا.



4

ھىدايەت شەربىتىنىڭ تەمىنى شوخ ئەركىلەردىن سور،
نادانلىق ئىچرە قالغان ئەل غېمىنى سەركىلەردىن سور.
تۇغۇلسا خان ئىدى ھەركىم ئۆزىگە بۇ ماقامەتتە،
زامان زەرداپلىرىنىڭ رەمزىنى بى بەھرىلەردىن سور.
پەلەك دەرۋازىسىنى ئاچمىدى مالىك ئىجازەتتە،
ئەرش رۇخسارىنى تۇپراق يۈزىدە تەركىلەردىن سور.
نېچۈن رەپتارى ئالەم خۇلقى نالانغا خۇمار شۇنچە،
سۈرەتلىك بەزمىدە پىنھانە ئاققان قەترىلەردىن سور.



مېنىڭ يازۇلىرىم كەلكۈن سۈيىدەك ناجۇلا، بەگۈۋاش،
يادا تاش ئالدىدا قان ئەۋجى تارتقان نەھرىلەردىن سور.
تۇگۈن شەرھىگە مىسرا ئۇرمىقىم ھاجەت ئەمەس زىنھار،
سېخىي مۇگداشلىقىم، سىرداشلىقىمنى سەدرىلەردىن سور.
سېنىڭ ئادەملىكىڭ ئالەملىكىڭنىڭ يىلتىزى، سۆلغۇن
ئۆتتۈلگەن ئادەملىك قەدرىنى بى قەدرىلەردىن سور.

5

گۈل قېشىدا گۈل تۇرۇپتۇ، گۈلچىسىنى كۆرمىدۇق،
گۈلچىنىڭ ئۇچقۇر ئاياغلىق ئەلچىسىنى كۆرمىدۇق.
گۈل چىرايى سۈبھىنىڭ مەڭزىدە ئاتەش جىلۋىسى،
گۈلچىگە گۈلنىڭ سىرى - تۇگۈنچىسىنى كۆرمىدۇق.
كېچە يوقلاپ ئۆتتىمۇ گۈلنى تەسەللى ئاپتىپى،
بەرگىدىن ھىجران ياناغى ئۈنچىسىنى كۆرمىدۇق.
نە بولاتتى گۈلگە گۈل يەتكۈزسە نازغىپ خۇشخەۋەر،
ئۆرلىدى شەلپەر شەپەقمۇ، كۈلكىسىنى كۆرمىدۇق.
تەۋرىنەر زۇمرەت مەسەللىك سۇدا گۈلنىڭ سايىسى،
ۋەسلىدىن ئۆركەشلىگەن پۇچۇركىسىنى كۆرمىدۇق.
گۈلچى غەپلەت ئىلكىدە ياكى پۇچۇلدى ھەپسىدە،
شورىغان ئاچچىق ئىسى - موخۇركىسىنى كۆرمىدۇق.
سىلكىنىپ گۈل چاچتى ھەريانغا گۈزەل ئەۋراقىنى،
دەيدۇ سۆلغۇن، باغدا گۈل ئاۋۇنچىسىنى كۆرمىدۇق.

6


گەر ئەسلىسەم خىيالىمدا سەن پەيدا،
ئاپتاپ بولۇپ ئارامىمدا سەن پەيدا.
يالغۇزلۇقتا تىڭشاپ جىمجىت ئۈنىڭنى،
ھەر تەرەپكە سالامىمدا سەن پەيدا.
تۈنلىرىڭدە سان - ساناقسىز قۇياش بار،
بۇ ھاياتقا سوئالىمدا سەن پەيدا.
خەلقىم دىلى تىلسىماتلىق چۆل ماڭا،
زېمىن بەرگەن ئىمانىمدا سەن پەيدا.
قۇچاقلىسام قۇچاقلايسەن، سۆيسەن،
ساڭا مايىل قارارىمدا سەن پەيدا.
يۈلتۈز بولۇپ يالتىرايسەن قېنىمدا،
تېنىم لەختە، كانارىمدا سەن پەيدا.
سۆلغۇن ساڭا يۈگۈرەيدۇ تەمتىرەپ،
مىنۇتلاردا ئامالىمدا سەن پەيدا.

7

ئۇچقۇنۇم چاچرايدۇ سەندەل ھەم يوغان بازغان ئارا،
قالدى مەن بەرگەن سادالار قاپقارا ئايۋان ئارا.
سۆلتىم غايىبقا چىرمالدى غىلاپىنىڭ ئىلكىدە،
بىسلىرىم بەرقى جالالە بەرمىدى مەيدان ئارا.
جەۋھەرى جانىمدا گۈلخانىنىڭ سىماسى كەتمىدى،
دۇتلەر رىشتىگە پەيۋەندە، بۇزۇلغان خان ئارا.
قۇش بولۇپ چىقسام پەلەكلەرگە، ئۇۋۇام يەر ئۆزرەدۇر،
ئازغىنا رىزقىممۇ ئاپەتتۇر چېچىلغان دان ئارا.
نەدەل چۆل سۈرمەككە لۇتقى ھەم ناۋائى پەيزىنى،
قالدى بوينۇم بىر تىزىق باتىل ئەدەپ - ئەركان ئارا.
سورۇسام خامانىنى دان يوق ھەم سامان يوق يەل ئارا،
پايدىسى بولماس تىلاۋەتنىڭ نىجىس شەيتان ئارا.
بىس كەبى گىزدابتا يول يۈرگەندە سۆلغۇن بول ئاگاھ،
بولما قوزغۇنغا زىياپەت ۋادەئى ۋەيران ئارا.

8

كېچە ئۆيقۇمغا لىباستۇر سايىڭىز،
چۈشلىرىمدە بىر دەرەختۇر رايىڭىز.
يىلتىزى كەۋسەرگە پەيۋەند جام ئارا،
ئىشتىياق يانغان چىراغدۇر جايىڭىز.
سايىدمۇ شەربەت نېسىپ تاشتىن ماڭا،
ھەرقاچان ھەمراھ بولۇپ ھىمايىڭىز.



ئاش ماڭا قوۋزۇمنى ئۆششۈتسە جۇدۇن،
بۇ سىگاھ ئۆزرە يېنىپ گۈلنارىڭىز.
كۆزلىرىم دەرگاھ ئارا سەييارىدۇر،
بارچە شەيئىدە ئايان دىدارىڭىز.
قىيغىتار ئالەمنى بىر سەينا بىلىپ،
دىلدا ھېكمەتتىن نىشان مىمارىڭىز.
ئېپ كېلەر سۈلغۇن ئېسىگە مىلك پەسىل،
چىرتىلىپ بارماقلىرىمدا تارىڭىز.

**9**

باشىم قەدەھتۇر ساقى تۇتسا خۇمار، يار ـ يار،
گەر خالىساڭ سىقىپ ئىچ، جىسمىم ئانار، يار ـ يار.
پەۋەس تولدۇر قەدەھنى، باسقىن ئىچىپ ھەۋەسنى،
ئىچىپ يوچۇن كۆزلەرنى سۇبھى يانار، يار ـ يار.
لالە مەيگە سىزىكسەن، ئىچسەڭ ئۇنى تۈزۈكسەن،
قارا باسسا قورقۇتۇپ، شىشە تۇمار، يار ـ يار.
سەن خۇمارغا ئۇتۇلغان، غۇلام ساڭا تۇتۇلغان،
سارايىڭدا پايپېتەك تۇتۇپ پانار، يار ـ يار.
تامچە ـ تامچە يۇتقاندا، مەي تەمىنى ئۇققاندا،
ئەيشىڭ بوران ئۇنىدە سۇرەن سالار، يار ـ يار.
بەزمە ئۈزۈن، مۇغەننى چالار تىنماي سازىنى،
مىجەزىڭ چۇس، پەرىشان ئۈزۈلسە تار، يار ـ يار.
سۈلغۇن ئېيتار، قەدەھتىن كۆرگىن قۇياش ھالقىۋى،
تاڭغا ئاشىق سۇۋادان قانات قاقار، يار ـ يار.

**10**

مەن ساڭا ئامراق، سېنىڭمۇ بار ئىكەن ئامراقلىرىڭ،
باغ ئىكەن ئامراقلىرىڭغا ئاخشىمى تۇپراقلىرىڭ.
ناخشىنى مەن توۋلىسام، لەۋلەر قورۇپ ھەم چارچىسام،
ئاش ئىكەن ئامراقلىرىڭغا تىل بىلەن تامغاقلىرىڭ.
مەن سابا تەرزىدە چۆرەڭدە كېزەرمەن دەم ئۇرۇپ،
يەلپۈنۈپ قەددىڭ، چاۋاكلاپ قويمىدى ياپراقلىرىڭ.




رەشكىدىن قويدۇم سەھەرنىڭ جامىغا خۇناب مەي،
قىپقىزىل رەڭگە كىرىپتۇ سۇپسۈزۈك تىرناقلىرىڭ.
سۇ بويى خىلۋەتتە سۇمبۇل چاچلىرىڭنى كىم پۇرار،
قايسى ئەغيار ئالقىنىدا ئېرىدى بارماقلىرىڭ؟
ئاھۇدەك يەڭگىل بېسىپ ئۆتسەڭ قېشىمدىن رەستىدە،
جانغا پاتتى تىترىگەن ئالماڭ ئارا قىيناقلىرىڭ.
ئۆزى ئىچكەنغۇ ناۋائىنىڭ نىگارى ئوغنى،
ئوغا سۈلغۇنغا سۇنۇلدى، ئۆزگىگە قايماقلىرىڭ.

# شېئىرلار

## تۇرغۇن تۇرسۇن

### خەتەرلىك يول

جېنىم ئانا، قورقمەن
بۇ ناتونۇش يولدىن مېڭىشتىن.



ماڭسام ئەگەر بۇ يولنى بويلاپ
مۇمكىن قىزغا قېلىشىم ئۇچراپ.

خەتەرلىكتۇر پاك قىزنىڭ كۆزى،
چۆكۈش ئاڭا ئازاب، بەك ئازاب.

دوقمۇشى كۆپ بۇ يولنىڭ بەلكىم،
دوقمۇشلاردىن ھودۇقمايدۇ كىم؟
مۇمكىن تۇنجى دوقمۇشقا بېرىپ
بىر توشقانغا سوقۇلۇپ كېتىپ
قاچمەن دەپ ئېزىپ كېتىشىم.

بار بۇ يولدا كاتتا بىر شەھەر
كوچىسىنى گۈلخان قاپلىغان.
ھەممە جايدا نۇر ۋە ھارارەت،

ۋاقىت تاكسى بولۇپ قاتنىغان.
مەن بۇ يەردە مۇمكىن تاكسىدەك
تېز سۈرئەتتە كۆيۈپ كېتىشىم.


ئەڭ ئاخىرى بۇ يولنىڭ، ئانا،
تۇتىشىدۇ ياقىي دۇنياغا.
مەن قورقىمەن تېنەپ يۈرۈشتىن
بىھىش، دوزاخ ئوتتۇرىسىدا. . .

بۇ يول بەكمۇ ناتونۇش ماڭا،
مەن قورقىمەن، قورقىمەن ئانا.

## ئارتۇق ئادەم

مەن نىھايەت ئارتۇق بىر ئادەم،
قىستۇرۇلۇپ كىرگەن ئارىغا.

تەۋە ئەمەس بۇ يوللار ماڭا،
تەۋە ئەمەس مەنمۇ ئۇنىڭغا.
سەن تارقىتىپ يۈرگەن تەبەسسۇم
ئۇچرىمايدۇ ماڭا، مەن ئاڭا.



مەن نىھايەت ئارتۇق بىر ئادەم،
چۈشىنىدىنىمۇ كېرەكسىز ھەتتا.
مەن بولمىساممۇ
يوللاردا، ئۆيلەردە، ئويلاردا، ھېچكىم
بىر دەقىق توختاتماس تىنىقلىرىنى.
ھەتتا كۆل ئېسىدىن چىقارماس بىردەم
باغرىدىن تىن ئالغان بېلىقلىرىنى.
ياپراق سۆيىدۇ يەنە شامالنى،
پۇل يەنە تاپىدۇ ئىزدەپ باققالنى،
ئالەملىك تارتىشىش مەۋجۇت يەنىلا،
يۇلتۇز يەنىلا ئۇۋلار خىيالنى.

مەن نىھايەت ئارتۇق بىر ئادەم!
ھېچنەرسە خۇش ئەمەس تۇغۇلغىنىمغا،
مۇڭ چەكمەس ۋە يەنە يوقالغىنىمغا،
دېمەك، مەن تۇغۇلغان دەقىقىدە دەل
ماتەم مۇراسىمىم بولۇپ قالار تەل.

## تەنھالىقتا پىچىرلاش

تەنھالىق، مەن ساڭا پىچىرلاي بىردەم،
كەل، چاڭغاق روھىمغا باسقىن سەن قەدەم.

يۈزۈمنى ئۈزلۈكسىز سىيلايدۇ بىر كىم
مۇزىكا سۇۋالغان قوللىرى بىلەن،
لېۋىمگە ئۈزلۈكسىز تۆكىدۇ شېئىر
بەدىنى شېئىرغا ئايلانغان سەنەم.
پەقەت مەن تۆت تامغا ئەسىر بولغاندا،
تەنھالىق باغرىنى ياقىدۇ ماڭا،
ئايلىنىپ كېتىمەن تەنھالىقتا مەن.

قەدىردان تەنھالىق، ئېيتىپ بەر ماڭا،
چاڭقايدۇ ئادەمنىڭ روھى نېمىشقا؟
سەنەمنىڭ قولىنى تۇتۇش نېچۈن تەس،
شېرىن دەم نە ئۈچۈن ئامراق قېچىشقا؟
نە ئۈچۈن جۇرئەت كەم ئادەم زاتىدا
بەخت بار ساندۇقنى تولۇق ئېچىشقا؟

بىر ئازاب بولساڭمۇ جېنىم تەنھالىق،
ئەڭ ئاسان سەن بىلەن گىرە سېلىشىش.
چاڭقاقلىق دەردىنى يېڭىش ئۈچۈنلا،
كېرەكتۇر باغرىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقىش.

تەنھالىق، سەن بىلەن خوشلىشاي بۇ دەم،
بەخت بار كوچىغا باساي ھەم قەدەم.




# شېئىرلار

### مۇھەممەتجان سەيدۇللا

## شېئىر قەسىدىسى

سورىما مېنىڭدىن سۆيگۈ ھەققىدە،
مەن ئاشۇ گۈلزاردىن قېيىدىغان ئادەم.
سورىما مېنىڭدىن ئادەم ھەققىدە،
ئۇ ئاشۇ گۈلزاردا تۇزىغان لالەم.




ئېتىقاد نېمە دەپ سورىساڭ ئەگەر،
شېئىر ۋە شېئىر دەپ بېرىمەن جاۋاب.
سورىما مېنىڭدىن ئالەم ھەققىدە،
زور يانغىن ئىچىدە تۇرىمەن قاراپ.

شېئىر ئۇ نېمە دەپ سورىساڭ ئەگەر،
شائىرنىڭ كۆكسىدىن تېشىپ چىققان قان.
بىر كۈنى ھەممە كۆچ كىرىپ قەبرىگە،
ئاشۇ قان ئىچىدە يۇيۇنار جاھان.

## ئۆلۈم

سۆيۈپمۇ قالىمەن سېنى شۇ قەدەر،
سۆيگەندەك يارىمنىڭ گۈزەل چېھرىنى.
خالايمەن ئاھ يەنە قاقشاپ، ئاھ ئۇرۇپ،
مەڭگۈگە كۆرمىسەم دېيىشنى سېنى.



ئەمدىلا پارلىدى ئەقىل يۇلتۇزۇم،
كەينىمدىن ئەگىشىپ يۈرۈپسەن بىراق.
مەن تېخى باسمەن ئۇزاق بىر مەنزىل،
مەن ئۈچۈن ئاھ، تېخى ئۇپۇقلار يىراق.

شىپىرلاپ تىۋىشىڭ كېلەر ئەتراپتىن،
قەيەردىن كەلدىڭسەن، بارىسەن قايان؟!
بىر كۈنى ھەممىنى قىلىسەن بەربات،
يارىمنىڭ ئايرىلىش خېتىدەك ھامان.

## مەن قۇشقىمەن، سېنى ئىزدەپ ھارمىغان


### ئابدۇللا ئېلى

سەن مەبۇدىسەن، ماڭا نېسىپ بولمىغان،
گۈلى رەيھان، تىنىقىمدا سولمىغان.
سەن بىر شاراب، قىيامىڭغا تويۇنغان،
مەن قەدەھمەن، بېلىق كۆزى تولمىغان.



نادىر سۈرەت، جىسمىڭ نۇردەك پارلىغان،
مەۋجۇتلۇقتا يارقىن رەڭلەر تاللىغان.
مەن سىزىقچە، قانسامۇ گەر جەزبىلىك،
ناباب رەسسام نومۇسسىزچە شاللىغان.

تۆرەلمىشىڭ سۇبى كەۋسەر بىر قەترە،
مەن بىر سەيياھ، ئىچىپ - ئىچىپ قانمىغان.
سەن ئالەمدە تەڭدىشى يوق بىھىشگاھ،
مەن قۇشقىمەن، سېنى ئىزدەپ ھارمىغان.




(هېكايە)

## هاجى ئەخمەت كۆلتىگىن

تۇيۇقسىز باشلانغان بىئاراملىقتىن كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم قايغاندەك بولدى - دە، ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋالدىم. خۇددى قوينىڭ ئۆپكىسىنى قويۇش ئالدىدا ئىككى قول بىلەن مۇجۇپ قانسىراتقاندەك يۈرىكىمنى نامەلۇم بىر نەرسە مۇجۇپ ئاغرىتىشقا باشلىدى. دەسلەپتە كۆكرىكىمدىن باشلانغان ئاغرىق بارا - بارا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تارقىلىش بىلەن بەدىنىم ۋە سەزگۈ ئەزالىرىم پالەچلىنىپ ھوشۇمنى يوقاتتىم.

ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىمنى ئاران - ئاران مىدىرلىتىپ كۆزۈمنى ئاچقاندىم، ئاق خالات كىيگەن بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ غۇۋا چىرايى تۇمان ئىچىدە قالغاندەك خىرە - شىرە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. دىمىغىمغا مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان دورىنىڭ سېسىق پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئايال كىشىنىڭ «ئۇ ھوشىغا كەلدى!» دەپ پىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. باش ئۈستۈمدە بىر كۆلەڭگە تەۋرىنىپ تۇراتتى. بارا - بارا ئۇ ئېنىق بىر شەكىل ھاسىل قىلىپ، كىچىككىنە قىزىل توچكىغا ئايلاندى. بىگىز سانجىغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىغان كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن، ئېھتىمال بىرقانچە مىنۇت ياكى بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندۇر، كۆزلىرىمنى ئاستا ئېچىۋىدىم، باش ئۈستۈمدە ئېسىلىپ تۇرغان ھېلىقى قىزىل توچكىنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن خېلىلا يوغىناپ قالغانلىقىنى كۆردۇم. ئۇ بىردەمدىلا چېلەكتەك، كېيىن ماي بوچكىسىدەك چوڭىيىپ ئاخىرىدا قىپقىزىل ئوت شارىدەك كۆز ئالدىمدىكى بوشلۇقنى قاپلاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن تامچىلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قان كۆز چاناقلىرىمغا توشۇپ، يورۇقلۇق نەزەرىمدىن غايىب بولدى.

قانچە ۋاقىت ئۇخلىغىنىمنى ياكى ھوشسىز ياتقانلىقىمنى بىلمەيمەن، كۆزۈمنى ئېچىپ ئۆي ئىچىنىڭ باشقىچىلا يورۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. باغ تەرەپكە قارىغان دېرىزە ئېچىۋېتىلگەن، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى ئالتۇن تەڭگىلەردەك جۇلالاپ، يۈزلىرىمنى سۆيۈپ ئويناقتا ئىدى. مەن تەڭگىلەرگە قولۇمنى ئۇزاتتىم، لېكىن ئۇلار ماڭا تۇتۇق بەرمىدى. ئەتراپىمغا سەپسېلىپ، ئۆزۈمنىڭ دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىمنى بىلدىم. ئىشىك ئېچىلىپ سالاپەتلىك ئەر دوختۇر بىلەن سېستىرا قىز كىرىپ كەلدى.

- بەللى، شۇنداقمۇ ئۇزۇن ئۇخلىغان بارمۇ، بۇرادەر، بىھوشلۇق ئىچىدە ئۇخلاپ ياتقىنىڭىزغا توپتوغرا ئۈچ كۈن بولدى. خەيرىيەت، بۇگۈن ئويغىنىپسىز! - دېدى دوختۇر چاقچاق ئارىلاشقان تەلەپپۇزدا، - ھازىر ئۆزىڭىزنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسىز؟

- رەھمەت، دوختۇر، خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن.

- ئۇنداق بولسا ياخشى، - دېدى دوختۇر جىددىي ھالەتكە قايتىپ، - سىز ئۆزىڭىزنى باشقۇرالمايدىغان ئاجىز تەبىئەتلىك كىشىلەردىن بولمىغاندىكىن، گەپنىڭ راستىنى ئېيتاي، يۈرىكىڭىز پۈتۈنلەي كاردىن چىقىپتۇ، بۇرادەر، بۇنداق يۈرەك بىلەن ئەمدى ياشاپ بولمايدۇ. شۇڭا سىزنىڭ رازىلىقىڭىزنى ئېلىپ، يۈرەك

كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلىش قارارىغا كەلدۇق.

- نېمە دېدىڭىز؟ !- تېنىم شۈركىنىپ، ھولۇققان ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمىگەندەك دوختۇردىن قايتۇرۇپ سورىدىم.

- يۈرىكىڭىزنى ئالماشتۇرمىساق بولمايدۇ دەۋاتىمەن،- دېدى دوختۇر مېنىڭ جىددىيلەشكەن تۇرقۇمغا پەرۋا قىلمىغان ھالدا.

- يۈرىكىمنى نېمە بىلەن ئالماشتۇرماقچىسىز؟

- مانا، بۇنىڭ بىلەن،- دېدى دوختۇر سېستىرا قىزنىڭ قولىدىكى پەتنۇستىن سۇس قىزىل رەڭدىكى مۇشتۇمچىلىك بىرنەرسىنى قولىغا ئېلىپ.

- قانداق نەرسە بۇ؟- دېدىم گاڭگىراش ئىچىدە ئۇنىڭ قولىغا قاراپ.

- بۇ دېگەن سۇنئىي يۈرەك!- دېدى دوختۇر قولىدىكى نەرسىنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ كۆرسىتىپ،- يۈرەك بولغاندىمۇ ساپ خىمىيۋى بىرىكمىلەردىن ياسالغان يۈرەك دەڭا، بۇنىڭ ئىقتىدارىدىن گۇمانلانمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

دوختۇر زوقلىنىپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ گېپىچە بولغاندا، مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز يۈرىكىم بىلەن ئۆرە بولالمايدىكەنمەن. ئەمدى ئۇ يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى، تاجىسىمان قىزىل قان تومۇرنىڭ قېتىشىشى دېگەندەك كېسەللەرنىڭ قوزغىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەسمىش. شۇڭا ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چوقۇم يۈرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشۇم زۆرۈرمىش. . .

- قانداق، ئەمدىغۇ گېپىمگە ئىشەنگەنسىز،- دېدى ئۇ قولىدىكى سۇنئىي يۈرەكنى كۆز - كۆز قىلغاندەك يۈزۈمگە يېقىنلاشتۇرۇپ، يۈرىكى ئاجىزلاپ كاردىن چىققان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە مۇشۇنداق يۈرەكنى ئالماشتۇردۇق. ئۇ تاغدەك ئېغىر بېسىمغىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

- كۆتۈرۈك بۇ نەرسىڭىزنى!- دېدىم قوللىرىمنى سىلكىشلەپ ۋارقىراپ،- بۇ نەپرەتلىك بىرنېمىنى كۆزۈم ئىككىنچى كۆرمىسۇن. باشقىلارنى ئالداپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك، مېنىڭ يۈرىكىمنىمۇ سۇغۇرۇۋالىمەن دەپ خام خىيال قىلماڭ! . . .

دوختۇرنىڭ چىرايى دەسلەپ تاتىرىپ، كېيىن قارىداپ كەتتى. ئۇ ماڭا دەسلەپ ھەيرانلىق ئىچىدە، كېيىن غەزەپ بىلەن ھوميىپ قارىدى ۋە ئاچچىق بىلەن:

- سىزنى غەرەز ئۇقمىدىغان، ئەقىللىق ئادەم دەپ قاپتىكەنمەن. ئەمدى بىلدىم، قىپقىزىل ساراڭنىڭ ئۆزىلا ئىكەنسىز، بۇ يەردە يۈرەك كېسىلىڭىزنى داۋالايمەن دېمەي، سىزنى ئۇدۇللا روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا يوللاپ بەرسەك بولغۇدەك! . . .

- ھەببەللى، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا بولدى. ھەقىقىي يۈرىكى سۇغۇرۇۋېلىنىپ، خىمىيلىك بىرىكمىلەرنىڭ قېتىشمىسىدىن ياسالغان داشقالدەك بىرنېمىنى يۈرەك ئورنىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ياشىغاندىن كۆرە، ئۆزۈمنىڭ ئەسلىدىكى ئىنسانىي يۈرىكىمگە تايىنىپ ساراڭ بولۇپ ياشىغىنىم مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ كۆيۈك تەپتى - ئىشق ھارارىتىدىن گۈلخاندەك لاۋۇلداپ يانمىسا، غەزەپ - نەپرەتتىن مۇز بولۇپ قاتمىسا، خۇشاللىقتىن سۇدىكى بېلىقتەك ئوخچۇپ يايراپ، ئازاب - ئىزتىراپتىن شامال سوققان ياپراقتەك تىترىمىسە ئۇنى قانداقمۇ يۈرەك دېگىلى بولسۇن؟ ! ھەقىقىي ئىنسان بارلىقىنى ئەقلى بىلەن ئەمەس، يۈرىكى بىلەن ھېس قىلىدۇ. دەردى يوق كېسەك، ئىشقى يوق ئېشەك دېگەندەك، ھېس - تۇيغۇدىن مەھرۇم بىرنەرسە قانداقمۇ يۈرەكنىڭ ئورنىنى باسالىسۇن؟ ! . . .

دوختۇر بىلەن سېستىرا كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە ئاغزىمغا قاراپ قالغانىدى. ئۈستۈمگە يېپىلغان يوتقاننى قايرىۋېتىپ ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم - دە، كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويۇلغان كىيىملىرىمنى ئېلىپ كىيدىم، ئاندىن دوختۇرغا قاراپ:


- ئۆيگە بېرىپلا ھېساباتنى ئۈزۈۋېتىشكە بىرسىنى ئەۋەتىمەن، خاتىرجەم بولۇڭلار،- دېگەن گەپنى قىلىپلا دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

دىمىغىمغا ئۇرۇلغان ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ، ئۆزۈمنى باشتىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. كوچىدا مىغ - مىغ ئادەم ئالدىراش ھالدا ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئىپادىسىز چىرايلار، ھاڭۋاقتىلارچە مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلەر، ئۆتكۈنچىلەرگە بىچارىلەرچە قول سۇنۇپ سەدىقە سوراۋاتقان تىلەمچىلەر. . .

كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان تونۇش ۋە ناتونۇش كىشىلەرگە قاراپ، مۇنداق بىر ئوي كۆڭلۈمدىن كەچتى:

- ھەي، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقىي يۈرىكىنى ئالغۇزۇۋېتىپ، مۇشتۇمچىلىك بىر پارچە قېتىشمىنى يۈرەك ئورنىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەرمىدۇ؟ كىشىلەر نېمانچە يېپەرۋالىشىپ ۋە چاكىنىلىشىپ كېتىدىغاندۇر دېسەم، ئەسلىدە ئۇلار ھەقىقىي ئىنسانىي يۈرەكتىن مەھرۇم بولۇپ قالغانمۇ قانداق؟ ! ھەي، بىچارە بەندىلەر! . . . مەن ھەرگىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاپ قالماي، بىر كۈن، ھەتتا بىر سائەت بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ تەبىئىي يۈرىكى بىلەن ياشاي.

# توخۇ ئىزدەش ئېلانى



(ھېكايە)

## غاپپار تەۋەككۇل

كۆك تاجلىق مېكىيىنىمنى يوقىتىپ قويغىنىمغا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بولدى. مېنىڭ كۆڭلىرىم، پۈتۈن ئەس - يادىم شۇ مېكىياننى ئىزدەش بىلەن ئۆتمەكتە.

دوست - بۇرادەرلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ قالغان چاغلىرىمىزدا ئۇلار ھاراقنىڭ كەيپى بىلەنمۇ ئەيتاۋۇر «شۇنداق قىلىپ ھېلىقى مېكىيان تېپىلمىغان بولدى» دەپ قويۇشىدۇ. بولمىسا كارى يوق. بەزىدە «سەن نېمە كويدا، جاھان نېمە كويدا، بولدى قىل ئەمدى قاقشىغان بىلەن بىكار» دېيىشىدۇ. باشقىلار نېمە دېيىشسە دېسۇن، مەن ئۇنى چوقۇم تاپماي قويمايمەن، دەيمەن ئىچىمدە. بەلكىم مېكىيان دائىم مەن بىلەن بىللە بولسا كېرەك. سۆزلەپ كەلسەم ئۇ شۇنداق مېكىيان ئىدىكى، ھەي... لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ ئىزدىشىپ بېرىدىغان بىرەر ئادەم چىقمىدى. شۇنداق، مەن ئۇنى يوقىتىپ قويدۇم. بەلكىم ئۇنى تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەمنى ئاۋارە قىلارمەن. بۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارغىمۇ پايدىسى تېگەتتى.

بىر كۈنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئېلان بۆلۈمىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ تەستە تاپتىم - دە، ئۇسسۇپلا كىردىم. قارىسام بۆلۈمنىڭ ئىچىدە تونۇشتەكلا بىرەيلەن ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى نەدە كۆرگەن بولغىيدىم؟

- يېڭىلىققۇ بۇ ئاداش، ھەجەپ قەدىمىڭ يېتىپ قاپتا؟ - ئۇ شۇنداق تونۇش، لېكىن ئەسلىيەلمىدىم. ئۇ قولۇمنى قىسىپ سۆزلىگىلى تۇردى:

- ھە، قانداق ئەھۋالىڭ ئاداش؟ خىزمىتىڭ - دە بولىدىغان بىرەر ئىش - پىش بارمىدى. مەنغۇ سېنى تارىخ تەتقىقاتىنى تاشلاپ، پۇل تەتقىقاتىغا چۈشۈپ كەتتى دەپ ئاڭلىغان. بىرەر چامدان پۇلنى يۇتتۇرۇپ قويۇپ ئېلان بەرگىلى كەلمىگەنسەن؟

مەن ئۇنى ئەسلەشكە تىرىشاتتىم، توغرا بۇ مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدا بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئاغىنەم ئەمەسمۇ!

- كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ ئاداش. ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشى بىلەن. بىر توخۇيىمنى يوقىتىپ قويغانىدىم، شۇنىڭغا ئېلان بەرگىلى كېلىشىم.

- نېمە، نېمە دېدىڭ؟ توخۇغا ئېلان بەرگىلى كەلدىم دېدىڭما؟ ئۇ داڭلىق سوقۇشچى خوراز ئوخشىمامدا؟ ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى توخۇ سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا باردىم دېگىنە. ۋاي، كارامەت قىزىپ كېتىدىكەن. قاراپ تۇرسام سوقۇشتا ئۇتۇپ چىققان بىر خورازنىڭ باھاسى ئون مىڭ يۈەنگە چىقتى، ئون مىڭ يۈەن. سېنىڭ توخاڭمۇ شۇنداق توخۇ ئوخشىمامدۇ؟ ئەمدى تەتقىقاتىڭمۇ، تىجارىتىڭمۇ تاشلاپ مۇشۇ يولغا كىرىپ قاپسەن - دە! ھەي پۇل، لېكىن... لېكىن ئىستانسىمىز ھازىرغىچە ھايۋاناتلار توغرىسىدا ئېلان بېرىپ باقمىغان، قېنى كۆرەرمىز، پۇل بىلەن ئاقىدىغان ئىش بولغاندىكىن.

- ھەي، بۇ ئەسلى مۇنداق توخۇ ئىدى...

بىز كۆك تاجلىق مېكىيان توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

گەپنى نەدىن باشلىسام بولىدىكىن؟ سەن بىلىسەن، مەن ئەسلى يەر ناملىرى ئىشخانىسىدا

ئىشلەيتتىم. تارىخنى تەتقىق قىلىشمۇ بىر ھېسابتا بولىدىغان ئىشكەن، ئادەم ئۆزىنى نەچچە مىڭ يىل ياشىغاندەك ھېس قىلىدىكەن. چوڭ ئانام رەمەتلىك ئاپپاق غوجا، مەھمۇت قەشقەرى توغرىسىدا سۆزلەپ كېتىدىغان بولسا ئېغىكىمنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ كېتىدىغان. . . ئەمدى تارىخ توغرىسىدا سۆزلەپ كەتتىمغۇ؟ گېپىم مېكىيان توغرىسىدا بولماقچىدى. ئۆيۈم بىلەن بازارنىڭ ئارىلىقى خېلى بار. ئىدارىدىن ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىۋىدى، ئۇنى باشقا بىرسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى ئانچە - مۇنچە بېزەپ كۆچۈۋالدىم. تار يەردە گۆش يېگۈچە، كەڭ يەردە مۇشت يە، دېگەن گەپ بار. شەھەردىكى ئادەملەرگە ھەيران قالىمەن، توخۇ كاتىكىدەك ئۆيلەردە قىستىلىپ ياشاشنىڭ نېمە لەززىتى، مېنىڭ ئۆيۈمگۇ ئۆز ۋاقتىدا ئالدىنقى قاتاردىكى ئۆيلەردىن ئىدى. ئەمدى مودىدىن قالدى. سەن بىلىسەن، ھازىر كىشىلەر يارىتىۋاتقىنى نەنىڭ مودىسىدۇ دەيمەن. گور كولاشتىمۇ مودا يارانقىلى تۇرۇپتۇغۇ ئەمدى. ئۆتكەندە بىر ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. بىر چوكان ئەگەر دوختۇرلار تېز قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا تاس قالىتى جېنى چىقىپ كەتكىلى، ئۇقسام ئۇ چوكاننىڭ بىر دوستى بۇ شەھەردىكى ھېچبىر ئايال كىيىپ باقمىغان يېڭى مودىدا كۆڭلەك كىيىپتىكەن، ئۇمۇ دەرھال شۇنداق كۆڭلەك تىكتۇرمەكچى بوپتۇ. لېكىن سەيپۇڭ كۆڭلەكنى تىكىپ بولغىچە كېچىسى ئۇخلىيالماي نېرۋىسى كاردىن چىققانمۇ. . . توخۇ ۋەسۋەسىدە مەنمۇ كاللامدىن ئېزىۋاتامدىم - نېمە؟ ھازىرغۇ خەق پۇلنىڭ دەردىدە كاللىسىدىن ئازغىلى تۇردى. ھە راست، سىنى خېلى كاتتا قورۇ - جاي سېلىۋاپتۇ دەپ ئاڭلىدىمغۇ، پۇل تېپىش يوللىرىنى بىزگىمۇ ئۆگىتىپ قوياي دېمەيسەن. پۇل دېگەن نەرسىنىڭ مەن بىلەن خۇشى يوق بولۇپ چىقتى قارا. ھازىرغۇ ئۆزۈمنى پۇلغا ئانچە ئۇرۇپ كەتمەيمەن، بىر چاغلاردا «پۇلنىڭ قەغىزى بولۇپ كەتكەن بولسام بوپتىكەن» دېگەن چاغلىرىمۇ بولغان. . .

ئەمدى نەق گەپكە كەلسەم، ئۆيىمىز بىلەن بازارنىڭ ئارىلىقى خېلى يېقىن. سودا قىلىدىغان ئىشلىرىم بولسۇن - بولمىسۇن، يەكشەنبە كۈنى ئايلانمىسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەتىگەندىلا قار ياغدى. كۈنلىقىغۇ ئىشەنمەيمەن. قار ياغقان كۈنلىرى ئىشىم ئوڭغا تارتىدىغان. كەيپىم شۇنداق خۇشال، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ توخۇ، ئىت بازىرىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ قاپتىمەن. مۇشۇنداق ۋاقىتتا توخۇ، ئىت بازىرى شۇنداق قايناپ كېتىدىغان. ئىتلارنىڭ تالىشىشىنىڭ دەھشەتلىكى، باش - كۆزى قانغا بويالغان توخۇلارغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ. شۇلارنى بىر تاماشا قىلىپ كۆرەيچۇ دەپ تۇراتتىم، دوقمۇشتىلا بىر چۆجىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، مەن تەرەپكە قاراپ تۇرغان بىر ئاقساقالغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ نېمانداق ماڭىلا قاراپ تۇرىدىغاندۇ؟ بۇ ئاق ساقالنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل سالاپەت چىقىپ تۇراتتى. ئالدىغىلا كەپقاپتىمەن دېسە. ئۇمۇ ماڭىلا قاراپ تۇراتتى.

- ئاكا، چۆجىنى ساتىدىغان ئوخشىمامىلا؟

- ساتاي دەپتىم ئۇكام، ئەتىگەندە سىلىگە ئۇچراپتىمەن، ئۆزلىرىنىڭ رىزقى چۈشكەن ئوخشايدۇ.

- ئەكەلسىلە قېنى، ۋاي، تېخى كىچىكلا بىر چۆجە ئىكەنغۇ؟ بېشىنى ئەجەب ساڭگىلىتىۋاپتىيا؟ بېشىدىكى نېمە كۆك؟

- كۆك تاجلىق مېكىياننىڭ نەسلى ئۇكام.

- كۆك تاجلىق مېكىيان؟ بۇنداق مېكىياننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. قانچىگە ساتالا؟

- ئاتىغانلىرىنى بەرسىلە ئۇكام، مەن سىلىدىن باھا تالاشمايمەن. بۇنداق مېكىياننىڭ نەسلى ھازىر ئاز قالدى. . .- ئۇ قويۇپ بەرسەم جىق گەپ قىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا مەن:

- چۆجىلىرىگە بىر كوي بەرسەم بولارما؟- دېدىم.

ئۆزىغۇ گەپدان قېرىدەك قىلىدۇ. مېنىڭ نەدە توخۇ ئېلىش نىيىتىم بولسۇن دەيسەن. باھاسىنى تۆۋەنرەك دېسەم «كەم بولا» دېسە يولۇمغىلا ماڭمايمەنمۇ، دەپ شۇ باھانى ئېيتقانتىم. نەدىن بىلەي «مەيلى ئۇكام، مەن سىلىدىن باھا تالاشمايمەن» دەۋاتامدۇ. ئالە شەرىڭنى. نېمە ئامال؟ ياق، دەپ كەتسەم نامەردلىك بولار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋاينىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگۈم كەلمىدى، نەچچە قەدەم مېڭىپ چۆجىگە قارىسام، بېشىنى ساڭگىلىتىۋاپتۇ. ئۆلەمدۇ نېمە بۇ؟ ئەتىگەندە ئالدىنىپتىمەن دېسە. تاشلىۋەتسەم بولارمىكىن؟ شۇنداق خىيال بىلەن كېتىۋاتسام بېشىنى شۇنداقلا كۆتۈرۈپ، ماڭا لاپلا قىلىپ قارىماسما، يۈرىكىم

ئېغىپلا كەتتى. ئۆيگە ئېلىپ باراي بىر گەپ بولار.

— نېمە ئۇ كۆتۈرۈۋالغىنىڭىز؟ ھە، بىر ئۆلەرمەن چۈجىكەنغۇ. كۆڭلۈمدىكىنى تاپىسىز جۇمۇ. قەۋەتلا توخۇ گۆشى يېگۈم كېلىپ تۇراتتى. گاززىدە چۇشلۇك سەي قىلىلى، — ئۆيگە كەلسەم ئايالىم سۆزلەپلا كەتتى.

— بۇنى يەپ نېمە قىلاتتىڭ، بىقىپ قويمايلىما، ئۆلۈپ قالسا كۆمۈپ قويارمىز.

— ۋايىيەي توخۇ بىلەن خۇشىڭىز يوق ئىدى، ھەجەپ بۈگۈن توخۇ باققىڭىز كېلىپ قاپتا؟ قويۇپ بوغۇزلىڭا.

— بولدى، ماڭ بېرىپ ئىشىڭنى قىل!

— ۋايىيەي، بەش مولۇق ئۆلەرمەن چۈجىگە نېمانداق قىلىسىز؟...

ئۇ غۇدۇڭشۇپ، يەنە بىرنېمىلەرنى دەپ نېرى كەتتى. ئەستاغپۇرۇللا، بۈگۈن ھەجەپ بولدا؟ چۈجە قولۇمدىن سىلكىنىپ يەرگە چۇشۇپ ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ھېلىقى چۈجىنى بېقىۋالدىم.

شۇ كۈنى كەچكىچە خىيالىمدىن شۇ چۈجە كەتمىدى. يېتىش ئالدىدىمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ قاراشلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. بوۋاينىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئەسلەپ قالىمەن. نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمىدىم، ئىشتىن ناھايىتى كەچ قايتتىم، ئايالىم يېنىمدا باردەك قىلاتتى ھەم يوقتەكمۇ قىلاتتى. «مېنىڭ توخۇ گۆشى يېگۈم بار، نېمىشقا توخۇ بوغۇزلاپ پىشۇرۇپ بەرمەيسىز؟ بولمىسا بازاردىن توخۇ گۆشى ئېلىپ بېرىڭ. يۈرۈڭ، مۇنۇ كوچا بىلەنلا بازارغا چىقىمىز» دەۋاتاتتى مېنى تارتقۇشلاپ. ناتونۇش، قاراڭغۇ ھەم ئۇزۇن كوچا. قانداق مېڭىشنى بىلمىدىم. كۆزۈم ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ. ئۇياققا ماڭسامۇ بىر ئىشىككە دوقۇرىمەن، بۇ ياققا ماڭسامۇ شۇ. ئىشىكلەر ئىچىدە ئىتلار قاۋايدۇ. يۈرىكىم گۇپۇلدەيدۇ. خۇدايىم ئىشىكلەر ئېچىلىپ كەتمىسۇن، ئايالىم قېنى؟ ھۇ يۇزىسىز، مېنى ئالداپتۇ. ئۆلىدىغان بولدۇم، چاقماقمىكىن دەپ قاپتىمەن، كۆزلىرىم قامىشىپ كەتتى. كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ قارىسام، ئالدىمدا تايغانغىلا ئوخشايدىغان يوغان بىر مەخلۇق تۇرۇپتۇ. ئۇ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ ماڭدى، مەنمۇ نېمە بولسا بولسۇن دەپ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ماڭدىم، مېڭىۋەردىم. بىر چاغدا تازا سىنچىلاپ قارىسام ھېلىقى مەخلۇق تايغان ئەمەس، مېنىڭ كۆك تاجىلىق مېكىيىنىم تۇرمامدۇ. ئۇنىڭغا داۋاملىق ئەگىشىپ مېڭىۋەردىم. بىر چاغدا قارىسام، تەرەپ - تەرەپتىن ئېلېكتر چىراغلىرى يېنىپ تۇرغان كەڭ كوچىغا چىقىپ قاپتىمەن. پاھ، بۇ بىزنىڭ ئۆيگە بارىدىغان يولغۇ، ئوھ، خۇداغا شۈكرى.

«مەن توخۇ گۆشى يەيمەن، مۇشۇ توخۇنىڭ گۆشىنى يەيمەن!» تۇيۇقسىز ئايالىم قولىدا پىچاق تۇتقان ھالدا پەيدا بولدى. توخۇ قاياققىدۇر يوقالدى. ئايالىم «كاپ» قىلىپ ياقامدىن ئالدى - دە، «سەن ئۇنى قاچۇرۇۋەتتىڭ، مەن دەل ئاشۇ توخۇنىڭ گۆشىنى يەيمەن. ئۇنى تۇتۇپ بەر!» دېدى. جېنىمنىڭ بارىچە تىركەشتىم. دىمىم سىقىلدى. «سەن ئۇ توخۇنىڭ گۆشىنى يېسەڭ بولمايدۇ، ئۇ مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزدى...!»

— گېلىمنى قويۇۋەت! ئۇ مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزدى!

— نېمە بولدىڭىز؟

— ھە؟ ھە... ھېچنېمە.

— قارا بېسىپتۇ - دە، سىزنى. سىزگە تۈنۈگۈندىن باشلاپ توخۇ سۈرەتلىك جىن چاپلاشتىمۇ نېمە؟

— نېمە سۈرەتلىك جىن چاپلاشتىكىنتاڭ؟ چۈجىگە بىر قاراپ كىرەي.

كۆڭلۈم شۇنداق ئۆتىدۇ. ئىشخانىدا ياكى ئۆيدە ماتېرىيال كۆرۈۋېتىپمۇ، بىرەر ماقالىنى يېزىۋېتىپ ياكى تەرجىمە قىلىۋېتىپمۇ خىيالىم يەنە شۇ چۈجىدە. بىكار بولسام دائىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە، ئايالىممۇ بەزىدە مەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كېلىپ «ئەجەبمۇ چىرايلىق - ھە! ئەگەر ئاشۇ ئۆسۈۋاتقان تاجىسى چوڭايسا خورازدىن چىرايلىق مېكىيان بولغۇدەك» دەپ قويىدۇ. نېمە بولمىسۇن بىز كونا ئاشىق - مەشۇقلاردىن - دە. كۆڭلۈمنى چۈشىنىدۇ بۇ خوتۇن.

توخۇ گۆشى يېسەم كۆڭلۈم ئېلىنىشىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنمۇ ئانچە خۇش بولۇپ كەتمەيدىغان. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. ئايالىم بولسا توخۇ گۆشىگە ئامراق. پات - پات جېدەللىنى قىلىپ تۇرىدۇ. «توخۇ گۆشى ساتىدىغانلارغا تەگمەپتىكەنسەن - يا!» دەپ قويىمەن چېقىشىپ. بىر قېتىم نەدىن تاپتىكىن لەغمەننىڭ سېيىنى توخۇ گۆشىدە قورۇپتىكەن، ئاغزىمغا ئېلىپلا تۇكۇرۇۋەتتىم. تەخسە قولۇمدىن چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا چۈشتە يېگەن

پىتىرمانتا غارقىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇ رەڭگى تاتارغان هالدا تۇرۇپ قالدى. بەلكى ئۇنىڭ قولىدىكى تەخسىمۇ سۇنۇپ كەتكىلى تاس قالغاندۇ. بۇ كۈننى هەر ئىككىمىز گەپ - سۆز قىلىشماي جىم - جىملا ئۆتكۈزۈۋەتتۇق.

ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان ئەتىياز كەلگەندە، مېنىڭ چۆجەم چوڭىيىپ، چىرايلىق بىر توخۇ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاپئاق تۈكلىرى تېخىمۇ پارقىراپ، يەلپۈگۈچسىمان كۆك تاجىسى قېنىق كۆك رەڭگە كىردى. ئەمدى ئۇنى بىرەر خورازغا قوشۇپ قويسام بولاتتى دەپ ئويلاپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئادەتتىكىدەك ئۇنىڭ كاتىكىگە قارىغىنىدىم، ۋاي، قايسى تىلىم بىلەن دەي، ئۇنىڭ كاتىكىدە بالىنىڭ مۇشتۇمىدەك چوڭلۇقتا بىر تۇخۇم تۇرامدۇ. شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىپتىمەنكىن، بۇنى بىردىمە.

— قولىڭىزدىكى نېمە بۇ، ئالتۇن تېپىۋالدىڭىزمۇ نېمە؟ تۇخۇمكەنغۇ بۇ، — ئايالىم هەيران قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنى چېقىپ قاچىغا تۆكۈۋىدۇق، راستتىنلا تۇخۇم ئىكەن.

— سىز ئىچىڭ، تۇخۇمغا ئامراق بولغاندىكىن، مېنىڭ تۇخۇم بىلەن خۇشۇم يوق.

— مانى كۆرۈڭ، توخۇنىڭ گۆشىگە ئامراق، تۇخۇمى بىلەن خۇشى يوق. چىننى كۆتۈرۈپ خام پېتىچىلا ئىچىۋەتتىم. مېنىڭ ئەنە شۇنداق مىجەزىممۇ بار دېگىنە. ئۇنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىمغا تاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرىمەن. بېشىم «زىڭڭىدە» قىلىپ قالدى - دە، خۇددى بۇلۇت تارقاپ كەتكەندىن كېيىنكى سۈزۈك هاۋادەك ئېچىلىپ كەتتى. مەن ئۇزاق ۋاقىت قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە تۇرۇپ توساتتىنلا سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، تۈمەن خىل قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان، ياپيېشىل يايلاقتا چىققاندەك ئازادىلىك هېس قىلدىم. قۇلىقىمغا قۇشلارنىڭ سايرىشى، سۇلارنىڭ شارقىرىشىمۇ ئاڭلاندى. مەن تالاي ئەسىرلەردىن بېرى توختىماي يول يۈرۈپ هېرىپ كەتكەندەك ئۆزۈمنى شۇنداق هارغىن هېس قىلدىم. توساتتىنلا ئۆزۈمنىڭ تېخىچىلا هايات ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالدىم.

— مەن ياشاۋاتىمەن، بىلدىڭمۇ، مەن ياشاۋاتىمەن، — دېدىم ئايالىمنى قۇچاقلاپ.

— كىم سىزنى ياشىمايۋاتىسەن دەپتۇ. ياخشى كۆرىدىغان توخۇڭىزنىڭ تۇخۇمىنى ئىچىپ خۇددى كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلا بوپسىز. قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ ناشتىڭىزنى قىلىپ ئىشىڭىزغا مېڭىڭ، مەن ئىشقا ئالدىرايمەن.

ئۇ مېنىڭ هېسسىياتىمنى قانداق چۈشەنسۇن، سەنمۇ شۇ تۇرقىڭدا بۇ نېمە دەۋاتقاندۇ، دەپ ئويلاۋاتقانسەن. شۇ چاغدا مەن ئەنە شۇنداق كەيپىياتتا بولغان.

قانداق چۈشەندۈرسەم بولار، مېنىڭ خاتىرەم بىلەن تەپەككۇرۇم پەۋقۇلئاددە جانلىنىپ قاپتۇ. شۇ كۈنى ئىشخانىغا بېرىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يېزىشقا تازا قۇربۇم يەتمەي كېلىۋاتقان «يەرلىك ئادەت كۆچى ۋە ئۇنىڭ تارىخ تەرەققىيات جەريانىدىكى يىلتىزى» دېگەن خېلى چوڭ هەجىملىك ماقالىنى كەچكىچە يېزىپ پۈتتۈرۈۋەتتىم. خىزمەتداشلىرىم «هوي، ئۆزگىرىش نېمانچە تېز» دېگەن بولدى. «يەر شارى مېنىڭ قولۇمدا!» بۇ خىل تەسەۋۋۇر خۇددى هەقىقىي رېئاللىقتەك ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

مەن بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ ئۇنتۇغاقلىقىمدىن زارلىنىپ يۈرىدىغان، هازىر كاللامغا بىرلا ئىلىنىۋالغان چۈشەنچە، ئاتالغۇ ياكى سۆزلۈكلەر ئەمدى هەرگىز ئېسىمدىن كەتمەيدىغان بولدى. بۇرۇن خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن زارلىناتتىم. ئىنگلىز ۋە رۇس تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ناهايىتى ئاسانلا ئېسىمدىن چىقىپ كېتەتتى. شۇڭا بۇ تىللارنىڭ لۇغەتلىرىنى بىرقۇر كۆرۈپ چىقتىم. مانا ئەمدى لۇغەت ئاختۇرىدىغان ئاۋارىچىلىقتىن بىراقلا قۇتۇلدۇم. كاللامدا دائىم شۇنداق تەسەۋۋۇر: «يەر شارى مېنىڭ قولۇمدا، ئۇنى خالىغانچە ئايلاندۇرىمەن».

توخۇ كۈندە بىرنى تۇغۇپ بېرىدۇ. مەنمۇ كۈندە بىر تۇخۇم ئىچىپ تۇرىمەن. هە راست، مېنىڭ نوچى بولۇپ قالغانلىقىم توغرىسىدىكى گەپنى سەنمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭمىكىن؟ بۇ نوچىلىق نامىممۇ ئوڭاي قولغا كەلمىدى دېگىنە. بىر هېسابتا بارلىق چاتاق مانا مۇشۇ «نوچىلىق» دىن باشلاندى دېسەم بولىدۇ. سەن هېلىقى يارېپشىلىق «ئەمەت نوچى» دېگەننى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭمىكىن؟ شەهەردىكى هەرقانداق قىمارۋازدىن چوتا ئالىدىغان نوچىمىش. ئۇنىڭ مۇشتىنى بىر يەپ قالغان ئادەم دوختۇرخانىدا ئايلاپ قوپالمايمىش. ئۇنىڭ بىلەن تېخى تونۇشمەن دېگىن. قايسى بىر كۈنىسى ۋېلىسىپىت بىلەن كېتىۋاتاتتىم. قانداق بولدى بىلمىدىم، ۋېلىسىپىتىم بىرنەرسىگە دوق قىلىپ ئۇسسىگەندەك قىلدى. قارىسام ئېگىز هەم گىروي

بىر نوچى ۋېلىسىپىتنىڭ رولىغا ئېسىلىپ «كۆزۈمىزگە قاراپ ماڭساق بولمامدۇ؟ ما بىزنى كۆزۈڭلا كۆرمىدىما؟» دېگىنىچە مەيدەمگە بىرنى سالماسىما، مۇشتىمۇ يوغان نەرسىكەن، مەيدەمگە «گوپ»لا قىلىپ تەگدى - يۇ، لېكىن يىقىلماپتىمەن. مېنىڭمۇ ئاچچىقىم تۇتتى. مەيدىسىدىن شۇنداقلا بىر ئىتتىرىۋىدىم، كەينىگە گۇپپلا چۈشۈپ ئاغزىدىن قان كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇرخانىدا بىر ئاي يېتىپ، ئاران ساقايدى. مىڭ يۈەن كېتىپتىكەن، پىرىمىنى مەن تۆلىدىم، پىرىمىنى ئىدارىسىدىن كۆتۈردى. تېخى 15 كۈن ساقچىدىمۇ يېتىپ چىقتىم. باشلىقلار «بۇ بىزنىڭ ئىقتىدارلىق ئادىمىمىز ئىدى» دېيىشىپ ئاران ئېلىپ چىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئايلىق مائاشىمنى ئالالمىدىم. ئوغۇل بالا دېگەن پۇلسىز قالسا تولىمۇ غېرىبلىق باسىدىكەن. روھىم چۈشۈپلا كەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىشتىن كەلسەم، ئايالىم قاپىقىنى سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

- تاماق ئەتمەپسەنغۇ؟
- گۆش بولمىسا نېمىدە ئېتىمەن؟
- تۈنۈگۈن تېخى مائاش ئاپتىكەنسەنغۇ؟
- ئۇ مائاشقا - چۇ، ئاران بىر كۆڭلەك كەلدى.
- كۆڭلىكىڭ جىق تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا كۆڭلەك ئالدىڭ؟
- نومۇس قىلىسىڭىزچۇ، مەن كىيىم كىيىشتە ھەممە ئادەمنىڭ كەينىدە قېلىۋاتسام، دەۋاتقان گېپىنى بۇنىڭ. قاچان سىز ماڭا كىيىم ئېلىپ بەرگەن؟
- بولدى ئاغزىڭنى يۇم!

ئاچچىقىم بۇنداق كەلمەس، ئايالىلار باش كۆتۈرىدىغان زامان بولۇپ كەتتىمۇ نېمە بۇ؟ مەنغۇ ئايالىلار ئەركىنلىكىگە قارشى ئەمەس، لېكىن ئايالىلارنىڭ بۇ خىل ئەركىنلىكىگە ئەلۋەتتە قارشى ئىدىم. بۇنداق تەرەققىي قىلىپ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى قايتىدىن پەيدا بولامدۇ نېمە؟ دەپ قالدىم.

شۇنىڭدىن بۇيان خورلۇق ئىچىدە ئۆتتۈم. ئالقىنىمدىكى يەر شارى چۈشۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. مەن توخۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. مۇشۇ كۆزلەرگە ھەربىر قارىغىنىمدا ئۇ مېنى نۇرغۇن ئەسىرلەر، دەۋرلەر قاتلاملىرىدىن ھالقىتىپ، سۇلار تاشتىن - تاشقا ئېقىپ، يېشىل ئوت - چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان، گۈزەل بىر يايلاققا ئېلىپ بېرىپ تاشلايدۇ. مەن بۇ يەردە ھاياتىمنى قايتىدىن باشلايمەن. . . توخۇ قانىتىنى لەرزان لەپىلدىتىپ قويدى. ئۇ مۇشۇ ۋاقىتتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟

سېنىڭچە مەن ئىرادىسىزدەكمۇ قانداق؟ ئۈستى - ئۈستىلەپ كېلىۋاتقان بۇ خورلۇقلارغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. قايسى بىر كۈنى قادىر شالدام ياپوننىڭ ھېلىقى بىر نوچى موتوسىغا مىنىۋاپتۇ. ئەپتىدىن كۆزگە ئىلىدىغاندەك ئەمەس. بىشىنى شۇنداقلا لىڭشىتىپ قويۇپ كېتىۋاتىدۇ. غېنى شالدامنى دېمەيسەن، «ھە، قانداق ئەھۋالىڭلا؟ كۆرۈنمەيمىزغۇ؟ بىزگە كاتىپ بولۇپ بەرسەڭلا مائاشىڭلىدىن ئىككى ھەسسە پۇل بېرىمىز» دېگىنىچە «سانتانا»سىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ مېنىڭ «بىز بولساق ئۇنىمۇ قىلارمىز ئاداش» دېگەن گېپىمگىمۇ قۇلاق سالىدىغاندەك ئەمەس. جاقىلداپ تىترەپ كېتىپتىمەن. سەن بىلىسەن، ئۇ ئىككى نەرسە ئۆز ۋاقتىدا قانچىلىك نېمىتى؟ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ۋاقتىلىرىمىزدا بۇرنىنى تارتىشىپ ئىسمىنىمۇ ئوڭلاپ يازالمايتتى. كېيىن ئاران ئىككى يىل ئوقۇپ ساۋاتىنىمۇ تۈزۈك چىقىرالماي مەكتەپتىن چىقىپ كېتىشكەن. مانا ئەمدى قارا ئۇلارنىڭ ھالىغا، خەپ توختاپ تۇرۇش، ھەرقايسىڭنى شۇنداق سۆزلىتىۋاتقان پۇلغۇ، پۇل دېگەننى ئادەم تاپىدۇ. پۇل دېگەننى قانداق تاپىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قوياي. ئۇزۇنغا قالماي نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلىك بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. ھەر - ھەر ئىشلارغا ئىشلەۋاتقان بۇ كاللام بىلەن غېنى شالدامچىلىكقۇ بىر ئىش قىلارمەن.

ما كاشىلىنى، نەچچە كېچە - كۈندۈز خىيال قىلىپ يۈرۈپمۇ پۇل تېپىشنىڭ ئەپلىكرەك ئۇسۇلىنى تاپالمايۋاتاتتىم. چوڭ ئىشلارغا ئىشلەيدىغان كاللا بۇنىڭغا نېمىشقا ئىشلىمەيدىكىنە؟ ئاخىر ئايالىمغا مەسلىھەت سالدىم. ئۇ توخۇ فېرمىسى قۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. راست، بۇ مېنىڭ ئېسىمگە نېمىشقا كەلمىگەن بولغىيدى؟ دۆتلىشىپ كېتىۋاتامدىم نېمە؟ تۇخۇمنىغۇ ئۇزۇلدۇرمەي ئىچىپ تۇرىۋاتىمەن. قادىر دوقمۇ دەسلەپ شۇنداق قىپتىكەندۇق. ئەر - خوتۇن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، پۇلنىڭ يېرىمىنى مەن تاپىدىغان، يېرىمىنى ئۇ دادىسىدىن ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. لېكىن خىزمەتتىن دەرھال

ئايرىلىشىم كېرەككەن. يۈرىكىم قىسىلغان ھالدا بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدۇم. ئۇيان ـ بۇيان قاتراپ يۈرۈپ ئاران ئون مىڭ يۈەن راسلىدۇق. باغقا ئۈچ قەۋەتلىك «توخۇ بىناسى» سالدۇردۇم. مۇشۇ «بىنا»نى سېلىش ئۈچۈنمۇ ئاز ياغاچ كەتمىدى. ئاخىرىدا ياغاچ يېتىشمەي، كىتاب جاھازىلىرىمنى ئىشلەتتىم. كىتابلارنى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ، ئەسكى پالاستىن بىرنى يېپىپ قويدۇم. ئېسىمدە قېلىشىچە ھېلىقى قالايمىقان يىللاردا دادامنىڭ كىتاب جاھازىلىرىنى، كىتابلىرى بىلەن قوشۇپ ھويلىدا كۆيدۈرۈۋەتكەن. مېنىڭ ھېچ بولمىغاندا مۇشۇنىڭغا بولسىمۇ يارايتتۇ. شەھەرلىك توخۇ فېرمىسىدىن تۇغۇلغان توخۇدىن مىڭنى ھېلىقى ئابلەت تاتۇقنىڭ ياردىمى بىلەن ئون كويدىن سېتىۋالدىم...

ئىدارىمۇ ئۇشۇق ـ تۆشۈك بىرنېمە دېمەي رەسمىيەتنى بېجىرىپ بەردى. لېكىن بەزى خىزمەتداشلىرىم ئويلىنىپراق ئىش قىلساڭ بولاتتى، قېنى قىلىپ كۆرۈپ باق، دېيىشىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ پۇل تېپىشقا ئۆزۈمنى ئاتىۋەتتىم...

نېمانداق ئاۋازى چىڭ تېلېفون بۇ؟ ئاڭلاپ باقە، كىم، نېمە دەيدىكەن؟ يا بىرەر سەتچىلىكنىڭ گېپى باردۇ ساڭا... باشلىق چاقىرىپتىما؟ دىككىدە چىقىپ كىر، ئولتۇرۇپ تۇرىمەن. چاپسانراق بولارسەن جۇما!...

ھە، نېمە گەپكەن؟ مۇنداق دېگىن، قىزىل رەڭلىك چامىدانىدا لىق پۇل يوقىتىپ قويۇپتۇ، دېگىن، تېپىۋالغان ئادەم بېرەمتىكىن؟ سەن بىلەن بىزگە ئۇچقاپ قالغان بولسا ـ زە... ھەي ئىسىت...

ھېلى نېمە دەۋاتاتتىم؟ شۇنداق قىلىپ پۇل تېپىشقا ئۆزۈمنى ئاتىۋەتتىم، توخۇنىڭ تۇغۇشىنى كۈتكەچ، توخۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش پىلانىنى سوقۇشقا باشلىدىم. كېچىلىرى باغلام ـ باغلام پۇللارنى قۇچاقلاپ چۈشەيمەن. بىر ھەپتە كۈتتۈم. توخۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ تۇغاي دېمەيدۇ؟ فېرمىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرسەم «يېڭى ئورۇننى يات ئاپتۇ، بىرئاز تەخىر قىل» دېدى. ماقۇل، تەخىر قىلاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئايالىمنىڭ خۇشاللىقلىرىچۇ، بۇلارنى بىر دېمە! لېكىن بۇ مىڭ توخۇنى باقماق ئوڭايمۇ دەيسەن. توخۇ دېگەن بۇ نەرسىنىڭ قورسىقى بالاكەن ئەمەسمۇ؟ ئەتىگەندىن كەچكىچە پالاقلايمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ قورسىقىغا بىرنەرسە ئۆلگۈرتۈپ بولالمايمەن. بەزىلەر ئوڭايلا پۇل تاپىدىكەن، بۇلار قانداق ئادەملەردۇر؟ دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

ھارغانلىقىمدىنمۇ تازا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا ئالەمنى بىر ئالغان تاراس ـ تۇرۇس، قاراس ـ قۇرۇسلاردىن ئويغىنىپ كەتتىم.

ـ چاپسان قوپۇڭ، چاتاق بولدى! ـ ئايالىم ھودۇقۇپ ۋارقىراۋاتاتتى.

ـ ھە، نېمە بولدى؟

ـ يامان... يامان بولدى، توخۇلار سوقۇشۇپ كەتتى.

ـ سوقۇشسا نېمە بوپتۇ؟ توخۇ دېگەن ئۇچى پۇشسا سوقۇشىدىغان نەرسىغۇ. خۇددى توخۇنىڭ سوقۇشقىنىنى كۆرمىگەندەك.

ـ قوپۇڭ دەيمەن تولا گەپ قىلماي!

چىقىپ قارىسام ئاللا كارامەت... توخۇلار جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ سوقۇشقىلى تۇرۇپتۇ. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قاراپ تۇرۇپ كېتىپتىمەن. ئايالىم تېپىرلاپ نېمە قىلىشنى بىلمەيلا قالدى. توخۇلار قانغا بويۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەنسىرەشكە باشلىدىم. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كېتىپ شۇنداق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ قوناقلارنى چېچىپ باقتىم. ئۇلار ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويۇشمىدى. ئىشىكلىرىنى ئېچىپ قويۇۋىدىم، توخۇلار باغ ۋە ھويلىلارنى بىر ئالدى، ئاندىن خۇددى بىرسى كوماندا بەرگەندەكلا جۈپ ـ جۈپ بولۇپ سوقۇشۇشقا چۈشتى. سەنمۇ مۇنداق كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ باقمىغان. قارىساڭ شۇنداق كۈلكىلىك كۆرۈنۈش بۇ. توخۇلارنىڭ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدىمۇ نېمە دەپ قالىسەن. ئۇزۇن تاياقتىن بىرنى تېپىپ ئۇيان ـ بۇيان شىلتىپ پوپوزا قىلدىم. لېكىن توخۇلار بۇنى پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. بۈگۈنكى زامانغا كېلىپ توخۇلار يۈرەكلىك بولۇپ كەتكەنمۇ نېمە؟ ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا بويۇلۇپ كەتسىمۇ توختىماي سوقۇشۇۋاتاتتى. ئادەملەر قەھرىمانلىق روھىنى مانا مۇشۇلاردىن ئۆگەنسە بولغۇدەك. «كۆرەش قەھرىمانلىرى» «كۆرەش»نى چۈشكىچە داۋاملاشتۇرۇپ، بىر ـ بىرلەپ يىقىلىشقا باشلىدى. ئەڭ ئاخىرقى قاراڭغۇ چۈشكەندە تۈگىدى. تەكشۈرۈپ قارىسام بىرەرسىمۇ ساق قالماپتۇ. توخۇلارنىڭ «دۇنيا ئۇرۇشى» شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. يا كۈلۈشىمنى، يا يىغلىشىمنى بىلمەيمەن.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا تۇرۇپ «كۆرەش

قەھرىمانلىرى» نىڭ پوراپ كەتكەن جەسەتلىرىنى تەرلەپ - پىشىپ «دەپنە» قىلىۋەتتىم. ۋاي ئىسىت، كۆك تاجلىق مېكىيان نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ئەمدى؟ ئۇنىڭ كاتتىكىنى ئېچىپ قارىسام، ئۇ بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ يېتىپتۇ. بۇمۇ ئۆلدىمۇ نېمە؟ چۆچۈپ بىلەن شۇنداق تۇرتۇپ قويسام، ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىلىپ چىقتى. ئېڭىشىپ تۇرۇپتىكەنمەن، «پاراس - پۇرۇس» قىلىپ قالدى، يۈزلىرىمگە قاناتلار تېگىشكە باشلىدى. كۆزلىرىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى. ئاچچىقىم تازا بىر كەلدى. كېلىشتۈرۈپ تەپمەكچى بولۇپ قارىسام ئۇ ھويلا ئۈستىدىن ئۇچۇپ، شۇ ئۇچقانچە ئۆگزىدىن ئۆتۈپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى تېرەكلەر ئارىسىغا كىرىپ كۆرۈنمەي قالدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قىياپىتى ھېلىمۇ ئېسىمدە شۇنداق ئەينەن تۇرۇپتۇ. جايىمدا تۇرۇپ كېتىپتىمەن. بۇ بولمىدى! بۇ توخۇدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايتتى. يۈگۈرۈپ چىقتىم، يوق، يولدىن ئادەملەر بىخىرامان ئۆتۈۋاتاتتى. سۈرۈشتۈرمىگەن ئادىمىم قالمىدى. بەزىلەر «توخۇنى ئىت يەۋالغان ئوخشايدۇ، ھازىر لالما ئىتلار كۆپىيىپ كەتتى» دېيىشتى. لېكىن مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيتتىم. نەچچە كۈن ئۇنى ئىزدەش بىلەن ئۆتتۈم. ئايالىم «ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مىڭ توخۇمىزدىن خۇدا ئۇرغاندەكلا ئايرىلدۇق، بىر توخۇغا نېمانداق قىلىسىز؟» دەپ كايىپ كەتتى. ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرى سۇغا چىلاشقان بولسا كېرەك، لېكىن گەپ قىلغۇم كەلمىدى. ماڭا كىم تەسەللى بېرەتتى. بىر چاغلاردا ئۇخلاپ قاپتىمەن...

مەن كۆك تاجلىق مېكىياننى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئاپئاق تۈكلىرى بەكلا پاسكىنا بولۇپ كېتىپتۇ، چىرايلىق كۆك تاجىسىنى بىرسى كېسىۋەتتىمىكىن يوق تۇرىدۇ. قوچاقلىماقچى بولۇپ ئېتىلدىم، يېنىغا كېلىشىمگىلا ئاغزىدىن توخۇملارنى كەينى - كەينىدىن چىقىرىپ ئېتىشقا باشلىدى. يۈزلىرىم توخۇم بىلەن بۇلغىنىپ كەتتىغۇ دەيمەن. ئاندىن ئېتىلىپ كېلىپ ئىككى پۇتى بىلەن گېلىمنى سىقىشقا باشلىدى. نەپسىم بوغۇلدى، مەنمۇ ئۇنىڭ گېلىدىن مەھكەم تۇتۇۋالدىم. ئۇ سىلكىنىپ قولۇمدىن ئاجرىلىشقا تىرىشىۋاتاتتى. قاناتلار يۈزلىرىمگە تەگمەكتە...

- قويۇۋېتىڭ دەيمەن، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ۋاي، ۋاي تۇۋا!

كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ئايالىمنىڭ گېلىنى بوغۇۋاپتىمەن.

- خۇدايا تۇۋا! نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ مېنى ئۆلتۈرەي دەمسىز؟

- سېنى كىم ئۆلتۈرىمەن دەپتۇ؟

- نېمىشقا گېلىمنى بوغۇسىز ئەمىسە.

- بۇ... مەن نېمە بىلەي، توخۇنى چۈشەپ قاپتىمەن.

- توخۇنى چۈشىسىڭىز گېلىمنى بوغامسىز؟ ھۆ - ھۆ!

- بۇ ئەسلى... ئەستا!

- بولدى، بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن، مېنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ئوخشايسىز.

- ھەي، ماڭا قارىغىنا! بۇ پەقەت چۈشۈمدىكى ئىش، مەن نېمىشقا سېنى ئۆلتۈرەتتىم، - ئۇ بىر ئاز قايىل بولغاندەك بولدى، لېكىن ئۇزۇنغىچە يىغىسى توختىمىدى. بۇ ئىش يەنە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كەلمەيلا قويدى، مەنمۇ ئىزدەپ بارمىدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ گېلىمنى بىرسى بوغۇۋالغاندەك دىمىم سىقىلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالدى...

ۋاھ، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، خىزمىتىڭگىمۇ تەسىر يەتكۈزدۈم. گېپىمنى ئىخچامراق قىلاي.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنداق ئىشنى مەن قاملاشتۇرالمىغۇدەكمەن، دەپ ئىشخانىغا باراي دەپ ئويلىدىم، لېكىن قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارىمەن. ئويلا - ئويلا تاغامنىڭ ئوغلىنى پاناھ تارتىپ باردىم. ئۇ «سەن ئەسلىدە ئۆزۈڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋېرىسەڭ بولىدىغان ئىشتى. بىلىملىرىڭنى يەپ بولىدىغان بولدۇڭ - دە، خەيرىيەت، ساڭا چەت ئەلدىن ئەكەلگەن ماللىرىمدىن بېرەي، ئۆزۈڭنى ئوڭشىۋالغان چاغدا بەرسەڭمۇ بولىدۇ» دېدى. نېمىدېگەن بىلەن تۇغقان دېگەن تۇغقان - دە! ئۇ دۇكانىنىمۇ ھەل قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن تىجارەتچى بولۇپ قالدىم. ئۆمرۈمدە قىلىپ باقمىغان ئىشكەن قارا، خىجىلچىلىقتا بىر ھەپتە ئىچىدە ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويايلا دېدىم. ساتىدىغانلىرىم چەت ئەلنىڭ قىممەت باھالىق رەختلىرى، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كىم

مېلىمنى ئالاركىن، دەپ تەلمۈرۈپ ئۇلتۇرىدىغان گەپ. بولۇپمۇ مۇشۇ تارتىنچاق دېگەن قۇرۇلسۇن. تارتىنمايدىغانلارغا ھەۋىسىم كېلىدۇ. سەنمۇ بىر ئىشتا ئانچە تارتىنىپ قالمايسەن، شۇنداققۇ؟ ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ بەخىرامان ئىش بېجىرىشلىرىگە قاراپ، بۇمۇ ئالاھىدە ئىقتىدار بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىڭ يۇمشاقلىقىچۇ تېخى. ئۇلار بىرنېمە ئېلىش نىيىتى يوقلارنىمۇ ئالغۇزالايدىكەن. مەن ئېلىش نىيىتى بارلارنىمۇ قاچۇرۇپ قويىدىكەنمەن. ساتىدىغان باھانىڭ ئۆزىنىلا دېسەم «بۇ رەخت جا ئوخشامدۇ؟» دېيىشتى. باشقىلارنى دوراپ باھاسىنى ئۆرلىتىپ ئېيتسام «نېمانچە قىممەت» دەپ كېتىشىپ قېلىشتى. لېكىن بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قېلىشنى كىم ئويلىغان؟ بارا - بارا مەنمۇ سۆزمەن بولۇپ قالدىم. تىجارىتىممۇ كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىشقا باشلىدى. پۇل تېپىش نۆۋىتى ئەمدى ماڭا كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىكەنمەن، «بۇ رەختنىڭ مېترى نەچچە پۇل» دېگەن ئاۋازدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، پۇزۇر كىيىنگەن چىرايلىق بىر چوكان ھىجىيىپ تۇرىدۇ. تونۇشتەكقۇ قىلىدۇ، لېكىن دەماللىققا ئېسىمگە ئالالمىدىم.

- ئەرزان مال بۇ، قېنى قانچىلىك لازىم ئىدى؟ توپ ئالامسىز - يا؟

- ئالدى بىلەن باھاسىنى دېمەملا، سۆزلىشىپ ئالارمىز.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ ھىجايدى. كۆرۈك بۇنى. مېنى قىلتاققا چۈشۈرەي دەۋاتىدۇ - دە خىيالىدا. ئۇنداق ئوڭاي ئېرىپ كېتىدىغان غالتەك مۇچەن ئادەم ئەمەستە بىز...

- گەپ قىلمىسام تونۇماس بولۇۋالدىڭمۇ نېمە؟ پۇل دېگەن ئادەمنىڭ كۆزىنى خىرەلەشتۇرۇۋېتىدىكەن جۇما؟

- مانى كۆرۈك، سەنلەپلا چۈشتىغۇ؟ زادى كىم بولغىيتتى بۇ؟

- بېقىنىمدىكى چىمدىۋالغان يەر ھازىرغىچە كۆكىرىپ تۇرىدۇ جۇمۇ؟

ئەستاغپۇرۇللا، بۇ تولۇق ئوتتۇرىدىكى ساۋاقدىشىم مەدەنىيەت ئەمەسمۇ؟ بۇ مەكتەپتە چىرايلىقلىقى ۋە مەغرۇرلۇقى بىلەن ھەممىنىڭ كۆزىگە ئوڭايلا چېلىقىدىغان قىز ئىدى. ئۇنىڭ بېقىنىنى چىمدىۋالغىنىم راست، سەنمۇ ئۇنىڭ گېپىنى پات - پات قىلىپ قوياتتىڭ - ھە؟ شۇنداققۇ؟... ئىككىمىز خېلى ئۇزاق ئەھۋاللاشقان بولدۇق.

- قانچىلىك لازىم ئىدى؟ ئۆزۈڭنىڭ كۆزىمۇ مال تونۇيدىكەن.

- ھازىرچە ئون مېتىر بېرىپ تۇرغىن، - مەن رەختنى قاتلاپ ئۇنىڭ سومكىسىغا سالدىم.

- ئاپلا! پۇل ئۆيدە قاپتۇ، خاپا بولمىغىن جۇمۇ، ھېلىلا يەتكۈزۈپ بېرىمەن. راست، باھاسى قانچىتى؟

- چاتاق يوق، ئاتمىش يۈەندىن ساتقان، سەن ئەللىك يۈەندىن بەرسەڭ بولىدۇ، ئەسلىدىغۇ پۇل ئالمىسام بولاتتى.

ساقلىدىم، كەلمىدى، ئەتىسىمۇ كەلمىدى. بەش يۈز كوي... ئاز پۇل ئەمەستە. بىر كۈنى كەچ دۇكاننى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە كېتىۋاتسام ئالدىمغا نەقلا ئۇچرىدى. چىرايى تاتارغاندەك قىلدى - يۇ، دەرھال ئەسلىگە كەلدى. ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ۋايساپ قويدى. ئاندىن بىللە بېرىپ پۇلنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. دەرۋازىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم. ئېرى «كىمنى باشلاپ كېلىۋاتىسەن؟» دەپ سەتچىلىك بولمىسۇن دېگەنىدىم. ئۇ ئۆيگە كىرگىن، دەپ تۇرۇۋالدى. پۇلنى مۇشۇ يەرگىلا ئېلىپ چىققىن، دېسەم ئاران كەلگەندە بىردەم ئولتۇرۇپ كەت دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئىلاجىسىز ئۆيگە كىردىم. ۋاھ، نېمانچە كاتتا ئۆي بۇ؟ ھازىرقى زاماننىڭ ھەممە جاھازىلىرى تولۇق دېگۈدەك بار ئىدى. بىر چاغدا قارىسام ئالدىمغا نازۇ - نېمەت ۋە «ماۋتەي» ھارىقىنى قويۇپ يۈرىدۇ. «مەنمۇ ئىچمەيمەن، ئاران كۆرۈشكەندە بىر - ئىككى رومكا قويۇپ بېرەي، كۆڭۈللۈك ئولتۇرايلى» دېدى. ئۇزۇن بوپتىكەن ھاراق دېگەن بۇ كاساپەتنى ئاغزىمغا ئالمىغىلى. بولۇپمۇ مۇنۇ «ماۋتەي» دېگىنىنى ئاڭلىغان بولسامۇ ئىچىش تۇگۇل كۆرۈپمۇ باقماپتىكەنمەن. بىرەر رومكا ئوتلىغۇمغۇ بار، لېكىن مۇنۇنىڭ ئېرى كىرىپ قالسا قانداق بولۇپ

كىشىلەر؟ دېگەندەك ئەندىشىدە ئاران ئولتۇراتتىم. بۇنى ئېيتسام «خاتىرجەم بول» دېدى. ئاندىن ئىچ كۆڭلىكىنى بىلەنلا ئالدىمدا ئولتۇرۇپ شىشىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا باشلىدى. قانداقچە ئولتۇرۇش بولۇپ كەتتى بۇ؟ دەپ قالدىم. «ماۋتەي» نىڭ مەشھۇر بولۇشىمۇ بىكار ئەمەسكەن. ئىككى رومكىدىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. ئۇمۇ مەن بىلەن تەڭ ئىچىۋاتاتتى. ئۇنى بىر قۇچاقلاش ئىستىكى مېنى بارغانچە قىيناۋاتاتتى. . . گېپىمنىڭ نەق يېرىنى دېسەم، بۇ كېچىسى مەن ئۇنىڭ بىلەن يېتىپ قالدىم، سەن كۈلمە، دۇنيادا ئازمايدىغان ئىنسان يوق.

. . . بىر چاغدا قارىسام، كوچىدا تۇغما ھالەتتە يالىڭاچ كېتىپ بارىمەن. كىيىملىرىم نەگە يوقالغاندۇ؟ بىرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بىرەر دالدىغا مۈكۈنۈۋېلىشنى ئويلىدىم. تىت - تىت بولغانسېرى بىرەر دالدا كۆرۈنمىدى. ئۇياققا يۈگۈرەيمەن - بۇياققا چاپىمەن، ئۆزۈمنى يوشۇرىدىغان جاي تاپالمىدىم. ماۋۇ سەتچىلىكنى، بۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟ كىشىلەرنىڭ كۈلكە ئاۋازىمۇ قۇلىقىمغا كىرىپ تۇرىدۇ. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسام بىر باغنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتىمەن. تامدىن دىككىدە سەكرەپ چۈشتۈم. قارىسام ئەنجۈرلۈك باغ ئىكەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن ئالدىمنى توسۇۋالدىم - دە، ئۆيگە بېرىپ كىيىنىۋالدىم. خۇداغا شۈكرى! خاتىرجەم بولۇپ كوچىغا چىقسام ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يالىڭاچ ھالدا كېتىشىپ بارىدۇ. ھەممىسى ماڭا قارىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى، ۋاي خۇدايىمەي! مەنمۇ دەرھاللا كىيىملىرىمنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ بەھۇزۇر كېتىۋەردىم. . . ئىنسانلار ئەسلى ھالىتىگە قايتىپتۇ، دەپ پەرەز قىلدىم مەن. بۇرۇنلا شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. بەك كېچىكىپ كەتتۇق. . . شۇنداق ئويلاپ كېتىۋاتسام، كۆك تاجىلىق مېكىيان پەيدا بولۇپ گېلىمگىلا چاڭگال سالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ گېلىدىن تۇتتۇم، ئۇ قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ سىلكىنەتتى. . .

- ۋاي. . . ۋايجان! ئادەم بارمۇ! ؟

قارىسام مەدەنىيەتنىڭ كانىيىغا مەھكەم ئېسىلىۋاپتىمەن. ئۇ ھەم تىپىرلاپ، ھەم بوغۇلۇپ ۋارقىرايتتى. ئۆزۈمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم - دە، دەرھاللا ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدىم. ئۇ مۇشۇنداق ۋارقىراۋەرسە ھېلىلا رەسۋا قىلىدىغۇ ئادەمنى.

- نېمانداق ۋارقىرايسەن؟ مەن قەستەن قىلمىدىم، - ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. قولۇمنى ئاستا بوشاتتىم، خۇداغا شۈكرى، ئۇ تىۋۇش چىقارمىدى، ئېغىر نەپەس ئالاتتى.

- مۇنداقمۇ ھۇنىرىم بار دېگىن، بارلىق مۈلكۈمنى ساڭا بېرەي، جېنىمنى ئامان قوي، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي مېنى ئۆلتۈرمىگىن.

مەن خېلى كۆپ چۈشەندۈردۈم، ئۇ بىر ئاز جىمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىرتقا چىقىۋالدىم. ئۇھ! چوڭ بىر بالا - قازادىن قۇتۇلدۇم.

ئاپلا، ماۋۇ تەتۈر پېشانىلىكىمنى، ئۇنىڭ ئۆيىدە چاپىنىمنى ئۇنتۇپ قويۇپ كەپتىمەن ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىر ھەپتىلىك سودىنىڭ پۇلى بارئىدى ئەمەسمۇ. كەينىمگە يېنىپ باراي دېسەم تېخى، قېنى ئەتە بىر گەپ بولار. . . ئەتىسى كەلسەم دەرۋازىغا ھېلىقى چوڭ قۇلۇپ ئېسىغلىق تۇرۇپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۇدا كەلدىم. باشقىلاردىن سورۇشتۇرسام جاۋابى ئوخشاشلا «تاڭەي» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇنى يا ساقچىغا دېگىلى بولمايدۇ. قاچان قارىسا ئاشۇ چوڭ قۇلۇپ تۇرغان. ھازىرغىچە بۇ قۇلۇپ سېلىنغان دەرۋازا ماڭا سىرلىق بولۇپ قالدى.

شور پېشانىلىق دېگەن مۇشۇمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن بەزىدە. خىزمىتىمنى قىلسام بولغۇدەك، دەپ ئىشخانامغا بېرىۋالدىم. لېكىن مەن ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىنى يوقىتۇرۇۋالغاندىم. قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەيمەن، گېلىمنى بىرنەرسە سىقىۋالغاندەك دىمىم سىقىلىپلا تۇرىدۇ. . . قالغان مالنىڭ ھەممىسىنى ئېلىنىشىغىلا بىرسىگە ئۆتكۈزۈۋەتتىم، لېكىن بوينۇمدا بىرمۇنچە قەرز. مەن بۇلارنى ئويلاپ كەتمەيمەن. كۆك تاجىلىق مېكىياننى تېپىۋېلىشنىلا ئويلايمەن. ئەھۋال ئەنە شۇ، مەنمۇ ماڭاي، كەچتىكى پروگراممىغىلا قوشۇۋېتەر-سەن. مانا پۇلى. خوش ئەمىسە ئاۋارە قىلدىم.

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

# جاۋابسىز سوئاللار

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

سوئال ئويلىنىشنىڭ، پىكىر قىلىشنىڭ باشلىنىشى. پىكىر قىلىش بولسا پەقەت ئادەمگىلا خاس بولغان بىر خىل ئەقلىي پائالىيەت. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنى سوراشنى ئۇقۇقاندىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلغان.

سوئال دۇنيادىكى بارلىق سىرلارنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى. شۇنداق سوئاللار باركى، گويا قاراڭغۇ كېچىنى ۋاللىدە يورۇتقان چاقماققا ئوخشاش پىكىرلەر زەررىسىدىن كۆڭۈللەر ئاسمىنىغا دەقىقە بولسىمۇ يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ. خۇددى ئاچقۇچنى قولغا ئالغاندا قۇلۇپنى ئېچىش جەريانىنىڭ يېرىمى ئورۇنلىغۇچى بولغانغا ئوخشاش بىرەر مەسىلە توغرىسىدا سوئال تۇغۇلغاندىمۇ شۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتى يېرىم ئايدىڭلىشىپ قالغان بولىدۇ. بىراق ئالدىنقى شەرت شۇكى، «قۇلۇپ» نى ئېچىش ئۈچۈن ھەركىمنىڭ قولىدا ئۆز «ئاچقۇ» چى بولۇشى، يەنى ھەركىم سوئالنى ئاۋۋال ئۆزىدىن سوراپ، ئۆزى جاۋاب تېپىشى كېرەك. چۈنكى باشقىلار ئالغان تەرەت بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولمىغاندەك، باشقىلار تېپىپ بەرگەن جاۋاب بىلەنمۇ ئادەم ئۆز تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئەلۋەتتە ھەل قىلالمايدۇ.

شۇڭا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، گەرچە باشقىلارغا ئاللىقاچان ئېلېكترون دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى قۇچاق ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن بىز تېخى ئەمدىلەتىن سوئال دەۋرىگە كىردۇق. دېمەك سوئاللار بىزنى كۈتمەكتە. كونا سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بولماي تۇرۇپ، سانسىزلىغان يېڭى سوئاللار تەقەززالىق بىلەن بىزنى كۈتمەكتە. . .

* *

كۆندۈرۈلگەن كالىدىن بىرنى ئېلىپ ھارۋىغا قوشۇش ئېھتىياجى بىلەن ئۇلاغ بازىرىغا باردىم. كۆندۈرۈلمىگەن توپاقلار، موزايلىق سىيىرلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ كۆشەپ ياتقان بىر كالىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ قېتىپ چەمدەك بولۇپ كەتكەن پاتاڭلىرى كۆندۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ كالىنى پۇلغا چىداپ سېتىۋالدىم.

- پۇلنى ئۆيگە بارغاندا بەرسىلىمۇ بولىدۇ. كالىنى مەن ئاپىرىپ بېرەي، - دېدى كالىنىڭ ئىگىسى.

كۆڭلۈمدە كالىنىڭ ئىگىسىنى خېلى سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل ئادەمكەن دەپ ئويلىدىم. ئۇ ئادەم كالىسىنى ئۆيۈمگە ئەكىلىپ بېرىپ، پۇلنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. ئۇ كۈنى كالىنى ئىشلىتىدىغان باشقا ئىش بولمىغاچقا، ھەلەپ بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ھاردۇق ئالدۇردۇم.

ئەتىسى كالىنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىقىپ ھارۋىغا قوشتۇم. ھارۋىغا قوشقىچىمۇ ھېچقانداق غەيرىي خۇي چىقارمىغاچقا، ياۋاش كالا ئېلىۋاپتىمەن دەپ رازى بولدۇم. ئەمما ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ھەيدىگەندىن كېيىن ھەيران قالدىم. نېمە ئۈچۈنكى، كالا پەقەت سول تەرەپكىلا چۆرگىلەيتتى. دەسلەپتە شۇنچە تۇسۇپ، ھەتتا تۇمشۇقىغا ئۇرۇپمۇ باقتىم، لېكىن كالا كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ يەنە سولغا چۆرگىلەۋەردى. قانداق قىلىدىكىن قېنى دەپ ئىختىيارىغا قويۇۋەتسەم، مەھەللىمىزدىكى كىچىككىنە يولدىن چىقماي، ھارۋىنى بىر ئىزىدا نەچچىنى چۆرگىلەتتى. ھارۋىدىن چۈشۈپ يېتىلەپ ماڭساممۇ يەنە داۋاملىق سولغا سۆرەپلا تۇردى.

مەن بارىدىغا جاي يىراق ئىدى. ناۋادا ھازىرقىدەك كالا سولغا، مەن يولغا سۆرەپ يۈرۈشسەك، ھەر ئىككىلىمىزنىڭ نىشانغا يېتىپ بارالىشىمىز ناتايىن ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

دەل شۇ چاغدا يولدا بىر تونۇشۇم ئۇچراپ قالدى، ئۇ كالىنى تونۇيدىكەن.

- ۋاي خۇدايىم، قانداق بولۇپ بۇ كالىغا

ئۇچراپ قالغاندىلا؟ بۇ كالا جۇۋازچىنىڭ كالىسى ئىدى. ئۇ قاقۋاش جۇۋازچى بۇ كالىنى موزاي ۋاقتىدىن باشلاپلا كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ تۇرۇپ، سولغىلا چۆرگىلەشكە ئۆگىتىپتىكەن. 366 كۈننىڭ ھەممىسىدە سولغىلا چۆرگىلەپ ئۆگەنگەن كالا تۈز يولدا ماڭالمايدۇ. . .

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئويلىنىپ قالدىم: گەرچە يارىلىشىدىلا مېڭىشتىن ئىبارەت تەبىئىي ئىقتىدار بىلەن يارالغان ھايۋاناتلارنىڭ بىرەرىنى «تۈز يولدا ماڭالمايدۇ» دېيىش ئادەمگە غەلىتە تۇيۇلسىمۇ، لېكىن مەن ئالغان جۇۋازچىنىڭ كالىسىغا ئوخشاش موزاي چېغىدىن باشلاپلا تاكى قېرىغىچە پەقەت سولغىلا چۆرگىلەشتىن باشقا ھەممىلا ئىشتىن چەكلەنگەن بىچارە ياۋاش كالىلار راستتىنلا ئاخىرقى ھېسابتا تۈز يولدا ماڭالمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ئەجەبا بۇنىڭغا كالىنىڭ ياۋاشلىقى سەۋەبچىمۇ ياكى جۇۋازچىنىڭ قۇۋ، مەككارلىقىمۇ؟

بىر كۈنى بىر يېقىن تونۇشۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ كۆرۈشۈپلا:

— تىنچ - ئامان تۇرۇۋەردىڭىز؟ — دەپ سورىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا:

— تىنچ - ئامان تۇرماسلىقىم كېرەكمىدى؟ — دەپ جاۋاب بېرەي دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما ئۇنىڭ ماڭا تونۇش بولغان ئاشۇ ساددا تۇرقىغا قاراپ، ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويغۇم كەلمىدى.

كېيىن ئۇقسام «تىنچ - ئامان تۇرۇۋەردىڭىز؟» دېگەن بۇ تەتۈر سۆز، مەن ياشاۋاتقان بۇ زېمىندىكى «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ ماڭتا يەيدىغان» نوچىلارنىڭ ئۆز ئارا سالاملاشقاندا ئىشلىتىدىغان مودا سۆزى ئىكەن. گەرچە بۇ يېڭى «مودا» تېخى ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملىشىپ بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىشى ھەقىقەتەن ئادەمنى ئويغا سالىدۇ.

ئېنىقكى، مودا قوغلىشىش جەمئىيەتتىكى بىر خىل ئىستىخىيىلىك ئېقىم بولۇپ، بۇ ئېقىممۇ خۇددى تەبىئەتتىكى ئېقىنلارغا ئوخشاش «كەلكۈن» مەزگىلىدە كۆچىيىپ، «قۇرغاقچىلىق» مەزگىلىدە ئاجىزلايدۇ ياكى يوقىلىدۇ. بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى ھوقۇق مەستانىلىقى، پۇلغا چوقۇنۇش، رېستۇران قىزغىنلىقى ۋە كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان ھازىرقى پۇچەك مودا قوغلىشىشلارنىڭ ھەممىسىنى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى «ئېتىقادسىزلىق كەلكۈنى» كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، بۇ خىل «كور كەلكۈن» نىڭ سۇ ئۈزۈشتىن ساۋاتى يوق بىچارىلەرنى خۇشاللىق بىلەن غەرق قىلىشىغا تۇرغانلا گەپ.

گەرچە غەرق بولغۇچىلار «سۇ ئۈزۈشتىن ساۋاتى يوق بىچارىلەر» بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن بىر ماكاندا - بىر زاماندا ياشىغۇچى بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىمكان بار ئۇلارنىڭ غەرق بولمىغىنى، ھېچبولمىغاندىمۇ غەرق بولغۇچىلار سانىنىڭ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز بولغىنى ياخشى، ئەلۋەتتە. شۇڭا يېڭى مودىغا ئايلىنىۋاتقان تەتۈر سۆز - «تىنچ - ئامان تۇرۇۋەردىڭىز؟» نىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئورتاق ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ: ئەجەبا تونۇش - بىلىشلەرنىڭ بالا - قازاغا ئۇچرىماي، كېسەلگە گىرىپتار بولماي، تىنچ - ئامان تۇرۇۋېرىشى بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئەقلىمىزگە سىغماس بولۇپ قالدىمۇ؟ ئەجەبا ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن تۈگەپ ئۆتمەس بالا - قازالار تېخى بىزگە كەملىك قىلامدۇ؟

* *

نادانلىق — مەستلىككە ئوخشايدۇ. مەستلەر قانچە مەست بولغانسېرى «مەن مەست ئەمەس!» دەپ شۇنچە ۋارقىرىغانغا ئوخشاش، نادانلارمۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ. نەتىجىدە ئۆزگىنىلا ئەمەس، بەلكى ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئالدايدۇ. بۇنداق نادانلىقنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىمۇ ئوخشاشلا ئۆزىنىمۇ - ئۆزگىنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىشتىن باشقىچە بولمايدۇ.

تاغ كەينىدە بىزگە قوشنا كېلىدىغان بىر يۇرت بولۇپ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ساۋاتسىزلار ئىدى. ئەنە شۇ ساۋاتسىزلارنىڭ بىرى بىر كۈنى يۇرتىمىزدىكى بازارغا گۆش سېتىۋالغىلى كەپتۇ. ئۇلار گەرچە تاغ كەينىدە ياشىسىمۇ لېكىن ئەزەلدىن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغاچقا، ئاساسەن گۆش ئىستېمال قىلىش ئادىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭلاشقا ھەيران قالغان قاسساپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— گۆشنى نېمە قىلىسىز؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام بالىلىرىم بىر قۇزغۇنەك تۇتۇۋاپتىكەن. ئاڭلىسام قۇزغۇنەك گۆش يەيمىش. يەنى كەپتەر، قۇشقاچ قاتارلىق ئۇچار قاناتلارنى تۇتۇپ يەيمىش. ئۇچار قاناتلارنى بىز

تۇتالمىغاچقا، ئۇنى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىسۇن دەپ گۆشكە كېلىشىم.

- كەپتەر، قۇشقاچلارنى تۇتۇپ يەيمىش دېگىنىڭىزگە قارىغاندا، قۇزغۇنەك دېگەنمۇ ئۇچار قاناتلارغا تەۋە ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا ئۇنى قانداق تۇتتىڭىز؟

- ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى دەرەختە ئۇۋىلاپ تۆت بالا چىقىرىپتىكەن. كېچىسى سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بالىلىرىم دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ تۇتۇۋاپتۇ.

- ھە، مۇنداق دەڭ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاتايىن گۆش سېتىۋېلىپ ئاۋارە بولغۇچە، قويۇۋەتسىڭىزلا ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالامدۇ؟

- سىز ئۇقمايدىغان ئوخشايسىز. قۇزغۇنەكنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرۈپ ئىسىنى شورىسا ئۆپكە كېسىلىگە داۋا دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا ئۇ كۆپ پۇلغا يارايدۇ. بولمىسا ئەخمەق بولۇپ ئۇنىڭغا گۆش ئېلىپ بېرىپ باقامتىم؟...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يۇرتىمىزدىكى ھەرقانداق يېڭىلىققا ئۆلگۈدەك قىزىقىدىغان كىشىلەر «قۇزغۇنەك» نىڭ نامى قايسى خىل قۇشقا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كۆپ لۇغەتلەرنى ئاختۇرۇشتى. لېكىن ھېچقايسى لۇغەتتىن «قۇزغۇنەك» دېگەن ئىسىمنى ئۇچرىتالمىدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، ھېلىقى تاغ كەينىدىكى قوشنا يۇرتلۇق ساۋاتسىز ئادەم، پەلەي كىيىۋالغان قولىغا «قۇزغۇنەك» نى قوندۇرۇۋالغان ھالدا يۇرتىمىزنىڭ بازىرىدا پەيدا بولدى. قارىغاندا، ئۇ «تۈكى ئۆپكە كېسىلىگە داۋا» بولىدىغان قۇزغۇنەكنى باشقا ھېچيەردە ساتالمىغان بولسا كېرەك. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، بۇ بەختسىز قۇزغۇنەكنى زىيارەت قىلىشقا باشلىدى. ئىككى پۇتىدىن مەھكەم باغلاپ تۇتۇۋالغانلىقى ئاز دەپ، قانات - قۇيرۇقلىرىمۇ قىرقىپ تاشلانغان بىچارە قۇزغۇنەك، كۆزلىرىنى ساماغا تىكىپ ھەدەپ ئۇچۇشقا يۇلقۇناتتى. بىراق بىر تەرەپتىن قىرقىلغان قانات ئۇچۇشقا ئىمكان بەرمىسە، يەنە بىر تەرەپتىن پۇتىدىكى زەنجىر ئۇنى پەلەي كىيگەن قولغا قايتۇرۇپ كېلەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ ھەرخىل غۇلغۇلا قىلىشتى:

- جۇغىنىڭ كىچىكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇركۇت ياكى قارچۇغىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن.

- شۇڭقارمىدۇ - يا؟ ئاڭلىسام شۇڭقارنىڭ جۇغى ئاشۇنداق كىچىك بولارمىش.

- مېنىڭچە، قۇرغۇي بولۇشى مۇمكىن. قارىماسىلەر، تۇرقىدىنلا گۆشخور، جەسۇر قۇشلۇقى چىقىپ تۇرىدۇ. بىز خەق توختى دېگەن ئىسىمنى توختەك، ھەسەن دېگەن ئىسىمنى ھەسىنەك دەۋېلىشقا ئامراق. قۇرغۇينى قۇرغۇيەك ياكى قۇزغۇنەك دەۋالغان بولۇشىمىز مۇمكىن.

- ...

ئاشۇ گەپلەر بولۇنۇپ ئارىدىن بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تاغ كەينىدىكى قوشنا يۇرتلۇق ھېلىقى ئادەم بازاردا قايتا پەيدا بولغاندا، كىشىلەر ئىختىيارسىز قۇزغۇنەكنى سوراپ بېقىشتى:

- ھېلىقى قۇزغۇنەك ھېلىمۇ بارمۇ؟

- ياق، - دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن، - ئۇ ئۆلۈپ قالدى.

- ئۆلۈپ قالدى؟ قانداق بولۇپ ئۆلۈپ قالدى؟

- قانداق بولۇپ ئۆلۈپ قالاتتى، گۆش ئېلىپ بەرسەم يېمىدى، ئۆلۈپ قالغۇچە سېتىۋېتەي دەپ ئاپارمىغان بازار قالمىدى، ھېچكىم ئىككى پۇل دېمىدى، قويۇپ بېرەي دېسەم ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا كەتكەن ۋاقتىدىن باشقىمۇ يەنە قەپەس، گۆش ۋە سۇ ھەققى زىيان بولمىسۇن دېدىم. بىر كۈنى ئەتىگىنى قوپۇپ قارىسام، قەپەستە ئاخشىمى ساق قالغان نەرسە ئۆلۈپ قاپتۇ. بولغان ئىش شۇ...

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۆزگىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئالداش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان نادانلىقنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىمۇ ئوخشاشلا ئۆزگىمۇ - ئۆزگىنىمۇ زىيان سېلىش بىلەن ئاخىرلاشماي قالمايدۇ. گەرچە نادانلىق بىر مەھەل مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ھالىتىگە ئۆتۈپ، گويا ئىشلار مەڭگۈ ئاشۇنداق بولىۋېرىدىغاندەك كۆرەڭلەپ كەتسىمۇ، لېكىن نادانلىق بەرىبىر نادانلىق. ئەجەبا دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان، ئاقىۋەتتى ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلاشقان بىرەر نادانلىقنىڭ بولۇپ باققىنىنى كۆرۈپ باققان ئادەم بارمۇ؟ ئەجەبا، ئۆز خىيالىڭىزدىكى پايدىنى

كۆزلەپ، نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان گۇناھسىز بىچارە قۇزغىنەكنى بالىلىرى بىلەن قوشۇپ ۋەيران قىلىش بەدىلىگە، ھېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە قەپەس، گۆش، سۇ ۋە بىرمۇنچە ۋاقىتنى زىيان تارتقان ھېلىقى قوشنا يۇرتلۇق ساۋاتسىزنىڭ نادانلىقى بىلەن بىزنىڭ بۇ يەردىكى باشقا نادانلىقلارنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى بارمۇ؟

* *

ھەر قېتىم سەپەر ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئائىلىدىن ئايرىلىپ ئاشخانىلاردا تاماق يېيىشكە توغرا كەلگەندە، بېشىمغا كۈن چۈشىدۇ. بۇ يالغۇزلا تاماقنىڭ ۋە تازىلىقنىڭ ناچارلىقىدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى - قورساقنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن تاماق يېيىشكە كەلگەنلەرگە ئاۋۋال تاماق ئەكىلىشنىڭ ئەكسىچە، خۇددى «گەجگىسى قىچىشسا مەيدىسىنى قاشلاپتۇ» دېگەندەك، ئەسلىدىكى ئاۋازى ئاز كېلىپ ياڭرانقۇ چېتىلغان ئۈنئالغۇ ۋە تېلېۋىزورلارنىڭ قۇلاق - مېڭىنى يەيدىغان ۋاراڭ - چۇرۇڭىنى زورمۇ - زور ئاڭلىتىشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىدىن.

شەكسىزكى، ئاشپەزلەرنىڭ ئاشخانىلارغا ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزورلارنى ئورنىتىشى ئەلۋەتتە خېرىدارلارنى كۆپرەك جەلپ قىلىپ، پۇلنى كۆپرەك تېپىش ئۈچۈن، ئەمما ئۇلار «ئاقماس ماتا، زورلاپ ساتا» دېگەندەك، ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يېيىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئېلان تەشۋىقاتلىرىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىدىن ماڭا ئوخشاش بىزار بولغان خېرىدارلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئويلاپ باقمايدىغاندۇ؟

شەكلى بۇنىڭغا ئوخشىمىسىمۇ، ماھىيىتى تامامەن ئوخشاش بولغان ھەممىلا ئىشتا ئۆز رايىنى ئۆلچەم قىلغۇچىلارنى كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلار ئاز ئەمەس.

- بۇرادەر، بۇرۇنقىلا مايلىنىپ پارقىراپ كېتىپتۇ. تويدا پولۇ يەپ كەلگەن ئوخشىمامسىلە؟

- بىرنى تېپىپ، بىرنى تاپالمىدىڭلا بۇرادەر، پولۇ يېيىشنىغۇ يېدىم، لېكىن تويدا ئەمەس، خەمىت خاتىقىزنىڭ بەرگەن چېيىدا يېدىم.

- خەمىت خاتىقىز نېمىشقا چاي بېرىپتىكەن؟

- نېمىشقا بولاتتى، بۇندىن كېيىن مېنى خەمىت خاتىقىز دېمەي، ئاتامنىڭ ئىسمى بىلەن خەمىت مامۇت دەپ ئاتىساڭلا دەپ بولمامدۇ.

- ئەمىسە شۇنداق ئاتىماي، چاينى ئىچىپ چىقىپلا يەنە خەمىت خاتىقىز دېگىنىڭلا نېمىسى؟

- ئۇنىڭغا «خاتىقىز» دېگەن ئايالچە فامىلىنىڭ سىڭىپ قېلىشىغا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھازىر قىلغان گېپىدىن ھازىر يېنىۋالىدىغان نامەرد مىجەزى سەۋەب بولغان. ئاشۇ سەۋەبنى تۈگەتمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا داستىخان سېلىپ چاي بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانسا، بۇ خۇددى گەجگىسى قىچىشسا مەيدىسىنى قاشلىغاندەك بىر ئىش بولمامدۇ؟

بەرھەق! رېئاللىق رەھىمسىز، ئۇ ھېچكىمنىڭ رايىغا باقمايدۇ. گەرچە ھەممە ئىشتا ئۆز رايىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرىۋالىدىغانلار، قورسىقى ئاچقان خېرىدارلارنى ياخشى تاماق بىلەن جەلپ قىلىش ئورنىغا قۇلاق - مېڭىنى يەيدىغان جالدىرۋاق ناخشا - مۇزىكىلار بىلەن جەلپ قىلماقچى بولغان ھېلىقى ئاشخانىلاردەك، دەسلەپتە ئانچە - مۇنچە خېرىدار تاپقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ھامان خېرىدارلارنى بىزار قىلماي قالمايدۇ. ئەجەبا خېرىدارلىرى بىزار بولغان ئاشخانا روناق تاپالامدۇ؟ ئەجەبا ئۆزىنىڭ ئەلگە پۇر كەتكەن نامەردلىكىدىن ئانىسىنىڭ ئىسمى فامىلە بولۇپ سىڭىپ كەتكەن بىر ئىنسان، ئاشۇ نامەردلىكنى تاشلىماي تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى ياغلاش بىلەنلا، قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن نامەردلىك كېسىلىنى يوشۇرۇپ قالالارمۇ؟ تالاي قېتىملاپ قايتا - قايتا ئىسپاتلانغان «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەن ئاچچىق ھەقىقەت، ئەجەبا ئانىسىنىڭ ئىسمى فامىلە بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەن ناكەسلەر ئالدىدا، ئاشۇلارنىڭ رايى بويىچە ئۆزگىرىپ بېرەرمۇ؟... ئىچ - ئىچىدىن پۇرلىشىپ قۇرتلاپ كەتكەن، يىلتىزلىرىمۇ سېسىپ ھاياتى كۈچ مەنبەسىدىن مەھرۇم قالغان بىر قېرى دەرەخ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالىدىغان ئۆتكۈنچى يامغۇرغا تايىنىپ قاچانغىچە كۆكلەپ تۇرالار؟ ئەجەبا ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ساختا كۆكلەپ تۇرغىنىدىن تېزرەك غۇلاپ چۈشۈپ، ئانا تەبىئەتتىكى باشقا جانلىقلارغا سايە بېرەلەيدىغان يېڭى - يېڭى نوتىلارغا ئورۇن بەرگىنى مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟

# چۈش

جېلىل خېلىل

مەن ئۆزۈمنىڭ نېمىلىكىنى ۋە قايسى زامان، ماكانغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىمنى بىلەلمىگەن هالدا بىر سېھىرلىك چۈش كۆردۈم.

1 - كۆرۈنۈش

ئالەم بىنا بولمىغان چاغ. پەقەت جىمجىتلىق، سۈكۈناتلا مېڭەمدىكى تۇنجى سەزگۈ ۋە بىردىنبىر بارلىق. ئالەم بىنا بولمىغان چاغ تۇرسا مەن قانداقسىگە بار بولۇپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە مەن مەۋجۇت ئەمەس. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم - خىيالىم مەۋجۇت. مېنىڭ مەنىۋىيىتىم مۆلچەرلىگۈسىز قۇدرەت ئاتا قىلىنغان ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى. مەن يوقلۇق سىياقىدا ئايان بولىمەن. سۈكۈنات سىياقىدا ئاۋازغا ئايلىنىمەن. مەن روھىمنىڭ بىرەر تەرىپىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىنىپ قېلىشىنى ئويلىمايمەن. مەندە مەدەنىيەت - مەدەنىيەتسىز-لىك، ئەركىنلىك - تۇتقۇنلۇق ئۇقۇمىمۇ ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەس. ئۆزگەرتىلمەيمەن، ئۆزگەرتى-مەيمەن. تۇغۇلمايمەن، ئۆلمەيمەن. ئەجدادىممۇ يوق، ئەۋلادىمۇ قالدۇرمايمەن. مەن مەڭگۈلۈك كامالەت، ھەقىقىي مەڭگۈلۈك ئەبەدىيلىك بەخت.

بىراق، مىڭ ئەپسۇس. . . مېنىڭ روھىمدا خاھىشىمغا زىت بولغان ئاسىيلىق كۆرۈلدى.

2 - كۆرۈنۈش

هاۋا بىلەن ئادەم مېنىڭ روھ مىقياسىمدا ئۆزلىرىنىڭ ئازابىنىڭ بەرق ئۇرۇشى بولغان بىر تەنگە ئايلىنىش ئىستىكىنى بەھۇزۇر ۋە تەكرار هالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ روھ ئىمپېرىيەم يىمىرىلىپ تەن كۆلىمىگە كىرىشكە باشلىدى. مەن شۇندىلا ھېس قىلدىمكى، هاۋا بىلەن ئادەم روھىمنىڭ بىر بۇرجىكىدە سۈكۈت شەكلىدىكى ئاۋازغا كۆمۈلۈپ ياتقان ئۆلۈمىم ئىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ مەڭگۈلۈكۈم ئۆلدى. ئىلاھلىقىم تەن مۇستەبىتلىكى ئىسكەنجىدە گۇمران بولدى. مەن هاياتلىق، بارلىق، كامالەتلىك دەۋرىدىن (مەڭگۈلۈكتىن) ماماتلىق، يوقلۇق، ئاجىزلىق دەۋرىگە كۆچتۈم. ئەنە تۇنجى باسقان ئىزىمدىن قۇياش كۆتۈرۈلدى. ئىككىنچى باسقان ئىزىمدىن ئاي كۆتۈرۈلدى. ئاندىن كېيىن باسقان ئىزلىرىمدىن يۇلتۇزلار تەكرار كۆتۈرۈلمەكتە. ئىزىمدىن ئۇنگەن قۇياش شىددەت بىلەن زورايدى - دە، قۇراشتۇرۇلۇۋاتقان جىسمىمنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. مېنىڭ تىنىمسىز كۆلگە ئايلىنىپ تۇزۇۋاتقان زەررىچىلىرىمدىن بىر قىپيالىڭاچ قىز كۆز ئالدىمدا بەر قارار بولدى. ئۇ شۇ قەدەر پاك، شۇ قەدەر گۈزەل، شۇ قەدەر جەلپكار ئىدى. مەن تەن شەكلىگە كۆچكەندىن كېيىن بۇ دۇنيانى مەنىسىز، ئاچچىق ھېس قىلغانىدىم. ئەمدى ئۇ ماڭا ئازراق بولسىمۇ شېرىنلىك ئاتا قىلدى. مەن ئۆز كۆلۈمدىن پۈتكەن بۇ مەڭگۈلۈكنىڭ دەققىسىگە تاشلاندىم. . . بىراق ئۇ يەنىلا يىراقتا، قانچە قوغلىسام شۇنچە قاچىدۇ، قوغلىمىسام جەلپ قىلىدۇ. مەن زېمىننىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ نىدا قىلدىم: ئاھ، مەڭگۈلۈكتىن قوغلانغان بىچارە هاۋا بىلەن ئادەم، بالىلىرىڭ شۇنچە ئاجىز! . . .

3 - كۆرۈنۈش

قىيامەت پەيتى. ئۆزۈممۇ دەل قىيامەت سۈرىتىگە كىردىم. كامالەت ۋۇجۇدۇمدا لاۋۇلدايدۇ. يەر - ئاسمان ئۆز - ئۆزىدىن پارتلاپ كۆيۈپ قىياس قىلغۇسىز دەرىجىدە نەچچە مىليارد گرادۇسلۇق هارارەت بىلەن يانماقتا. پەقەت قۇياشلا سالقىن ماكانغا ئايلانغان. دەھشەتلىك يورۇقلۇق دەستىدىن قۇياش خۇنۇك ۋە قارا رەڭگە كۆچمەكتە. مەن بىر تۇرۇپ يەر شارىدىكى نەچچە مىليارد ئاتوم بومبىسى بىراقلا پارتلاپ قىيامەت پەيدا قىلدى دەپ ئويلايمەن. بىر تۇرۇپ زېمىندا ئىمانلىق كىشىلەر قالماي (بۇنىڭ ئىلمىي تەبىرى: پەن - تېخنىكىنىڭ راۋاجى بىلەن ئەدەپ - ئەخلاق، تەرتىپ - قائىدە، تۈزۈلمە، مۇناسىۋەت

دېگەنلەر چاك - چېكىدىن بۆسۇلۇپ، ھازىرقى بىزنىڭ نەزەرىمىزدىكى ئىنسانلىق باشقا شەيئىلەرگە كۆچۈپ كېتىپ) خۇدا يەجۇجى - مەجۇجىنى قىيامەت ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى پاكلاشقا ئەۋەتتى دەپ ئويلايمەن.

4 - كۆرۈنۈش

مەن قىيامەت كامالىتى بىلەن نەچچە ئىرا دەۋران سۈرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ئادەم ۋە ھاۋا كەبى يەنە بارلىققا قوغلاندىم. بىلدىمكى، ئادەم بىلەن ھاۋا جەننەتتىن ئەمەس قىيامەتتىن، مەن قىيامەتتىن ئەمەس جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈپتىمىز. دېمەك قىيامەت = جەننەت، جەننەت = قىيامەت. بىز زېمىندىكى تۇنجى ئىنسانغا ئايلاندۇق. يەنە بىر ئەلمىساق باشلاندى. بىز قىيامەتتىن چۈشكەن تۇرساق يەنە نېمە ئۈچۈن ئەلمىساق ئاتالدۇق؟ چۈنكى كېيىنكىلەر بىزنىڭ ئالدىنقى بىر نۆۋەت (بەلكى مىليارد نۆۋەت) ئەلمىساقتىن قىيامەتكىچە بولغان ئارىلىقنى باشتىن كەچۈرۈپ بولغانلىقىمىزنى، ئالدىنقى ئەلمىساقنىڭ قىيامىتىنىڭ ھازىرقى يېڭى باشلىنىشىنىڭ ئەلمىساقى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئالەمدە بىرلا يارىلىش ۋە يوقىلىش بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى ئەلمىساق ئاتىلىشىمىز ئالدىنقى ئەلمىساقنىڭ قىيامەت كۆلىمىگە كىرگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قىيامەتنىڭ ئاخىرقى چېكى ئەلمىساق، ئەلمىساقنىڭ ئاخىرقى چېكى قىيامەت. بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن كېلىپ چىقىدۇكى، مەڭگۈلۈك ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەس، مۇشۇنداق ئۈزۈلمەي دەۋر قىلىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى مەڭگۈلۈك. يەنىمۇ چوڭقۇر قىلىپ ئېيتقاندا، مەڭگۈلۈكنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنىڭ ئۆزى مەڭگۈلۈك. ئەلمىساق بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتى مۇمكىنسىز مەڭگۈلۈكنىڭ بىر دەقىقىلىق تىنىقى خالاس.

5 - كۆرۈنۈش

مۇمكىنسىز مەڭگۈلۈكنىڭ بىر دەقىقىلىق تىنىقى بولغان ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتى قانداق ئۆتۈشى كېرەك؟ ئۆزىنىڭ مۇشۇ دەقىقىلىق بارلىقىتىكى روھىنىڭ كىشىلەر ئېڭىدا ساقلىنىش مۇددىتىنى ئۇزارتىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن بىرەر مۇددىئا ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى زۆرۈر. ئىنسانىيەت پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تەڭرى كۆلىمىگە كىرىپ، مەڭگۈلۈك لەھزىسىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى يەر شارى مىللەتلىرى ئىچىدە مەڭگۈلۈكنى ئەڭ قوغلاشقان مىللەتلەرنىڭ بىرسىدۇر. ئۇلار تا بۈگۈنگىچە ھاياتقا مەنە (مەڭگۈلۈك) ئىزدەپ شامان، مانى، زەردۇشت، ساكيامۇنى، مۇھەممەد پەيغەمبەردىن پاناھ تىلەپ باقتى. ئۇيغۇرلار مەڭگۈلۈكنى تاپالدىمۇ؟... ئۇلار مەنىگە (مەڭگۈلۈككە) قانچە ئىنتىلگەنسېرى مەنە (مەڭگۈلۈك) ئۇلارنى شۇنچە يىراقتا قالدۇردى. نەتىجىدە ئۇلار گاڭگىراش، قايمۇقۇش ئىچىدە قېلىپ، ئىچىدىكىنى دېيەلمەيدىغان، ئەمما ساز تۇرماق كۆكتىكى گۈلدۈرماما، يولدىكى ماشىنىلارنىڭ قالايمىقان ئاۋازىنى ئاڭلىسىمۇ ھېجىيىپ ياكى ھاياجانلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ ھەممە ئەزالىرىنى تولغاپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان قوۋمغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئەسىرلىك ئازابنىڭ بەدەننىڭ سىرتىغا غەيرىي شەكىلدە تېپىپ چىقىشى ئىدى. زامانىۋى دۇنيانىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان بىرلىك، ئەقلىي كامالەتتىن تولىمۇ يىراقتا قالغان، ئۇششاق پايدا - مەنپەئەت توقۇنۇشى ۋە بىمەنە غەيرىي روھىي تۈزۈلمىگە ھامىلدار بولغان بۇ مىللەت ھازىر گاھ غاپىل، گاھ ئارىپ ھالدا باشقا مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي كامالىتى ئالدىدا چۆچۈش ھېس قىلىپ، كۆكتىن، زېمىندىن، ئۆتمۈشتىن، كەلگۈسىدىن، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھازىردىن ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەڭگۈلۈكنى ئىزدىمەكتە!...

## خاتىمە

... تۇيۇقسىز چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم ۋە يەنە چۈشۈمنىڭ ئىچىدە ئويغىنىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. مەن باياتىن بېرى نېمىنى كۆردۈم، نېمىنى ئويلىدىم، دەپ بېرەلمەيمەن. پەقەت بىر قىز مېنى يىراقتىن ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرۇپتۇ. مەن شۇ قىزنىڭ سېھرى بىلەن مەڭگۈ ئويغىنالمايدىغانلىقىمنى سەزدىم. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھايات يەنىلا ئويغىنىش ئالدىدىكى مەڭگۈ ئويغانمايدىغان بىر گۈزەل چۈشتۇر. شۇنداقلا بۇ چۈشنىڭ ئويغىنىشى مۇقەررەردۇر ۋە ئۇنىڭ ھاسىلاتى ئۆلۈمدۇر... شۇڭا ئۆلۈم يوقىلىش ئەمەس، بەلكى باشقا بىر خىل مەۋجۇتلۇقنىڭ چەكسىز شەكلىدۇر...

# شېئىرىي ئوبيېكت ۋە غۇۋالىق ئىچىدىكى شېئىر

(ماقالە)

بوغدا ئابدۇللا

## 1

شېئىرىي ئوبيېكت هامان غۇۋالىق ئىچىدە تۇرىدۇ، ئۇنى بايقاش، ئۇنىڭدىن جانلىق، گۈزەل بىر پۈتۈن نەرسىنى يارىتىش شائىرنىڭ ۋەزىپىسى. شېئىرىي ئىجادىيەت ـ ئەنە شۇ غۇۋالىق ئىچىدىكى ئوبيېكتنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ھېسسىياتلىق بايان قىلىش دېمەكتۇر.

ئادەتتە، بەزى كىتابخانلار بىزدىن شېئىرىي پىكىرنىڭ ئوچۇق، ئېنىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭدىنمۇ رەنجىگىلى بولمايدۇ. شائىر ھەربىر كونكرېت ئەسەر ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، ئالدى بىلەن كىتابخاننىڭ ئېستېتىك تەلىپىنىمۇ ھېسابقا ئالىدۇ. لېكىن ئۇ ئەمەلىي ئىجادىيەتتە ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلەيدۇ.

تەجرىبە شائىر تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ. ئۇ يەكۈنلەنگەندىن كېيىن نەزەرىيىۋى پىكىرگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىي ئاما كۆرىدۇ ھەمدە ياخشىلىرىنى ئۆز مەنىۋى بايلىقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ. نۆۋەتتە كەلگەندە بۇ خىل نەزەرىيىۋى پىكىر شائىرنىڭ يېڭى شېئىر ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە، يېڭى تەجرىبىلەرنى يارىتىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىجادىيەتتە مەغلۇپ بولۇشمۇ بىر تەجرىبە، ئوخشاشلا غەلىبە قازىنىشمۇ بىر تەجرىبە، غەلىبە قازانغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تېخىمۇ يېڭى يول ئىزدەشمۇ ياكى كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقىتىشمۇ بىر خىل تەجرىبە، مەغلۇپ بولغانلىقىغا تەن بەرمەسلىك بۇمۇ بىر تەجرىبە، ساختا تەجرىبىلەرگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىش يەنە بىر خىل تەجرىبە. خەلقىمىزدە «گۈل ئۆزى تۇپراقتا ياتسا، گۈلنىڭ ئېتى گۈل تۇرۇر» دەيدىغان گۈزەل بىر قوشاق بار. مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، كونكرېت بىر شېئىرىي ئەسەر ۋاقىتنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ ۋاقىتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلىگەن، خەلقنىڭ كۆڭلىگە چىڭ ئورناپ كەتكەن شېئىرىي ئەسەرلەرلا ھەقىقىي مۇنەۋۋەر ئەسەر بولالايدۇ. ئالدىراپ ماختالغان ئەسەرلەرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ناتايىن. شۇنداقلا ئالدىراپ تەنقىدلەنگەن ئەسەرلەرنىڭمۇ ئۆمرىنىڭ قىسقا بولۇشى ناتايىن. بىر چاغلاردا توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن توپقا تۇتۇلغان بەزى ئەسەرلەر بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە فولكلورغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ نۇقتا بىزنى ئىجادىيەتكە قانداق كىرىشىش ۋە ئۇنى قانداق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ.

## 2

شېئىرىي شەكىل ئەنئەنىۋى نەرسە ھەم ئىجادىي نەرسە. ئۇ داۋام قىلغان ھەم ئۇنتۇلغان ئەنئەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزدە ئۇنتۇلغان ياكى تەتقىق قىلىنمىغان نۇرغۇن گۈزەل شېئىرىي شەكىللەر بار. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ شېئىرىيەت خەزىنىمىز كەمبەغەل ئەمەس. شۇڭا بىز ھېچكىمدىن قېلىشمايمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق

قەدىمكى شەكىللەردىن پايدىلانغان ئەھۋالدىمۇ «بۇ بىزنىڭ ئەمەس» دەيدىغان كۆزقاراشلارمۇ يوق ئەمەس. چۈنكى بىز بىر خىللىقتا ئۆگىنىپ كەتتۇق ھەم شائىرلاردىنمۇ شۇنى تەلەپ قىلىمىز. بۇ توغرا ئەمەس. مەسىلە ھەممە ئادەم خاراكتېرىنىڭ بىر خىللىقىنى خالىماسلىقىدا. باش كىيىم ئىستېمالىدىن ئېلىپ ئېيتساق، چىراي، رەڭ، باش پەرقىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە ئادەم ئوخشاش بىر پاسوندىكى شلەپىنى كىيسە بولامدۇ؟ بۇنداق بولغاندا ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنمەيدۇ.

شائىر كىشىلىك دۇنيانى، لىرىك ھېسسىياتنى، شېئىري غايىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ھامان شەكىلگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى شەكىل بىلەن ئىپادىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە شەكىلنى قوبۇل قىلدۇرىدۇ، لېكىن بۇ جەريان ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا شېئىري ئىجادىيەتتە رەت قىلىشقا، ئىجادىي ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەرگىزمۇ توسقۇنلۇقلاردىن چۆچۈپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى شائىرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى، ئۇنىڭ يولىنىڭ راۋان بولۇش - بولماسلىقىنىڭ ئاساسى.

ئادەم تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى، ئادەم تەبىئەتتىن يارىتىلغاچقا، ئەزەلدىن شائىرلار تەبىئەتنى مەڭگۈلۈك تېما قىلىپ كەلدى. ھازىرقى دۇنيادىمۇ تەبىئەت تېمىسى يەنىلا شائىرلارنى كۆپرەك جەلپ قىلىۋاتىدۇ. تەبىئەت قانۇنىيەتلىك نەرسە، ئۇنىڭدىكى ھەربىر شەيئى، ھادىسە ھاياتلىققا، كۈچ ۋە ساداغا، ئوبرازغا، شېئىري كۆرۈنۈشكە تولغان بولىدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەر بىر تال ياۋا ئۇرۇقنىڭ يوغان قورام تاشنى يېرىپ چىققان ۋاقتىدىكى ساداسى، يېزا يوللىرى ئۈستىدە لۆمۈلدەپ كېتىۋاتقان كىرپىلەردىن چىققان سادا، كۆچكەن قۇملاردىن چىقىۋاتقان سادا بىزنى ئويلىنىشقا مەجبۇرلاپ مول شېئىري تۇيغۇ، شېئىري پىكىر، شېئىري غايە بېغىشلايدۇ. ئۇلارنى ئىپادىلەش ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى بىلدۈرۈش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

بىز ھازىرغا تەئەللۇق، ئېتنىك جەھەتتىن قارىغاندا، بىز قەدىمكىگىمۇ تەئەللۇق. ئەجەبا قۇمنىڭ تېگىدىكى تەقدىر بىزنى ئويلاندۇرمامدۇ؟ ئۇ يەردە رىۋايەت بىلەن رېئاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن. پورلىشىپ، قىغ بولۇپ ياتقان. ھاياتلىق ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقان توغراقلىقلاردا مىلادىدىن بۇرۇنقى ئەسىرلەر ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ يەردىكى ئوكسىگېننى تۈڭ - تۈڭلارغا قاچىلاپ، ئۇنىڭغا ھەرەڭ - سەرەڭ ماركىلارنى چاپلاپ، ئالىي مەيخانىلارغا ئېلىپ كىرىپ تاپاۋەت قىلىش شائىرلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. شائىر پەقەت ئۇنى ئەسلىمە يولى ئارقىلىق ئۆز مۇشتېرىلىرىغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ، تونۇتىدۇ، شۇنداقلا شېئىري خىتاب ئارقىلىق ھازىرقى ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. بىز كۆزقارىشىمىزنى تەبىئەتكە تاڭالمايمىز، ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ۋاقىتىنچە شۇنداق قىلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن كىم قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئاخىرى ئۇ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ. تەبىئەتتىن نەپ ئېلىشنى بىلگەن ئادەم، تەبىئەتكە نەپ بېرىشنىمۇ بىلىشى كېرەك. شائىر تەبىئەتنىڭ ئۆگەي پەرزەنتى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ باغرىنى يېرىپ چىققان پەرزەنتى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى شائىر چۈشىنىدۇ، ئىپادىلەيدۇ ۋە خۇشال قىلىدۇ.

## 3

سىيۇژىتتىكى قەدىمىيلىك قوغلاپ يەتكىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس ھەم تەييار نەرسىمۇ ئەمەس. شېئىرنىڭ سەنئەت لايىھىسى جەريانى شائىرنىڭ تۇرمۇشقا، تېمىغا بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىش جەريانى، شائىرنىڭ ھېسسىي ئوبرازلارنى چېچىلاڭغۇلۇقتىن مەركەزلەشتۈرۈش، غۇۋالىقتىن ئېنىقلاشتۇرۇش، ئادەتتىكىلىكتىن يۈكسەك بەدىئىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش، شۇنداقلا شېئىري ئوبراز يارىتىش جەريانى. چۈنكى قەدىمكى ئۇقۇملار پارچە - پۇرات

كېلىدۇ، شۇڭا بۇلارنى تاللاش، تاۋلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئالدى بىلەن شائىرنىڭ مېڭىسىدە ھەممە نەرسىنىڭ ئايدىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇششاق دېتاللارنى بىر - بىرىگە چېتىپ قىسمەنلىكتىن بىر پۈتۈنلۈكنى، ئايرىملىقتىن ئومۇملۇقنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. قەدىمكىنى يېزىش بىر كۆڭۈللۈك، سېھىرلىك، جەلپكار تېما، شۇڭا شائىرلار قەدىمكىنى يېزىشقا بەك ئىنتىلىدۇ. قەدىمكىنى يېزىشتا ھازىردىن قەدىمنى ئىزدەش، قەدىمدىن قەدىمنى ئىزدەش، قەدىمنىڭ سىرتىدىن قەدىمنى ئىزدەش ياخشى ئۇسۇل. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنى ئىزدەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بىر پۈتۈن نەرسە، ئۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭمۇ بىر ئۆلۈشىمىز بار. قەدىمكىنى يېزىشتىكى ئاساسىي مەقسەت، ئۆزىمىزگە بولغان چۈشىنىشنى ۋە بىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، روھنى بىلىش ۋە ئۇنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە بۇ روھ غۇۋا نەرسە، ھېسسىيات ئۇنىڭغا رەڭ ۋە جۇلا بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىكى شۇ غۇۋالىق پەقەت شائىرنىڭ نۇرانە ھېسسىياتى بىلەن يورۇپ ئېنىقلىنىدۇ، جۇشقۇن سادالىق ئاۋازى بىلەن سادا چىقىرىدۇ. دېمەك شېئىرىي ھېسسىيات - رېئاللىقتىكى غۇۋالىقنى يورۇتۇپ روشەنلەشتۈرگۈچى كۈچ.

كىشىلەر غۇۋا دەپ قارىغان نەرسە ئەمەلىيەتتە غۇۋا ئەمەس. بۇ روھىي ئېستېمالنى تائامغا ئوخشىتىش مۇمكىن. بەزى تاماقلارنى ھەزىم قىلىش ئاسان، بەزى تاماقلارنى ھەزىم قىلىش تەسرەك. غۇۋالىقنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بىزنى پىكىر قىلىشقا مەجبۇرلاشتۇر. بىز چەكسىز بوشلۇق ئىچىدە دالىنى، تۆگىنى، قۇملۇقنى كۆرىمىز. بىز يەنە مۇشۇ بوشلۇق ئىچىدە رېئاللىققا يۈزلىنىمىز، تار كوچىلاردا ئاجىز مومىسىغا ئەگىشىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان قىز، ئاغرىق كارىۋىتىدا ئاسما ئېسىلغان بىمار، ئاق تاماكىدىن ئۆزاپ كېتىۋاتقان جىنازا ۋە باشقىلار. غۇۋالىقتىن

تۇغۇلغان تراگېدىيىلەر ئالدىدا ئىنسان ئۆز كۈچىنى قانچىلىك مۆلچەر قىلالايدۇ؟ بۇ مۆلچەر شېئىردا ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ھايات ئۆز مەنتىقىسى بويىچە داۋام قىلسا، ئۇنى سەنئەت ئۆز مەنتېقىسى بويىچە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئالايلى، رېئال ھايات - ھامان تراگېدىيىلىك ھادىسىلەردىن خالىي ئەمەس، تۇنۇگۇنكى تراگېدىيە - بۈگۈنكى كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ ئويلاندۇرىدۇ. شېئىرىيەتمۇ تراگېدىيىلىك تۈستىن خالىي بولالمايدۇ. شائىر تراگېدىيىلىك تۈسنى كۆرۈش ئارقىلىق بۈگۈنكى خاراكتېرگە قارىغاندا، قەدىمكى خاراكتېرنىڭ پاكلىقىنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرىدۇ.

نۆۋەتتە، شائىرلارنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، شائىر كىشىلەرنىڭ «نېمە يازدىڭ، ئېلان قىلدىڭمۇ؟» دېگەندەك گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ. ياخشى شېئىر كىشىلەر تەرىپىدىن ماختىلىدۇ، ناچار شېئىر كىشىلەرنى بىزار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار تەملىك ۋە قۇۋۋەتلىك روھىي ئوزۇققا موھتاج.

ئىنسان بولىدىكەن، ئۇنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسى، ئۈمىدى بولىدۇ. ئۇ تەنھا بىر بوشلۇقتا ئۆز - ئۆزىچە كۈلۈشى كېرەك. ئۇ ئېغىر ئەندىشىلىرى ئىچىدە كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇشى كېرەك. ئۇ كىمگىدۇر بىراۋغا ھېسداشلىق قىلىشى كېرەك ۋە بۇنداق ھېسداشلىقنى ئۆزىمۇ قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئۇ جىمجىتلىق ئىچىدە بىرەر مىسرا، بىرەر كۇپلېت شېئىر ئوقۇپ ئۆزىنى بەزلىشى، كۈچ ھازىرلىشى كېرەك. شۇنداق، خۇددى بىر شائىر ئېيتقاندەك: «شېئىر ۋارقىراپ ئېيتىدىغان نەرسە ئەمەس، پىچىرلاپ ئېيتىدىغان نەرسە»، پىچىرلاپ ئېيتىدىغان نەرسە غۇۋا بولىدۇ. بۇ غۇۋالىق ئىچىدە شېئىرىي ئوبيېكت بولىدۇ. شۇڭا شېئىرىي ئوبيېكت - ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ئۇ مەنسۇپ بولغان جەمئىيەت، ئادەم بىلەن ئۇنى قوينىغا ئالغان تەبىئەت ئارىلىقىدا غۇۋالىق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

# ئىككى نەسىر

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

## ئىزلەيمەن، تاپالمايمەن

تۇيۇقسىزلا نېمىنىمدۇر بىرنەرسىنى ئىزلەش خىيالى مېنى ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇ كىم، ئۇ نېمە؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىزلەش خىيالى مېنى چوڭ كوچىغا ئېلىپ چىقتى. ئادەملەر ئېقىنىغا قوشۇلۇپ كەتتىم.

مەن كىمنى، نېمىنى ئىزلەيمەن؟

ئادەملەرنىڭ كۆزىگە سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلىمەن. ئادەملەر ماڭا پەرۋا قىلمايدۇ. ھەممىسى ئۆز خىيالى، ئۆز غېمىدە. بەزىلىرى بولسا ماڭا لاپپىدە بىر قارايدۇ - دە، ئۆز ھەرىكىتى بىلەن بولىدۇ ياكى ئالدىرىغىنىچە ئۆز يولىغا كېتىپ قالىدۇ.

توۋا! . . .

ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن! مەن كىمنى، نېمىنى ئىزلەيمەن؟ ئادەملەر ئېقىنىدا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ كېتىۋاتىمەن.

- ئاكا تاماكا ئېلىۋېلىڭ! . . . - دېگەن قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋاز مېنى چۆچۈتىۋەتتى. ئالدىمدا بىر قىز سەبىي كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدىم. ئىزلىگەن نەرسەمنى تاپقاندەك بولدۇم. ۋۇجۇدۇمدا ئېغىر خورسىنىش ھۆكۈمران ئىدى. مەن تاماكا چەكمىسەممۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭدىن بىر قاپ تاماكا سېتىۋالدىم. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش نېمىنىدۇر بىرنەرسىنى ئىزلەيتتى. ئۇ ئىزلىگەن نەرسىسىنى تاپالامدۇ - يوق، بۇ ماڭا قاراڭغۇ.

لېكىن، مەن بۇ يوللارنى تىنىماي كېزىۋاتىمەن. تىمىسقىلاپ ھەممە يەرنى ئاختۇرىۋاتىمەن. ھەربىر بۇلۇڭ - پۇشقاقمۇ مېنىڭ نەزىرىمدىن ساقىت بولغىنى يوق، لېكىن ئىزلىگەن نەرسەمنى ھېچ تاپالمايمەن.

مەن چارچىدىم، پۇتۇمدا نە ماغدۇر، نە جان قالدى دەيسىز! ئىككى پۇتۇمنى سۆرەپ كېتىۋاتىمەن. ئاخىرى يىقىلدىم، قارىچۇقلىرىم بىر نۇقتىدا قېتىپ قالدى.

مەن نېمىنى ئىزلىدىم. ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىزلىگەن نەرسەمنى تېخىلا تاپالمايمەن.

دوستۇم سىز ماڭا ياردەم قىلىڭ، مەن زادى نېمىنى ئىزلەيمەن؟!

## ئۇنتۇلماس سۈرەت

مەن ئۇنى كۆرمىگەنىدىم. تۇيۇقسىز ياڭرىغان كۈلكە مېنى ئارقامغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ ماڭا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چېھرىدە ئاجايىپ سېھىرلىك بىر ناز پەيدا بولدى. كۆزلىرى خۇمارلاشتى. مەن قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. ئاياغلىرىمنى تەستە يۆتكەپ يولۇمغا ماڭدىم. بىر تاش يېنىمغا «توككىدە» چۈشتى. مەن توختاپ ئارقامغا قارىدىم. ئۇ بۇرۇنقىدەك نازلىنىپ، مېنى يېنىغا ئىشارە قىلدى.

مەن كەلگەن ئىزىمغا قايتتىم. ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ ماڭا بىر تال قىزىل گۈل سوۋغا قىلدى. يۈرىكىم تەشنالىقتىن پارا - پارا بولۇپ كەتتى. مەن سۆيگۈمنى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىغا چاچتىم. ئۇ بۇنى بازارغا سېلىپ پۇللۇق بولۇۋالدى.

مەن ئۇنى ئىزلەپ كونا جايغا كەلدىم. ئۇ لېۋىنى پۈرۈپ تەتۈر قارىۋالدى. شۇ چاغدا بىر يىگىت ئۆتۈپ قالدى. ئۇ يەنە قاقاقلاپ كۈلدى. يىگىت ئارقىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. يىگىت كەلگەن ئىزىغا قايتىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، «چاڭ - چۇڭ» قىلىپ ئىككى شاپىلاق سالدى. قولىدىكى قىزىل گۈلنى يۇلۇۋېلىپ، دەسسەپ چەيلىۋەتتى، ئاندىن يولىغا راۋان بولدى. مەن قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ يۈزىنى تۇتقىنىچە قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتتى.

# قەرزدار

دىلبەر ھامۇت

قەلب قەسرىمدە تىنىمسىز قوتراپ تۇرغان دەرد گۈلخانىمغا ياغ چېچىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەۋاتقان كۈچلۈك بىر ئىدا شۇنچە بەزلىشىمگە پەرۋا قىلماي ئاخىرى پارتلىدى. بۇنى ئەمدى يەنىلا پىنھان تۇتۇشقا ئاجىزمەن، مېنى كەچۈر، قەدىرلىكىم!

سەن مېنىڭ نەزەرىمدە گويا ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان مەغرۇر بىر بۈركۈت ئىدىڭ. بۇ بۈركۈت گاھ يۇقىرىلاپ، گاھ پەسلەپ ئۇچسىمۇ، ھەربىر ھېچكىمگە تۇتۇق بەرمەيتتى. سەن گويا لەرزان سوقۇۋاتقان مەيىن شامال ئىدىڭ. بۇ شامال يۈزلەرنى سىيلاپ، كۆڭۈللەرگە تاتلىق ھۇزۇر بېغىشلىسىمۇ، ھەربىر ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايتتى. سەن گويا ساپ، ئىللىق ھاۋا ئىدىڭ، مەن بۇ ھاۋادىن قانغۇچە نەپەسلەنگەن، پۈتكۈل جىسمىم ئۇنىڭ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولسىمۇ، ھەربىر سېنىڭ روھىڭ ماڭا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. سەن يەشكىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ بىر تېپىشماق ئىدىڭ. مەن ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەممۇ، بۇ تېپىشماق مەڭگۈ يېشىلمەيتتى. سەن مەندىن تولىمۇ يىراقتا ئىدىڭ، مەن رىۋايەتلەردىكى مەڭگۈ يېرىتىلمايدىغان ئالتۇن كەشنى كىيىپ كېچە - كۈندۈز يول يۈرسەممۇ سېنىڭ يېنىڭغا زادىلا يېتىپ بارالمايتتىم. سەن شۇنچىلىك يۈيۈكلۈكتە، ئېگىزدە ئىدىڭ، مەن ساڭا ئىنتىلگەنسىرى سەن تېخىمۇ ئېگىز چوققىلارغا چىقىۋالاتتىڭ. مەن سەن بىلەن تونۇشقان كۈندىن ئېتىبارەن، سېنىڭ ياشاش ئۇسۇلۇڭغا پۈتۈنلەي زىت ھالدا بىپايان ئاسمانغا قول سوزغان ئەرزىمەس تىلەمچىدەك ساڭا تەلمۈرۈپ، بىچارىلەرچە ياشاپ كېلىۋاتاتتىم... قىزلىرىم ساڭا تەشنا ئىدى. مەسۇم قەلبى، بىغۇبار ھېسسىياتى، ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك دەرىجىدىكى پاك گۆدەكلىكى بىلەن ساڭا تەشنا ئىدى. مەن ئۇلارنى مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ بېقىۋاتقان، بارلىق بالىلىق ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇۋاتقان بولسامۇ، ئۇلار يەنىلا ساڭا تەشنا ئىدى. ئۇلار چۈشىدىمۇ سېنى كۆرەتتى، سېنى سۆيەتتى. ئۇلارغا سەن بولمىساڭ زادى بولمايتتى.

سەن بولساڭ، يېڭىلا شېرىن چۈشتىن ئويغانغان سەبىي بالىدەك بۇ دۇنيادا پەقەت بىر ئۆزۈڭلا باردەك، گۈزەللىك، مۇھەببەت، ئويۇن - تاماشا بىلەن تولغان بۇ رەڭدار ھايات پەقەت ساڭىلا مەنسۇپتەك ئاجايىپ خاتىرجەم، ئاجايىپ بەھۇزۇر ياشايتتىڭ. خۇددى ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك، سۇدا ئەركىن ئۈزۈۋاتقان بېلىقتەك كەڭ - كۇشادە يايراپ ياشايتتىڭ. نەسىھەتلىرىمگە، يېلىنىشلىرىمغا، كۆز ياشلىرىمغا، قىزلىرىمنىڭ تاشنى ئېرىتكۈدەك چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتىگە پەرۋا قىلماي ياشايتتىڭ. سەن پۇلغا، ئويۇن - تاماشىغا ۋە يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئامراق ئىدىڭ، خۇددى پارلاق تۇرمۇش لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقۇڭ باردەك، كىشىلەرگە راھەت - ھۇزۇر، خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغانلىكى ھەممە نەرسىنى ياخشى كۆرۈشۈڭ كېرەكتەك، نۇرغۇن نەرسىلەرگە قىزىقاتتىڭ. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياخشى كۆرەتتىڭ...

قىسقىسى، سەن خۇددى بىر شېرىن چۈشكە، سايىغا، خىيالغا ئوخشاش گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقىلىپ ياشاپ كەلگەنىدىڭ.

بىراق، سەن ئۆلۈپ كەتتىڭ. تولىمۇ ئېچىنىشلىق، تولىمۇ پاجىئەلىك، تولىمۇ تاسادىپىي ھالدا ئۆلۈپ كەتتىڭ. پاجىئە شۇنداق تېز، شۇنداق تاسادىپىي يۈز بەردى، قاتناش ھادىسىسى تۈپەيلىدىن ئۆزۈڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان، سېنى گۈزەل باغلارغا، ساپ ھاۋالىق تاغلارغا، يىراق - يېقىنلارغا... ئېلىپ بارغان پىكاپىڭ بىلەن بىللە ھاياتلىقتىن مەھرۇم بولدۇڭ، ھېچكىمگە ھېچنەرسە دېيەلمەي كەتتىڭ...

سەن ئۆلۈپ كەتتىڭ، ساڭا ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇشنى خۇشال ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان ئاللانىڭ بىغەم بەندىسى ئۆلۈپ كەتتى... بۇ دۇنيا نەقەدەر شەپقەتسىز - ھە!

ماڭا نىسبەتەن پۈتكۈل دۇنيا، پۈتكۈل كائىنات، پۈتكۈل شەھەر گۇمران بولغاندەك، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى بارلىق ھاياتلىقنىڭ نەپىسى ئۈزۈلگەندەك، ئەمدى ھېچنەرسە قايتىلانمايدىغاندەك، قايتىلىنىشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى...

مەن ئىلگىرى ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن ئەقىللىق كىشىلەرگە ئوخشاش «كىچىك بالىلار ئۆلۈم دەھشىتىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن قايغۇرۇشنى بىلمەيدۇ» دېگەن قاراشتا ئىدىم. لېكىن مېنىڭ قىزلىرىم - تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل، نادىر ئەسەرلىرى، تەڭرىنىڭ تولىمۇ نازۇك، تولىمۇ ئەۋرىشىم، تولىمۇ يۇمران يارىتىلغان بۇ كىچىككىنە پەرىشتىلىرى ئۆلۈمنى چۈشەندى. چوڭ قىزىمنىڭ يىغىسىنى دېمەيلا قوياي، ئەمدىلا بىر ياشتىن ئاشقان كىچىك قىزىمىزنى قوشنىلار قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ، جەسىتىڭنى بۇ ئۆيگە

ياندۇرۇپ كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە ئەپچىقىپ كېتىشكەنىدى. ئەمما ئۇ نېمىشقىدۇر كۆڭلى تويغاندەك، سەن بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دىدارلىشىۋالماقچى بولغاندەك، جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ يىغلاپ، سەن ياتقۇزۇلغان ئۆيگە كىرىۋالدى. قاتتىق سوقۇلۇشتىن چىراي شەكلىڭ تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى، ئەمما ئۇ سېنى تونۇۋالدى. ئەنە ئۇ كۆكسۈڭگە ئۆمىلەپ چىقىپ باقىي ئالەمگە ئوچۇق پېتى كەتكەن، ھېلىلا مىڭ بىر جاپادا يۇمدۇرۇلغان كۆزلىرىڭنى ئاچماقچى بولۇۋاتىدۇ. خۇددى سېنى ئۇ دۇنياغا كېتىشتىن، قاراڭغۇ لەھەتكە دەپنە قىلىنىشتىن توسۇپ قالماقچى بولغاندەك، يىرىك ساقال باسقان يۈزلىرىڭگە، لەۋلىرىڭگە، بويۇنلىرىڭغا، چاچلىرىڭغا يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈۋاتىدۇ. ئارانلا ئۆگىنىۋالغان چۈچۈك تىللىرى بىلەن:

- دادا، دادا، ماڭا قايا... مەن سېنىڭ باياڭ، - دەپ ئۈمىدلىك چاقىرىۋاتىدۇ. ئۇ زارلاپ تۇرۇپ يىغلاۋاتىدۇ. يىغلاپ تۇرۇپ چاقىرىۋاتىدۇ. سەن بولساڭ ئاشۇ سۆيۈشلەر، ئاشۇ ئارزۇلاشلار، ئاشۇ تەلپۈنۈشلەر، ئاشۇ چاقىرىشلار ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك، ھايات چېغىڭدىكىدەك خاتىرجەم، بىغەم ھالەتتە ياتىسەن... سېنىڭ ئۆلۈمىڭدىنمۇ دەھشەتلىك، سېنىڭ ئۆلۈمىڭدىنمۇ ئېغىر، سېنىڭ ئۆلۈمىڭدىنمۇ قايغۇلۇق بولغان بۇ پاجىئە، بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرە يۈرەك - باغرىمنى لەختە - لەختە قان قىلىۋەتتى... مەن ھەممىگە چىداشقا، ھەممە جەبرى - جاپا، غەم - قايغۇ، ھەسرەت - نادامەت، كۆز يېشى، خاپىلىقلارغا چىداشقا رازى ئىدىم... ئەمما، بۇ ئاجىز پەرىشتىلەرنىڭ ئازار يېگەن سەبىي قەلبىنىڭ نالە - پەريادلىرىغا قانداق چىداپ بولسۇن؟ ئۇلارغا نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ نېمەدەپ تەسەللى بېرەلەيمەن؟

سەن ئۆلۈپ كەتتىڭ، قىزلىرىڭنى ماڭا تاشلاپ قارا تۇپراققا كىرىپ كەتتىڭ. مەن قىزلىرىم ئۈچۈن ياشاش، قەيسەرلىك بىلەن ياشاش قارارىغا كەلدىم. تارتقۇلۇقۇم سېنىڭ ئۆلۈمىڭ بىلەنلا تۈگىمىگەن، مەن ئۈچۈن ئازاب - ئوقۇبەتلىك، ھەسرەتلىك كۈنلەر ئەمدىلا باشلانغانىكەن. سەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولساڭمۇ، سېنىڭ ئىز - دېرىكىڭنى قىلىپ، ئۆيىمىزگە نۇرغۇن ئادەملەر كەلدى، كەتتى... ئۇلار ئاللىنېمىلەرنى دېيىشتى. مەن چۈشەنمىدىم. باشقا بىر ئالەمدىن كېلىپ قالغان ئادەمدەك ھەيرانلىق ئىلكىدە قېتىپلا قالدىم...

ئاخىر چۈشەندىم، كۆزلىرىمگە ئارقا - ئارقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئاللىقانداق خەتلەر، رەقەملەر يېزىلغان قەغەزلەر ھەممىنى چۈشەندۈردى. سەن ئىلگىرى ئۆزۈڭ بىلەن ئۆلپەتلەشكەن، ھەمداستىخان بولغان، ئۆيىمىزگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان، ھەتتا كوچىلاردا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىشكەن بىرمۇنچە كىشىلەرگە، بانكىلارغا، تىجارەتچىلەرگە، دوستلۇرۇڭغا، ئىدارەڭگە، يەنە ئاللىكىملەرگە قەرزدار ئىكەنسەن. ھەممىسىنىڭ قولىدا ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك قەرز ھۆججەتلىرى... سەن ئازغىنە كەم ئىككى يۈز مىڭ يۈەن پۇلغا قەرزدار ئىكەنسەن. خۇددى سېنىڭ ئۆز بالىلىرىڭ ئالدىدىكى قالدۇرۇپ كەتكەن تۈگىمەس مەنىۋى قەرزلىرىڭ يېتىپ ئاشمايدىغاندەك. ئەسلىدە سېنى ماڭىلا قەرزدار دەپتىمەن، ئەمدى بىلسەم باشقىلارغىمۇ قەرزدار ئىكەنسەن. يارەببىم، نېمىدېگەن كۆپ قەرز - ھە؟! مەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ بىر ئۆمۈر ياشاپمۇ سېنىڭ ئورنۇڭدا بۇ قەرزنى تۆلەپ بولالمايتتىم، مەڭگۈ تۆلەپ بولالمايتتىم...

يۈرىكىم قان - زەردابقا تولدى، كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچتى. سېنىڭ قەرزلىرىڭ، سېنىڭ سىياقىڭ كېچە - كۈندۈز خىيالىمدىن ۋە كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيتتى. بىر ئوبدان خىزمىتىڭنى تاشلاپ، پۇل تېپىش كويىغا كىرگىنىڭگە بىرقانچە يىل بولغانىدى. «نۇرغۇن پۇل تاپىمەن» دەپ ماختىنىپ، جاھانغا پاتماي يۈرگەنىدىڭ. ئەمدىلىكتە قېنى ئۇ پۇللۇرۇڭ؟

ئالقاندا بىر تىيىنمۇ يوق، ئۆيىمىزدە پۇلغا يارىغۇدەك بىسات تېخىمۇ يوق... ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ۋەھىمە، قاراڭغۇلۇق مېنى قاپساشقا باشلىدى. بۇ قاراڭغۇلۇق ھەممىنى - ياشلىق، گۈزەللىك، ئۈمىد، ئىشەنچ، غايە، خۇشاللىق، خاتىرجەملىك، جىمجىتلىق، ساغلاملىقلارنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ھەممىدىن تەڭ مەھرۇم بولغانلىقىمنى، بۇ نەرسىلەرگە ئەمدى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمنى بىلگىنىمدە، ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىراپ شىكايەت قىلغۇم، سېنى گۆرۈڭدىن تارتىپ چىقىپ كاچاتلىرىڭغا نەچچىنى ئۇرۇۋەتكۈم كەلدى... ھەي، ھەي ئىنسان، خۇدانىڭ ئازغان بەندىسى، ھاياتلىقنىڭ يېگىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى سەن بىلمەمتىڭ؟ «ھەممە ئۆلسىمۇ، مەن ئۆلمەيمەن» دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ مەن ئەمدى سەن قالدۇرۇپ كەتكەن قايغۇ - ئازابلار ئارىسىدىن بىر ئامالىنى قىلىپ ئۆمىلەپ بولسىمۇ قوپارمەن. بىراق... ھېلىقى قەرزلىرىڭنى قانداق قىلىپ، نېمە بىلەن قايتۇرارمەن؟ قىزلىرىڭغىچۇ؟ ئۇلار بىر ئۆمۈر سەن قالدۇرغان قەرزلەرنىڭ ئىگىسى، سەن ئوينىغان ئويۇنلارنىڭ قۇربانى بولۇپ ياشارمۇ؟

سېنى بىر مەھەل شۇنچىلا يايراتقان، كۈلدۈرگەن، ئەركىلەتكەن ئىگەم، مۇشتۇمىڭدەك يۈرىكىڭنى ھەسسىلەپ يوغىناتقان تەقدىر - قىسمەت نېمە ئۈچۈن قەلبىڭگە ئىنساپ، دىيانەت، ھالاللىقنىڭ زەررىچە ئۇرۇقىنى چاچالمىدى؟ قىزلىرىمنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈلۈك مېھرى - مۇھەببەتنى سالالىغان ئىگەم، نېمە ئۈچۈن ساڭا ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش پۇرسىتى بەرمىدى؟!... نېمىشقا، زادى نېمىشقا؟...




**شەيخ ئوغۇزى**

كونا نۇرى ئەلەڭ - سەلەڭ چۈشۈپ تۇرغان، يېڭىلا تارالغان تال بارىڭى ئاستىدا، توپا باسقان چىرايى مىستەك پارقىراپ كەتكەن ئەمەتتىكام شال پاخاللىرىنى، كونا تاغار پارچىلىرىنى، تاشلىۋېتىلگەن ئەسكى يوتقان مازلىرىنى ئىچىگە تىقىپ، پارچە - پۇرات لاتىدا ياماپ تىككەن «ئادەم» گە رەختىنىڭ ئەسلى رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان، كىر - تەردىن بىخسىپ، بەدبۇي پۇراپ كەتكەن چاپىنىنى، كەمپىرىنىڭ كۆك بوياپ كىيىپ قاچانلاردىدۇر تاشلىۋەتكەن كەڭ پۇشقاقلىق تامبىلىنى كىيدۈرۈش بىلەن ئاۋارە. ئۇ بىردەم ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن خۇش بولۇپ كۈلسە، يەنە نېمىشقىدۇر كۆڭلى يېرىم بولۇپ سەپرايى ئۆرلەپ، قايسى تەرەپكە تارتسا شۇ تەرەپكە ئۆزىرايدىغان «ئادەم» نىڭ قولىنى قاتتىق - قاتتىق سىلكىيتتى.

- مانا مۇنداق كىسپۇرۇش! - ئەمەتتىكام بالىلىرى كىچىك چاغلىرىدا گەپ ئۆگىتىپ بولالماي ئەركىلىتىپ ساقىلىنى چاڭگاللىغاندەك زورۇقۇپ «ئادەم» نىڭ قولىنى چاپانىنىڭ يېڭىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك چاقچاق قىلىپ كۈلدى، - بۇ چاپان ماڭا بوۋامدىن مىراس قالغان، بوۋامغا بوۋىسىدىن مىراس قاپتىكەن، ئەمدى سەن كىي. ئېسىڭدە بولسۇن، بۈگۈندىن باشلاپ ئېكىنزارلىقىمنىڭ خوجايىنى سەن بولىسەن. زىرائەتلىرىمنى ئوبدان باقىسەن، ئاچكۆز قۇرت - قوڭغۇز، چىرىندى ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى توسىسەن. ھە، راست! پۇتۇڭغا بىر جۈپ چوخەي مۇكاپات بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. يەنە ياخشى قاراۋۇللۇق قىلساڭ ئورنۇڭنى ئۆستۈرىمەن.

«ئادەم» كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئەمەتتىكام خېلىدىن بېرى يالغۇزلىقتىنمۇ ياكى كىشىلەرنىڭ دېگىنىدەك «ئېزىپ» قېلىۋاتقانلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ قويىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەتىسى، قۇياش نۇرلانغاندا ئەمەتتىكام تېرىغىلى ئىككى كۈن بولغان قوغۇنلۇقىغا، كۆكىرىشكە باشلىغان يازغى بۇغدايلىقىغا، كېۋەزلىكىگە ھېلىقى «ئادەم» نى تىكلىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ياردەمچىلىككە كىچىك - كىچىك «ئادەم» لەرنى قويدى، ئاخىرىدا قارا - قۇرا نەرسىلەرنى، مەدەكلەرنى شاخ - چىۋىقلارنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىپ چۆنەكلەر بويىغا، ئېتىزنىڭ

ئۆيەر - بۆيەرلىرىگە سانجىپ قويدى. ئۇنىڭ خىيالىچە قاغا - قوزغۇن ۋە باشقا ئۇچار - جانىۋارلار ئەمدى بۇ يەرگە قونمايتتى، بۇنىڭ بىلەن يېڭى سالغان ئۇرۇقلار دەخلىسىز بىخلىنىپ چىقالايتتى.

ساي بېشىدىن، مەھەللە كۆۋرۈكىدىن، دۆڭ تۆپىسىدىن قارىسا بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سالا ئېتىزدا بىر توپ ئادەم، بىر توپ ئەسكەر مانىۋېر ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك ياكى بىر توپ دېھقان ئەمگەك قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كىچىك باللار ئېتىز بېشىغا قاراپ چېپىشتى، ئۇلارمۇ قورقۇشۇپ، ئەيمىنىپ قارىشاتتى، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۇلۇشەتتى.

- نېرى كېتىش، هارىملار! هوي، ياغاچ قولاقلار! - ئەمتىكام شۇنداق دەپ باللارنى قوغلايدۇ. ھەر كۇنى نامىزدىن قوپۇپلا «ئادەم» لىرنى ئىككى قېتىم يوقلاپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يانتۇ، مايماقلىرىنى رۇسلايدۇ.

- يوقىلىش دەيمەن، شۇملار! مەكتىپىڭگە بېرىپ ئوقۇشۇڭنى بىلىش، بۇ يەردە سوۋۇتۇپ قويغان بىرنېمە يوق! سەنلەرمۇ بۇلارنى توققۇز بالامغا ئوخشاش مەندىن ئايرىلسۇن، تېزىپ كەتسۇن دەمسەن - يا؟!

ئەمەلىيەتتە ئەمتىكام باللارغا بەك ئامراق ئىدى. مەھەللىدىكىلەر ئەمتىكامنىڭ غەلىتە ئىشلىرىغا بەك ھەيران، ئۇ مۇشۇ ياشقىچە خېلى كۆپ باللىق بولغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇرما بولۇپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ كەتتى. باللارنىڭ چوڭى بولغان بىرلا قىزى ئىككى يىل ئاۋۋال ئۇ دۇنياغا كەتتى. بۇ دۇنيادا مېھرى - شەپقەت قالمىدىمۇ، نېمىشقا قېرىنداشلار ئاسانلا قىيامەتلىك رەقىبلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىر - بىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمىدى. ئىككى ئوغلى بىر - بىرى بىلەن ياقا سىقىشىپ، تاياق يېگەن چوڭى كىچىكىنى ئاچچىقىغا پايلىماي توقماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى، ئۇ تۈرمىدە مۇددەتسىز قاماقتا، بىر ئوغلى سۇ بېشىدا بىرەيلەن بىلەن سۇ تالىشىپ ئۇمۇ ئادەم ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ تۈرمىگە سولاندى، قالغان ئوغۇللىرى ئارقا - ئارقىدىن تىرىكچىلىك قىلىمىز دەپ شەھەر دېگەن يىراق جايغا كېتىپ

ئۇن - تىنسىز يوقىلىشتى، بوۋاي ئوغۇللىرىنى ئىزدەپ شەھەرگە بارماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئۇ ھازىرغىچە شەھەرگە بېرىپ باقمىغان بولغاچقا شەھەرگە بېرىپ ئوغۇللىرىنى تېپىشقا كۆزى يەتمىدى، شەھەرنى بەك چوڭ بولىدۇ، ئادەملەر مىغىلداپ بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ يۈرىدۇ، دېيىشىدۇ. يېزىنىڭ پەيشەنبىلىك بازىرىدەك بولامدىغاندۇ؟ ئۇ شەھەرنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى، ئوغۇللىرىنى يۇتۇۋەتكەن شەھەردىن ئۇنىڭ كۆڭلى قالغانىدى.

ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئۆزى بىلەن كەمپىرىگە قالدى.

شۇندىن ئېتىبارەن ئۆي چۆلدەرەپ قالدى. بوۋاي چۈش بىلەن خىيالى تۈيغۇ چېگرىسىدا ياشاۋاتقاندا، ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا ئۆگەنگەندەك قاياقتىندۇر تېنەپ كېلىپ قالغان ھەم سېمىز، ھەم يوغان بىر ئالا مۈشۈك بوۋايغا ھەمراھ بولدى. شۇندىن ئېتىبارەن بوۋاينىڭ ئۆيىدىكى چاشقانلار غايىب بولدى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولغىنى ئىدى. بوۋاي ئۇزۇندىن بېرى قەلبىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئوغۇللىرى تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ھېسسىياتقا كېلىشى ئىدى.

بوۋاي بىلەن مۈشۈك بەكلا ئىچەكىشىپ كەتتى. مۈشۈك بوۋايدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى، بوۋاي بولسا ئۆزىگە سادىق ھەمراھ تېپىلغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، بىردەم بولسىمۇ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئۇنتۇيتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پارچە - پۇرات ئەسكى لاتىدىن ھېلىقىدەك «ئادەم» ياسىدى. ئەمدى ئۇ خۇشال ئىدى. ئۇ ئۆزى ياسىغان «ئادەم» نىڭ ئۆزىگە سادىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا «سادىق» دېگەن ئىسىمنى ئويلاپ تاپقىنىدا بىرھازا تۇرۇپ قالدى - دە، تۇساتتىنلا بىر غايىۋانە كۈچ بىلەن ئۇنى باغرىغا قاتتىق بېسىۋېلىپ تىنالماي قالدى ۋە شۇئان ئۇنىڭدىن ئاجراپ «سادىق، سادىق!...» دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلىدى. ئۆزى ئامراق ئىككىنچى ئوغلى بىلەن ئىسمداش بۇ «ئادەم» دىن ھەرقانچە قىلسىمۇ زۇۋان كەلمەيتتى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولغىنى ئىدى. ئۇ

ئوغۇللىرىدەك، قولۇم - قوشنىلىرىدەك ئۆزىدىن قاچمايتتى ياكى غايىب بولۇپ كەتمەيتتى. بوۋاي بار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ تولغىدى، خۇددى تۇرمىدىكى ئوغلى سادىق ئاڭلايدىغاندەكلا. ئەمما يېنىدىكى «سادىق» بۇتتەك تۇراتتى، بوۋاي ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەركۈنى تەكرارلايتتى، ئەمما ئۇنىڭدىن زۇۋان كەلمەيتتى، پەقەتلا يېقىن ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەر بۇ ئىشتىن ھەيران قالغاندەك بىر - بىرىگە پىچىرلاشقان ئاۋازلا كېلەتتى.

قۇياش ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

مايسىلار كۆكلىدى. ئەمتىكام مومىيىنىڭ غەم باسقان چىرايىغا قاراپ قويۇپ، يەردىن يىڭنە ئىزلىگەندەك مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ، ئوتىغۇچ بىلەن تىمىسقىلاپ مايسىلارنىڭ توۋىدىكى ئوتلارنى ئوتاشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى شامدەك ئېرىپ، سۇدەك ئېقىۋاتاتتى. بىر - بىرىگە يىلىمدەك چاپلىشىپ كەتكەن چالمىلارنى ئېزىشكە ئۇنىڭ ماغدۇرى يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى.

- سىزنىڭ بالىڭىز يوقمۇ؟ - دەپ سورىدى قىر بېشىدا تۇرغان سادىق، - نەچچىگە كىردىڭىز؟

- خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ يىل شاپتۇل پىشقاندا 63 ياشقا كىرىمەن، - بوۋاي سۇ يۈزىگە سالقىن شامال ئۇرۇلغاندەك ئاستا شىۋىرلىدى، - نەچچە بالىڭىز بار دەمسەن؟ ئاران توققۇز بالام بار. ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟

- ئەسلى سىزنىڭ ياستۇقىنى قىرلاپ قويۇپ، پۇتىڭىزنى ئۇزۇن سۇنۇپ بىخارامان ئارام ئالىدىغان ۋاقتىڭىز كەپتىكەن.

بوۋاينىڭ بۇرنىغا ئاچچىق بىرنەرسىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ سادىققا ئۇزاقتىن ئۇزاق تىكىلدى.

- سەن ماڭا بالا بولامسەن - يە؟ - كېۋەز مايسىسى ئارىسىدىكى ئوت - چۆپلەر يۇلۇناتتى، يەر بېغىرلاپ ياتقانلىرى بولسا سولاشقاندى، - مەن سېنى ئۆز بالامدەك كۆرىمەن، ھېچكىم ماڭا غىدىڭ - پىدىڭ قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنمۇ ياۋاش، مۆلايىم. بۇ يەرلەر ئەمدى مەندىن كېيىن قالسا ساڭا قالىدۇ، بىزمۇ باشقىلاردەك جىق پۇل تاپايلى، خۇدايىم بالا دېگەننى ماڭا ئايىماي بېرىپتىكەن، لېكىن ئىنساپنى قوشۇپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىكەن. شۇڭا بەزىدە ئۇنداق سۆيدۈكلەرنى بالا دەپ تاپقىچە پالازغىلا چىقىرىۋەتكەن بولسام بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

سادىقنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرمەكچى بولغاندەك جىمجىت قاراپ تۇراتتى. ئوت، كېۋەز مايسىلىرى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېتىز. تىنجىق ھاۋا.

خىيال، ئايىغى چىقماس تەگسىز چوڭقۇرلۇقتا پاتقان لەززەتلىك، ئەمما شۇنچە غېرىب خىيال....

بوۋاي ئەتراپقا قاراپ چوڭقۇر ۋە ئەلەملىك نەپەس ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. «توۋا مەن راستتىنلا قېرىپتىمەن. ياق، ياق...!- ئۇ ئىچىدە ئاستا سۆزلىدى، - مەن ئالجىپ قالمىدىم، ئوغۇللىرىم سادىقتەك يېنىمدا بولغان بولسا مۇنداق ئويلانماس ئىدىم، ئۇلار چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ.» نېرىدا ھېلىقى ھەمراھى ئالا مۈشۈك ئاپتاپ سۇنۇپ ياتاتتى.

زېمىندا كېچە بولمايتتى. بوۋاي ھەر بىر ئىشنى قىلغاندا شۇنداق بولۇشنى ئويلايتتى. يىراق بىر كۈنى ئېتىزلىقىغا بارغاندا كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى - قوغۇن پەلەكلىرى چەيلەنگەن، ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە كەپسىز بالىلارنىڭ يالاڭ ئاياغ ئىزلىرى قالغان، سويمىلار ئۈزۈۋېتىلگەن ھەم ئوغرىلانغان. سادىقتىن باشقا «ئادەم»لەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان، بۇزۇۋېتىل-گەن ھەم بويىنىدىن ئۈزۈۋېتىلگەنىدى. نېرىراقتا بىرنەچچە لالما ئىت خام تېرىدىن تىكىلگەن «ئادەم»لەرنىڭ بىرنەچچىسىنىڭ بېشىنى ئېلىپ قېچىشىپ، تالىشىپ يۈرەتتى. لېكىن قوغۇنلۇق بىلەن كېۋەزلىكنىڭ پاسىلىدا قاراپ تۇرغان «سادىق» بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇراتتى.

- بۇتتەك تۇرىسەنغۇ، ھەي «سادىق»! - بوۋاي ئۆز - ئۆزىگە قايناپ كەتتى، شۇ تاپتا پارتلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، - سەندە ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ - يوق؟ ئۆز قوۋمىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىسا قاراپ تۇرۇۋېرەمسەنغۇ؟ ئىسسىت، ساڭا ئىسسىت! سەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىساڭ ئۆز قوۋمىڭ قاراپ تۇرماس ئىدى.

بوۋاي چوڭقۇر ئازاب بىلەن ھەممىنى قايتىدىن رەتلەپ چىقتى. ئۇ «ئادەم»لەرنى ئۆز بالىلىرىم دەپ ئويلاپ قالدى. قانچە ئۇزاق تۇردىكىن، بوۋاي باش - ئاخىرى يوق خىيالغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ «سادىق» باشلىق ئادەملىرىگە ئۈھسىنىپ گەپ قىلىۋاتقاندا، ئۇ يەر - بۇ

يەرلەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقان بالىلار گەپ تىڭشاۋاتاتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ئارىسىدا «ئەمىتنىكامنىڭ ‹سادىق› باشلىق ئادەملىرى گەپ ئۇقىدىكەن، قوغۇنلۇققىغا چۈشكەن ئوغرىلارنى تۇتالايدىكەن» دېگەن مىش - مىش گەپلەر پەيدا بولدى. قارىغاندا يالغان گەپلەرمۇ بەزىدە ھەقىقەتتەك دەۋران سۈرەلىسە كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن سويىملار يوغىنايدىغان بولدى. لېكىن مايىسلارغا سۇ قۇيىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەچكە ئەتراپ بۇرۇقتۇم ھەم دىمىق ئىدى.

بۇ يىل باشقىچىلا بىر ياز كىردى، پۈتۈن مەھەللىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەر قۇرۇق قالدى، زىرائەتلەر شۇمشىيىپ قالدى. يامغۇرمۇ ياغماي قويدى. كىشىلەر بالايى - ۋاقىلىرى بىلەن ئادەممۇ، ھايۋانمۇ بىللە سۇ ئىچىدىغان چوڭ كۆلدىن سۇ توشۇش بىلەن ئالدىرىماقتا. تاپقانلىرى ئەپكەشتە، تاپالمىغانلىرى ئىككى قولىدا توشۇيتتى. بۇ ۋاقىت زىرائەتلەر سۇغا ئاللىقاچان قېنىپ بولىدىغان چاغ ئىدى.

بوۋاينىڭ قوغۇن - تاۋۇزلىرى، كېۋەز مايىسلىرى كۆك پىتلاردىن ئەمدىلا ئازاد بولۇپ تۇرۇشىغا دىشۋارچىلىقتا - يەنە بالا - قازاغا ئۇچرىدى. ئىسسىقتا ئوت - چۆپ دېگەن نەرسىلەر كۆرۈنمەيتتى. لېكىن مايىسلار جان تالاشماقتا ئىدى.

بوۋاينىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. بۇنى سەزگەندەك ئالا مۈشۈكمۇ ئىچىنىشلىق مياڭلايتتى. ئۇ بوۋاي نەگە بارسا شۇ يەرگە باراتتى. كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ گۈل بەرگىلىرى، چېچەكلىرى تۇيۇقسىز چىققان بوراندا قارا ئەت تۇپراققا كېپىنەك قانىتىدەك چۈشەتتى. دىمىق ئىسسىقتىنمۇ ياكى قۇرغاقچىلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر تۇپراقتىن بىر خىل ئۆتكۈر پۇراق دىماغقا ئۇرۇلاتتى.

ئۇزۇن ساقاللىق ئۆچكە بار ئاۋازى بىلەن مەرىدى، بوۋاي ئۇنى يېتىلگىنىچە بازارغا سۆرەپ ماڭدى. شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. بوۋاي ئۇنى قۇربانلىققا ئاتىۋەتكەن بولسىمۇ، ھازىر سۇ بولمىسا بولمايتتى، بولمىسا بىر يىللىق ئەجرى بىكار بولاتتى. بۇنى سەزگەندەك ئالا مۈشۈكى سوكۇلداپ ئەگەشتى، ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىدىن ئىلتىجا چىقىپ تۇراتتى، خۇددى «مېنى ساتقىن، مەن يەنە قايتىپ كېلەمەن» دېگەندەك بوۋايغا مۆڭلىنىپ قارايتتى.

ئەمما ئۇنى كىم ئالاتتى؟ كەچ كىرگەندە بوۋاي ئېشەك ھارۋىسىغا 13 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى باسما قۇدۇقتىن بىرنى بېسىپ چىقتى.

تاڭ ئېتىشىغا ئۇ ئېتىزلىققا چىقتى. خورۇلداپ ئۇخلاۋاتقان مۈشۈكمۇ ئېتىز بېشىغا چىقىپ ئۇخلىدى، ئۇ مۈشۈكتەك ئەمەس، خۇددى ئادەمدەك ئۇيان - بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلايتتى. بوۋاي مايىسلارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن «سادىق» باشلىق «ئادەم»لىرى بىلەن سىردىشىشقا باشلىدى. ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى، تېنى جۇغۇلداپ تەرلىدى، كېيىن تەرلىرىنى سۈرتتى. خۇددى بىر كىم بوۋايغا مەدەت بېرىۋاتقاندەك بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن قۇدۇقنى قىر تۈۋىگە ئالتە مېتىر چوڭقۇر قېقىپ بولدى، بولمىسا ئۆزى قېقىپ بولالماس ئىدى. ئۇ يەرگە مېڭىۋاتقان تۇرۇبىنىڭ تۈۋىگە سۇ قۇيۇپ يەنە قاتتىق كۈچەشكە باشلىدى. «سادىق» نېرىدا بۇرۇنقىدەكلا قاراپ تۇراتتى.

- ھەي، سادىق! - دېدى بوۋاي ئاچچىقى كېلىپ ئەلەم بىلەن، - قاراپ تۇرسەنغۇ، كەل ماڭا ياردەملەش.

كۈن پېشىن بىلەن قايرىلغاندا بوۋاي قالتىس خۇش بولدى، خۇددى نۆۋەر چاغلىرىدىكى غۇرۇرلۇق كۈنلەردەك شوخلىشىپ، تېتىكلىشىپ قالدى. ئۇ ئاخىرى قۇدۇقنى قېقىپ بولغانىدى. ياردەملەشكەنلەرگە قوشاق ئېيتىپ بېرىپ كۈلدۈرۈپ رەھمەت ئېيتتى. ھەممە نېمىسى تەق بولغان قۇدۇققا چېلەكتىكى دۇغ سۇنى قۇيۇپ بېسىۋىدى، كۈچى يەتمىدى. ئېغىر - بېسىق، چۆلدە ئۆسكەن يۇلغۇندەك چىداملىق، بىر كىم گەپ سورىمىسا ئايلاپ - يىللاپ ئېغىز ئاچمايدىغان ئايالىمۇ ئۈن - تىنسىزلا ياردەمگە كېلىۋىدى، بولمىدى. قىر بېشىدا «سادىق» باشلىق «ئادەم»لەرنى تاماشا قىلغىلى كەلگەن بالىلارنى ياردەمگە چاقىردى. بالىلار مىجەزى غەلىتە، تەرسا بوۋاينىڭ ياۋاشلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن چۇرقىرىشىپ كېلىپ قۇدۇقنى بېسىشىپ بەردى. بوۋاي چېلەكتىكى لەش بېسىپ كەتكەن كۆپكۆك سۇنى سورۇپ قۇدۇققا قۇيدى. بالىلار باسالماي قالدى، يەنە بىر نەچچەيلەن قوشۇلۇپ ئىنجىقلاپ چۇرقىراشتى.

ئېتىز تەرەپكە توغرىلانغان كانايدىن دەسلەپتە قارا پاتقاق، خېلىدىن كېيىن پاتقاق ئارىلاش سېسىق سۇ كوركىراپ چۈشتى. بالىلارنىڭ كۆڭلى ئايىنىپ تۈكۈرۈپ سادىقنىڭ قېشىغا

توپلىشىۋالدى.

— تۇفى! ئېچىپ كەتكەن پوقلا پۇراۋاتىدۇ.

— بۇ يەرنىڭ ئاستى سېسىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ھاي، شۇملار! — ۋارقىرىدى بوۋاي كولۇشىۋاتقان، سادىقنىڭ ئۇيەر - بۇ يەرلىرىنى تارتىشتۇرۇپ ئويناۋاتقان باللارغا كايىپ، — نېمە ئۈنىڭغا چېقىلىشىسەن، ئىشىڭ بولمىسا يىراققا يوقىلىش. سادىقنىمۇ توققۇز بالامغا ئوخشاش مېنىڭدىن تاندۇرۇۋېتىشنى قەستلىشىۋاتامسەن - يا؟!

باللار ئۆلگۈدەك قورقۇشۇپ، قىيا - چىيا بىلەن قېچىپ كەتتى.

— ھۇ كاج قېرى. . . ساراڭ ئوغرى.

— بۇ ئادەم ئېزىپ قالدىمۇ نېمە؟

ئەر - ئايال خۇشلۇقىدىن «بىز باشقىلارغا قارىغاندا قۇرغاقچىلىقتىن بالدۇر قۇتۇلىدىغان بولدۇق، زىرائەتلىرىمىزگە ئەتىدىن باشلاپ جان كىرىدىغان بولدى» دېيىشتى. مۇشۇكمۇ ئىككى پۇتلۇق بولۇپ ئۆرە تۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك ئويان - بۇيانغا شوخلۇق قىلىپ ماڭغىلى تۇردى. ئۇ تېخى بايا ئويغانغانىدى.

ئۇلار قۇدۇقنى خېلى ئۇزاق باستى. ئۇلارنىڭ تەرلەپ - پىشىپ كېتىشلىرىگە قارىماي قۇدۇقتىن سۇ ئەمەس، بارا - بارا قاپقارا پۇراقلىق بىرنەرسە چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار ھەيران بولۇپ تۇرغاندا قۇدۇقنىڭ يېنىدىن كۆشۈلدىغان ئاۋاز، ئارقىدىن ئۇنچىكە، كۈچلۈك، بىر قارىسا سوغا، بىر قارىسا نۇرغا ئوخشاش تېز بىر ئېقىم كۆك ئاسمانغا قاراپ جىڭغىشقا باشلىدى. ئەر - ئايال ئەجەبلىنىپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە داڭ قېتىپ قالغان چېغىدا، يەر تېشىلىپ كەتكەندەك پۇشۇلدىغان ئاۋاز كۆچەيگىلى تۇردى. بوۋاي قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە «دېڭىزغا تەۋە يەرنى تېشىۋەتكەن بولسام كېرەك. . .» دەپ ئالدىراپ - سالدىراپ شېغىل تاش، سېغىز توپا ئېلىپ كېلىپ ھېلىقى يەرنى ئەتتى. ئەتتى - يۇ، گۇنسىز كۆزلىرى يەرنىڭ، بىرنەچچە تۇپ مايسىنىڭ ياغلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى. بارا - بارا بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ئىچ باغرىنىڭ بىر يەرلىرى توپا بىلەن تىندۇرۇلغاندەك بۇرۇقتۇم بولۇپ بۇ ئۇنۇمسىز، «سېسىپ» كەتكەن يەرنى نەچچە مىڭنى تىللاپ قاغاپ تىزلانغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار مايسىلىرىنىڭ تۇنجۇقۇپ نابۇت بولۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى. سادىق بولسا بۇلارغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراپ تۇراتتى. ئۇلار ئۈمىدسىزلەندى، رايى ياندى. نەچچە قېتىملىق بورانلار تەۋرىتەلمىگەن بوۋاي ئاستا - ئاستا ماغدۇرسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بوۋاي گەۋدىسىنى بېسىپ تۇرغان خامۇشلۇق ئىچىدە ھېلىقى سۇنى پۇراپ بېقىۋىدى، چۆچۈمەل، بەدبۇي پۇراق دىماغقا ئۇرۇلدى. قوللىرى سىلىقلىشىپ قالدى. مۇشۇك نېمىشقىدۇر ئۇيان - بۇيانغا چاپاتتى.

بوۋاي ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك ئۆزىگە ھەمراھ ھەم سىرداش بولۇپ كەلگەن «سادىق» بىلەن مۇڭدىشىشقا باشلىدى ۋە بىر چاغدا ئېسىگە كېلىپ ئۆزىگە ئوخشاش داڭ قېتىپ قالغان كەمپىرىگە دادىسىدىن مىراس قالغان ياغاچ چۆچەكنى ئەكەلدۈرۈپ، قانداقتۇر بىر ئۈمىد بىلەن قۇدۇقتىن چىققان قارا سېسىق سۇنى ئېلىپ يېقىنلا ئەتراپتا، مەھەللىدىكى قولۇم - قوشنىلارنىڭ باغ - ۋارانلىرىدا تەكشۈرۈپ بىرنېمە ئىزلەۋاتقان، ئۆزلىرىنى بولسا «نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىدىن» دېيىشكەنلەرنىڭ قېشىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سوپەكىنىڭ مېيىغا ئوخشاش مۇشۇنداق سىلىق بىرنەرسىنى يەر تېگىدىن ئىزلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، بۇ چاغدا كۈن قىبلىغا پېشىنى قويغان بولۇپ، ئۇ تەرەپلەرنىڭ ئۇپۇقتىكى چوغ چېچىلغاندەك بىر خىل قىزىللىق بۇ تەرەپلەرگىمۇ يېيىلغانىدى. بوۋاي ماڭغان يولدا ئۇزۇن، قاپقارا شىلانكىلار ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ شىلانكىلار چۆل - جەزىرىگە، دۆڭلۈكنىڭ كەينىگە، مەھەللىگە، قەبرىستانلىققا قاراپ سوزۇلغانىدى. ئۇلار جىددىي ھالدا نېمىگىدۇر ئالدىرىشىۋاتاتتى.

بوۋاي قولىدىكى ياغاچ چۆچەكنى سۇندى. ئۇلار بۇ ئاسار ئەتىقىگە قىزىقىپ بوۋاينىڭ قېشىغا كەلدى. دائىم تاماكا چېكىپلا يۈرىدىغان، ئېگىز بويلۇق بىرى بوۋاينىڭ قولىدىكى قاچىنى ئالدى - دە، ئېچكىرى كىرىپ كەتتى.

ئۇلار بوۋاي ئېلىپ كەلگەن «سېسىق» سۇنى تەكشۈرۈپ ھاڭ - تاڭ بولغاندەك بوۋاينىڭ ئېگىز قاتاڭغۇر گەۋدىسىگە، ئاددىي ئۇستىباشلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. قانداقتۇر بىر گۆھەر تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ يانچۇقلىرىدىن ئالىي تاماكىلىرىنى ئېلىپ تەرەپ - تەرەپتىن تەڭلىدى. بوۋاي «مېنى نېمە ئۈچۈن گۇناھقا ئىتتىرىسەلەر؟» دەپ ئالىيىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— ئۇ قەيەردە بوۋاي؟ نېمە تەلپۈگىز بولسا دەڭ. بىز ئورۇنداپ بېرىمىز، — دېدى ئەترەتنىڭ

باشلىقى ھاياجاندىن تىترەپ.

- مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق، بۇمۇ خۇدايىمنىڭ بەرگىنى، شۈكرى - قانائەت قىلىپ تىنچ - ئامان ئۆتكۈلۈك. ئاللا تائالا ئىگەم ھەممىگە قادىردۇر، - دېدى ئۇ ساقىلىنى يېنىش - يېنىشلاپ سىيلاپ، - بۇمۇ ئاۋۋال ئاللانىڭ شاپائىتى، ئاندىن قالسا زېمىندىكى بەندىلەرنىڭ رىزقى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھويلىغا ئەزەلدىن قارىسىنى كۆرسەتمىگەن ھاكىم تەزىم قىلىپ كىرىپ كەلدى، ئۇ ناھىيە ۋە يېزا مەسئۇللىرىنىمۇ بىرگە ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىدى، ئائىغىچە مەھەللىدىكىلەرمۇ قىزىقسىنىپ ئەمىتكامنىڭ ھويلىسىغا يىغىلدى. ھاكىم ئەتراپقا نەزەر سېلىپ ھاياجان بىلەن جاكارلىدى:

- كۆپچىلىك خۇش خەۋەر، كاتتا خۇش خەۋەر، ئەمىتكامنىڭ بۇ يېرى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق مەبلەغ سېلىشى بىلەن ئېچىلىدىغان جاي بولدى! . . .

كۆپچىلىك ھاكىمغا ئەگىشىپ چاۋاك چالدى.

- ئەمدى سىز پۇتىڭىزنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئارام ئېلىڭ، يېرىڭىزنىڭ مەھسۇلاتىنى بىز تۆلەيدىغان بولدۇق؛ خالىسىڭىز ئەڭ ياخشى جايغا پىششىق خىشتىن ئون ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ بېرەيلى. سىزنىڭ يەنە قانداق تەلىپىڭىز بار؟ - دېدى ھاكىم چاۋاك ئاۋازى بېسىلغاندىن كېيىن.

- رەھمەت بالام، رەھمەت، - بوۋاي ھاكىمنىڭ قولىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمىدى، تۇنجۇققان روھىي ئازادلىققا ئېرىشكەندەك خۇرسەن بولدى. ئۇلار شۇنداق دېگىنىچە ئېتىزلىققا چىقىشتى، - ئۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولاتتى. مەن يا بالىلىرى، يا نەۋرىلىرى يوق ئادەممەن، بار بولسىمۇ ئۇلار مېنى، ئاندىن مەن ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن. ئۆيۈم خارابە بولسىمۇ كەڭ تاشا، ئەر- ئايال ئىككىمىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. مۇمكىن بولسا. . . كەنتىمىزدە توك يوق، ھايۋان بىلەن بىر كۆلدىن سۇ تالىشىپ ئىچىۋاتىمىز. مەھەللىمىزدە سىنىپ يېتىشمەي نۇرغۇن بالىلار لاغايلاپ يۈرۈشىدۇ، يا ئۇلار قىلغۇدەك ئىش يوق. ئۇلارنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى يامان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. . . شۇڭا ماڭا قىلىدىغان ئىلتىپاتقا مەكتەپ سېلىپ بەرگەن بولسىلا بالام. . .

بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. مۇخبىرلار بوۋاينى تاراسلىتىپ سۈرەتكە تارتىشتى. پەقەت سادىقلا جىمجىت قاراپ تۇراتتى. ھاكىم شۇنچە جىق قارانچۇقلارغا قاراپ كەتتى. بوۋاي گويا شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك كىچىك بالىدەك ئۇمچەيدى. ئۇزۇن يىل سەرسان بولغان مۇساپىر ئاخىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چوڭقۇر نەپەس ئالغاندەك ھاياجان، قىيماسلىق نەزەرى بىلەن بالىلىرىنىڭ ئۆزىنى نامرات كۆرۈپ ئايدا، يىلدا بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ كەلمەيدىغانلىقىنى، ئىككى ئوغلىنىڭ بىر - بىرىنى چىشلەپ تارتىپ زىيان تارتقانلىقىنى، ئۇلارغا مىراس قالدۇرۇش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى، شۇڭا لاتا قونچاق بولسىمۇ ئېزىلىپ كەتكەن يۈرەك - باغرىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن «سادىق» باشلىق قارانچۇقلارنى بېقىۋالغانلىقىنى ئېچىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى، ھاكىممۇ تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى.

ئۇزۇنغا قالماي خىلۋەتتىكى بۇ مەھەللىدە يېڭىلىقلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئاۋۋال يەرلىكتىكىلەر، ئاندىن نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرگۈچىلەر ھال سورىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئۆز ئارا دوست، قېرىنداش بولۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كەنتتىكى 120 ئائىلىلىك ئۆيدە ئېلېكتر چىرىغى يورىدى. مەھەللىدىكىلەر قاتتىق خۇش بولۇشتى. شۇ ھامان ھاللىقراق ئائىلىدىن 4 - 5 لىرى تېلېۋىزور سېتىۋالدى. ئىلگىرى «ئېزىپ قالغان ئەمەتەك» نى، ھاكىمنىڭ نەزەرى چۈشكەن كۈندىن باشلاپ ھۆرمەتلىك زات قاتارىدا مەھەللىدىكىلەر ئىمام قىلىۋېلىشتى. ئەلمىساقتىن بېرى قارا چىراغ يورۇتۇپ كەلگەن كىشىلەر خۇشاللىنىپ تەنتەنە قىلىشتى. بالىلىرىمۇ ئاتىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ بىر - بىرلەپ نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن يوقلاپ كېلىشتى، ئىلگىرى پەقەت ۋاقىت ئاجرىتالمىغانلىقىنى، ئالدىراشلىقىنى چۈشەندۈرۈشتى ۋە دادىسىغا تەشەككۈر ئېيتىشىپ گۇناھىغا توۋا قىلىشتى. شۇنداق بىر «كەشپىياتچى» دادىسى بولغانلىقىدىن ئەل - يۇرت ئالدىدا ئېغىزلىرىدىن شۆلگەي ئېقىپ كەتكۈچە ماختىنىشتى. نەۋرە - چەۋرىلەر ۋە كېلىن - كۈيئوغۇللارنىڭ قىيا - چىياسى ۋە شادلىقىدىن بۇ ئۆيدە بەجايىكى بايرام تەنتەنىسى جىلۋە قىلدى.

بۇ مۇبارەك كۈننىڭ ئەتىسى يوغان ھەم ھەيۋەتلىك بۇرغىلاش ماشىنىسى بوۋاينىڭ ئۇسساپ، قاغجىراپ كەتكەن ئېتىزلىقىغا كىرىشتى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەھەللىدىكى كەپتەرلەر، قۇشلار، بۇ مەھەللىدىن باشقا مەھەللىگە كۆچۈپ كەتتى. يېزا قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمدى، بۇ يېزىدا بىر كېچىدىلا شەھەر ئۈنۈپ چىققاندەك ئىش بولدى، ھەممە خەق بۇرغىلاش ماشىنىسىنىڭ ئېتىزلىقتا كىرىپ مەشغۇلات باشلىشىنى تاماشا قىلىشاتتى. مايسىلار چەيلىنىپ كەتتى. بوۋاي بۇ مەنزىرىگە پەقەتلا چىديالمىدى، بىر تەرەپتىن يەردىن ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي كۆز يېشى قىلدى. جامائەتنىڭ تەسەللى بېرىشى بىلەن ئاخىرى باشتىكى «ياخشى ئىشلىسەڭ ئورنۇڭنى ئۆستۈرىمەن» دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن قارانچۇقلارنى بىر - بىرلەپ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. بالىلىرى ئىنساپ تەۋپىق تېپىپ بىر - بىرلەپ كەلگەچكە بولارغا ئۆيدىن ئورۇن تەگمەي ھويلىغا، باغ - ۋارانلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەممەيلەن بۇ يىل باغدا ئامەت بار دەپ ئويلاشتى. مەھەللىدىكىلەر ئارىسىدا «قارانچۇقلار بار يەردە بايلىق ئىلاھى بولىدىكەن» دېگەن گەپلەر تارقالدى. ھەممەيلەن بوۋاينى دوراپ قارانچۇق ياساپ ھويلىغا، باغ - ۋارانلىرىغا، ئۆگزىسىنىڭ ئۇستىگە ۋە ئېتىز باشلىرى، ئۆزى گۇمانلىق دەپ قارىغان دۆڭ ئۇستىگە قويۇپ، ئۇلارغا ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇۋېلىشتى. بوۋاي تەگسىز خىياللارغا چۆكۈپ شۈكلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. پەقەتلا نەچچە ۋاقىتتىكىياقى ئېغىر - بېسىق، يۇۋاش كەمپىرىگە يېقىندىن تىل چىقىپ تىتىكلىشىپ قالغاندەك ۋاتىلداپ تۇراتتى:

- بۇتتەك تۇرسەنغۇ؟ بەختىمىز ئېچىلدى، بەختىمىز. بىلمەيۋاتامسەن ھەي قېرى، خي، خي، خي... - ئۇ ھاياجان بىلەن چوپىسىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن نۇرسىز كۆزلىرىنى سۈرتتى، - سادىقنى بۇرۇنراق ئېكىنزارلىقىمىزغا ئېلىپ چىققىدىغان ئىشكەن، ئەمدى ھەممە بالىلىرىمىز جەم بولدى! كۆل قېرى، كۆلە... كۆلمەمسەن... يېزىمىز شەھەر بولدى، شەھەر ئىزدەپ كەتكەن ئوغۇللىرىمىز شەھەرگە ئەگىشىپ قايتىپ كەلدى!...

بوۋاي نېمىدۇر ئىزدەيتتى. ئەمما نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، نېمىشقا ئىزدەيدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بوۋاي قەدىمىي سەھرانىڭ چۈشىدەك خىيالچان ئىدى، ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. تۇرۇپلا ياش ۋاقتى ئېسىگە كېچىپ قالدى. ئادەم قېرىغان چاغلىرىدا كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالىدىغان چېغى، ئۇ چاغدا ئۇ قاياقتىن شامال چىقسا شۇ ياققا ئۇچۇپ شامالنىمۇ ئۇسسۇلغا سالالايتتى ئەمدى، كۈندە ئۆتەيدىغان بەش ۋاخ نامىزىنىمۇ ئاران - ئاران بېرىپ ئۆتەيتتى. «ئۆمۈر دېگەن ئاتقان ئوق» دېگەن شۇ بولسا كېرەك. ئەزرائىل بۈگۈن كېلەمدۇ، ئەتىمۇ بىلىپ بولمايتتى.

- ئۇھھۇ! ئۇھھۇ!

بوۋاي قاتتىق قېقىلىپ يۆتىلىپ ئويغىنىپ كەتتى. يېقىندىن بېرى بوۋاينىڭ ساقلىقى يوق ئىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن تەرىتى قىستاپ چىراغنى ياقتى. مۇشۇكى ئۇنىڭ قوينىدا خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. بوۋاي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. مۇشۇكمۇ دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋايغا ئەگىشىپ سىرتقا چىقتى - دە، كۆزدىن غايىب بولۇپ كەتتى.

موماي تەھارەت ئېلىپ كىرگەندە بوۋاي ئۆگدىسىغا ياتاتتى.

- ۋاي ئاتمەي ئەمىتاخۇن؟ ئادەم بارمۇ! ؟

قولۇم - قوشنىلار، مەھەللە كادىرلىرى قىيا - چىيا بىلەن ئۆيگە كىرىشتى. بوۋاي ئاللىقاچان تىنىقتىن قالغانىدى.

نېفىت قوماندانلىق شتابى ۋە ناھىيە رەھبەرلىرى بوۋايغا «مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچى» دەپ نام بېرىپ، يەرلىك ۋە نېفىتلىك ئۇچۇن قوشقان غايەت زور تۆھپىسىنى ئەسلەشتى ۋە شۇ كۈنى ھەشەمەت بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزۇتۇپ قويدى. ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 30 مىڭ يۈەن نەپىقە پۇلى بېرىشتى. بوۋاينىڭ قىرىق نەزىرىسىدىن كېيىن ئوغۇللىرى مىراس تالىشىپ قان تۆكۈشتى ۋە بىر - بىرى بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىشتى.

مەھەللىدىكىلەر بوۋاينى ئۇزاققىچە ياد ئېتىشتى، تۇپراق بېشىنى يوقلىشىپ تۇردى. بوۋاينىڭ قەبرە گۈمبىزىگە يانداش ھالدا ۋىشكىلار، مۇنارلار ھەتتا قەۋەتلىك ئىمارەتلەر ئۈنۈپ خىلۋەت قەدىمىي سەھرا نەلەرگىدۇ كۆچۈپ كەتتى، مۇشۇك بولسا بوۋاي ئۇ دۇنياغا كەتكەن كۈنى بۇ ئۆيدىن ئىز - تىزسىز غايىب بولدى. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپ سادىق باشلىق قارانچۇقلار كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئاخىرى غايىب بولۇپ كەتتى.

# شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ

## — لىرىك شائىر بوغدا ئابدۇللا بىلەن سۆھبەت

ئەزىزى

ئەزىزى: سىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزىڭىزگە خاس تەسىرگە ئىگە شائىرلارنىڭ بىرى. سىزنىڭ «چۈش كۆرىدۇ بىر تۈپ ئانارگۈل»، «يەلكەن»، «قىز قەلئەسى»، «سالغا تېشى» قاتارلىق توپلاملىرىڭىز ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزدە ئوقۇرمەنلەر ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا ئاۋۋال ئۆزىڭىز ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

بوغدا: بىر ئادەمنىڭ قاچان، نەدە، قانداق تۇغۇلىشى بىر قىسمەت، ئەجدادلىرىمىز تارىختا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كۆچىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. مېنىڭ ئاتا - ئانامۇ خۇددى شۇنداق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن 1941 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى لەنجۇدا تۇغۇلغان ئىكەنمەن. دادام ئەينى زاماندا سودىگەر بولۇپ، قازان، تاشكەنت، موسكۋالارغا بارغانىكەن. مەن دادامدىن كىچىك قالغانمەن. 1947 - يىلى قۇمۇلغا كۆچۈپ چىقتۇق. كېيىن تۇرپاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقتۇق. 1960 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردۈم، ھەمدە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردىم. شۇ ۋاقىتتا مەن ئالىي مەكتەپ ئانكېتىغا ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كەسىپ ھەققىدە ئەدەبىيات دېگەن سۆزنى ئالتە يەرگە يازدىم. كېيىن ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىپ ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىندىم.

مەن 14 يېشىمدا تۇنجى شېئىرىمنى يازدىم. بۇ بىر تەبىئىي قىزىقىش ئىدى. ئەدەبىيات دېگەن قانداق نەرسە؟ ئۇنىڭ ئاخىرىغا يەتكىلى بولامدۇ - يوق؟ دېگەندەك سوئاللار ئەنە شۇ بالا چاغلىرىمدا خىيالىمغا كىرىۋالغانىدى. ئەنە شۇ قىزىقىش ۋە ئىستەكلەرنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، كېيىن ماڭا ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىشقا توغرا كەلدى. مانا ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىمەن.

- تۇنجى ئەسىرىڭىز قايسى؟

- مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم «دېھقان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» دېگەن شېئىر ئىدى. مەن ئۇنى ياخشى ئەسەر دېيەلمەيمەن، لېكىن ئۇ بىر خىل سەمىمىي ھەۋەسنىڭ مەھسۇلى.

- ئەدەبىياتقا كىرىپ كېلىشىڭىزگە سەۋەب بولغان ئامىللار قايسى؟ ياكى سىز بۇنى بىر خىل تاسادىپىيلىق دەپ قارامسىز؟

- ئەدەبىياتقا كىرىش مېنىڭچە تۇرمۇش دىشۋارچىلىقىدىن بولىدىكەن. ئەينى چاغلاردا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ناھايىتى ئېغىر ئىدى. لېكىن قوشنىلىرىمىز ياخشى ئادەملەر بولىدىغان. بىز ئولتۇرغان قورۇدا مەخسۇت ئاخۇن دەيدىغان بىر موزدۇز ئادەم بولۇپ، ئۇ ئوقۇغان، بىلىملىك، ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئىدى . ئۇنىڭدا رۇس يازغۇچىسى لېرمونتوپ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بولىدىغان. قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدە ئۇ ئادەم ماڭا لېرمونتوپنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئۈچ خورما» دېگەن ئەسىرى ھازىرمۇ يادىمدا. بۇ ئەسەرلەر مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

مېنىڭ مومام ئۆزى ساۋاتسىز، ئەمما ياخشى تەربىيە كۆرگەن دېھقان قىزى ئىدى. پولوكلورنى ياخشى بىلەتتى، نەگىلا بارسا مېنى ئەگەشتۈرۈۋالاتتى. مۇشۇ جەرياندا مومامدىن ئاڭلىغان چۆچەكلەر، قوشاقلار مېنى فانتازىيىلىك بىر دۇنياغا باشلاپ كىردى. بۇ ھاياتنىڭ ئېغىر كۈنلىرىدىكى بىر پارچە ئوت ئىدى. ئۇ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، كۆيدۈردى، سەۋدا قىلدى. بۇلارنى مېنىڭ ئەدەبىياتقا كىرىپ كېلىشىمدىكى كۆۋرۈكلەر دېيىش مۇمكىن. شۇ نۇقتىدىن مەن

ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىياتقا كىرىپ كېلىشىمنى تاسادىپىيلىق دەپ قارىمايمەن.

ئەزىزى: سىز تۇنجى ئەسىرىڭىزنى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇزۇن بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتتىڭىز. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە خاس بىر كىشىلىك ئورۇن ھازىرلىغانلىقىڭىزنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە سىزنىڭ ھەر ۋاقىت ئىزدەنگەن، كۆزەتكەن ۋە يۈرەك قېنىڭىزنى سەرپ قىلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىڭىزنىڭ مەھسۇلى. ئۇنداقتا سىزنىڭ شېئىرغا قويىدىغان تەلىپىڭىز نېمە؟ شېئىر قانداق بولۇشى كېرەك؟

بوغدا: بۇ بىر قىيىن سوئال. مەن شېئىر بىلەن شۇغۇللانغىلى خېلى ئۇزۇن زامان بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ بەزىدە «شېئىر دېگەن نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالىمەن. مېنىڭچە، شېئىر - شېئىر بولۇشى كېرەك. بۇنداق دېگەنلىك، شېئىردا چوقۇم ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك بولىدۇ. بۇ قارىماققا ئاددىيلا بىر ساۋاتتەكلا كۆرۈنىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى نۇقتىغا ئەھمىيەت بەرمەي بولمايدۇ. مېنىڭ ئىدىيىۋىلىك دېگىنىم نوقۇل سىياسىۋىلىك دېگەنلىك ئەمەس. بىر زامانلار ئىدىيىۋىلىك دېگەننى سىياسىۋىلىك دەپ چۈشىنىپ كەلدۇق. ئىدىيىۋىلىك - بىر خىل روھىي پاكلىقتىن ئىبارەت. جۈملىدىن مەن شۇنداق چۈشىنىمەن. بەدىئىيلىك دېگەن شېئىرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، تولۇق، تاكامۇل دەرىجىگە يەتكۈزۈپ خەلققە تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇرۇنقىلاردىمۇ ئىدىيىۋىلىك بولغان، بۇ ھازىرغا قەدەر شۇنداق. دېمەك، ئىدىيىۋىلىك دېگەندە نوقۇل زامان ئىدىيىۋىلىكلا ئەمەس، ئەنئەنىۋى ئىدىيىۋىلىكمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شېئىر مۇشۇنى ئۇلاپ بېرىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە ناۋائى، بابۇر، مەشرەپ، تەجەللى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەيلى ئىدىيىۋىلىك بولسۇن ياكى بەدىئىيلىك بولسۇن بۇلار يەنىلا بىر گەۋدە، ھەرگىز بىر - بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. مۇشۇنداق بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن شائىر بولغان ئادەم پىشىپ يېتىلىشى كېرەك. مەن ئۇقۇغۇچىلارغىمۇ ئېيتقانىدىم، ئالدى بىلەن ئادەم بولۇپ ئاندىن شېئىر يېزىش كېرەك. ئالدىن شېئىر يېزىپ ئاندىن ئادەم بولغىلى بولمايدىكەن. ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە بىز يەنە شېئىر ئوقۇۋاتىمىز، يەنە شېئىرنى سۆيۈۋاتىمىز، يەنە شېئىر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز. باشقا مىللەتلەرمۇ شۇنداق. لېكىن بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مەن ئويلايمەن، ئاۋۋال ئاش - نان، ھاۋا، سۇ ئاندىن قالسا شېئىر. بۇنى مۇشۇ دەرىجىدە چۈشىنىش كېرەك. نېمە ئۈچۈن بۇنى بۇنداق تەكىتلەيسەن دېگەندە، بىز ھازىر بازار ئىگىلىكىگە قەدەم قويۇۋاتىمىز. نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىمىز، ھەتتا ئائىلىلەرگىچە. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ كىچىك بىر ھۈجەيرىسى، مىللەتنىڭمۇ كىچىك بىر ھۈجەيرىسى. ھازىر مۇھىمى ئائىلىلەرنى مۇداپىئە قىلىش كېرەك. بىز بەزى ھاللاردا ئائىلىلەرنى مۇداپىئە قىلالمىدۇق. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا شېئىر ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىشىكىدە تۇرىدىغان قاراۋۇل.

مېنىڭ كۆپ قىسىم ھاياتىم ئۈرۈمچىدە ئۆتتى. ئىلگىرى ئۈرۈمچى ناھايىتى پاكىز ۋە گۈزەل بىر شەھەر بولىدىغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۈرۈمچىدىكى بۇلاق ۋە ئېقىنلار قۇرۇپ كەتتى. بۈك - باراقسان ئورمانلار، ھەر خىل ياۋا گۈللەر تۈگەپ كەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە مېنىڭ بالا چاغلىرىمدا يازلىرى ئۈرۈمچىدە چىغىرتماق گۈللىرى ئېچىلىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇراتتى. ئەمما ھازىر چىغىرتماق گۈلىنىڭ نەسلى قۇرۇپ تۈگىدى. بەزىدە چەت ئەللەرنىڭ شەھەر گۈللىرى يادىمغا كەپ قالىدۇ. ئەمما ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر گۈلى دېگەنگە كىشىلەر ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. مېنىڭچە چىغىرتماق ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر گۈلى بولۇشى كېرەك ئىدى.

مېنىڭ بالا چاغلىرىمدا ئۈرۈمچىدە ھاراق ئىچىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى، ياشلار ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەردىن ئۆزىنى ئاسراشقا، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، قەدىر - قىممىتىنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۈرۈمچىمۇ ئۆزگەردى، تەرەققىي قىلدى. شەھەرنىڭ قىياپىتى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا نۇرغۇن يېڭىلىقلار مەيدانغا كەلدى. ھەممە نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولغىنىدەك، يېڭىلىقلار بىلەن بىرگە بەزى سەلبىي ۋە رەزىل ھادىسىلەرمۇ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىردى. نۇرغۇن ياشلىرىمىزنى ھالاكەت يولىغا باشلاۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ھادىسىسى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. بۇ جەھەتتە مېنىڭ يۈرىكىم قاتتىق ئاغرىيدۇ. مەن بۇ

ھەقتىكى تەشۋىقاتلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ مەسىلىدە بەزىلەر پۈتۈن گۇناھنى ياش ئەۋلادلارغا قويۇۋاتىدۇ. ئەمما مەن بۇنىڭغا قوشۇلالمايمەن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، زەھەرلىك چېكىملىكنى ئېلىپ كىرگەن ۋە ساتقانلارنى تارىخ مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىزگە زەھەرلىك چېكىملىكنى تاڭىدىغانغا ھېچقانداق ھەققى يوق. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ناھايىتى پاك ياشىغان، چۈنكى ئىلگىرى بىزدە ئائىلە تەربىيىسى ناھايىتى مۇنتىزىم بولغان. شۇ سەۋەبتىن بىزدە ئادەتتىكى تاماكا چېكىدىغانلارمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ياشلىرىمىز نېمە ئۈچۈن زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە بېرىلىپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. بۇنى تەتقىق قىلىپ بېقىش كېرەك. ئىشقىلىپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن ياشلىرىمىز زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتىدۇ. بۇنى پىروزىمۇ يېزىپ باقتى. مېنىڭچە، شېئىر بەكرەك يېزىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ بۇ مەسىلىگە بىرقەدەر ئەينەن ياندىشالايدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك مەسىلىسى ئەدەبىياتىمىزدىكى ناھايىتى چوڭ بىر تېما. ئەگەر بىز بۇ مەسىلىگە يەنىلا سەل قارىساق كېيىن ئەجدادلىرىمىز بىزنى كەچۈرمەيدۇ. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ياشلارنى قۇتقۇزۇش، بۇ ھەر بىر ئاتا - ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى، بۇ جەمئىيەتنىڭ مەجبۇرىيىتى، بۇ رەھبەرلىرىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئەگەر بىز ھازىرقى ئەۋلادنى قۇتقۇزمىساق ئەتىكى ئەۋلاتنىڭ ۋەيران بولۇشىغا يول ئېچىپ بەرگەن بولىمىز.

ئەزىزى: ئۇنداقتا سىزنىڭچە ئەدەبىيات، جۈملىدىن شېئىر مەلۇم ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكمۇ؟

بوغدا: ئەلۋەتتە شۇنداق.

ئەزىزى: بۇ ساپ ئەدەبىيات، ساپ شېئىرىيەت چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟

بوغدا: شېئىر ھاياتنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇ رېئاللىقتىن ھەرگىز ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىسىنى ئاقتۇرالمىغان بولىدۇ.

ئەزىزى: ئۇنداقتا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل ئىللەتلەر ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرنىڭ ئاينىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كىشىلەر بىلەن تەبىئەتنىڭ، كىشىلەر بىلەن جەمئىيەتنىڭ، كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈگىتىش قىيىن بولغان ئازارلىقنى، تراگېدىيىلىك بوشلۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ دەپ قاراشقا بولىدىكەن - دە؟

بوغدا: شۇنداق، يۇقىرىدا مەن تىلغا ئالغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى، زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ يامراپ كېتىشى بۈگۈنكى ھاياتىمىزدىكى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان غايەت زور تراگېدىيە. بىز ھازىر تراگېدىيە ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. بۇنى بېشىغا كەلگەنلەر ھېس قىلدى. بېشىغا كەلمىگەنلەر ھېس قىلمىدى. ئاڭلىغانلار ھېس قىلدى، ئاڭلىمىغانلار ھېس قىلمىدى، كۆرگەنلەر ھېس قىلدى، كۆرمىگەنلەر ھېس قىلمىدى. بۇنى بىلگەنلەر ئۆزىنى تارتىپ پەقەت ئۆزىنىلا قوغداۋاتىدۇ. شېئىر پۈتۈن جەمئىيەتكە مەسئۇل بولغان ھالدا بۇنىڭغا ئارىلىشىشى كېرەك.

ئەزىزى: شېئىردىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل نېمە؟

بوغدا: شېئىردىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل مېنىڭچە سەممىيەت. ئەگەر شائىردىكى سەممىيەت چىن، ھەقىقىي بولسا شېئىر پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. ئەگەر ئۇ يالغان بولسا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. شېئىردىكى سەممىيەت دېگەنلىك، شېئىر خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇ شېئىر بولالمايدۇ، دېگەنلىك.

ئەزىزى: 90 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە زور يۈكسىلىشلەر بولدى. بولۇپمۇ شېئىر شەكلى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە شېئىردىكى سۆزلەرنىڭ مەنا مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭدا سىز ۋە سىزدىن كېيىنكى بىر ئەۋلاد ياشلار ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ھەر بىر شائىرغا نىسبەتەن مەيلى ئۇ قايسى مىللەتكە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي تۇيغۇسى ئازدۇر - كۆپتۇر ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. ئەمما بۇنى بىر شائىر ئۈچۈن يېتەرلىك دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. قايسى بىر چەت ئەللىك تەتقىقاتچىنىڭ ناۋائىنىڭ غەزەللىرىدىكى ناۋائىي دېگەن سۆزنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر سۆزنى سەپلەپ قويغاندىمۇ ئۇ غەزەلنىڭ يەنىلا ناۋائىنىڭ

ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش تەس ئەمەس دېگەن مەزمۇندىكى سۆزلىرى يادىمدا. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىردا مىللىي تۈيغۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىر شائىرنىڭ قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئىسمىدىن ئەمەس، بەلكى ئەسىرىدىن پەرق ئەتكىلى بولغاندىلا ئاندىن ئۇنى مىللىي شائىر قاتارىغا قويغىلى بولىدۇ دەپ قارايمەن. سىزنىڭچە شېئىردىكى مىللىي ئاڭ، يەنى مىللىي ئۆزلۈكنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

بوغدا: مىللىي ئاڭ دېگەنگە ماكان، زامان نۇقتىسىدىن قاراش كېرەك. ئۇ يەنىلا ئەنئەنىدىن كېلىدۇ. ھەرقانداق بىر خەلق، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك ھېسسىياتى بولىدۇ. ئۇ مۇشۇنى داۋاملاشتۇرىدۇ، مۇشۇ ھېسسىيات شېئىردا چوقۇم ئۆزىنى كۆرسىتىشى كېرەك. كۆرسەتكەندىمۇ گەۋدىلىك كۆرسىتىشى كېرەك. بۇ بىردەملىك ھېسسىيات ئەمەس، ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملىشىشى كېرەك.

خەلق، زامان ناھايىتى چوڭ ئۇقۇم، دۇنيا قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەلق ھامان ياشايدۇ. خەلق بولغانىكەن، ئۇنىڭدا بىر خىل ھېسسىيات بولىدۇ، ئۇنىڭدا بىر خىل ھەققانىيلىق تۈيغۇسى بولىدۇ، ئۇنىڭدا بىر خىل ياشاش ئىرادىسى بولىدۇ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش شىجائىتى بولىدۇ. مەسىلەن، رۇس ئەدەبىياتى پۇشكىنغا قەدەر نۇرغۇن جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈردى، فىرانسوز تىلى رۇس تىلىدىن ئۈستۈن قويۇلدى، پۇشكىن دەل مۇشۇنداق شارائىتتا رۇس تىلىنى زور بىر بالداق يۇقىرى كۆتەردى. بۇ پۇشكىننىڭ شېئىرىي ماھارىتى بىلەن، يەنە بىرى پۇشكىننىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان ھېسسىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تىل مۇقەددەس نەرسە، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى تىل ئارقىلىق كىشىلەر بىر - بىرىنى چۈشىنىدۇ، بىر - بىرى بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ، بىر - بىرىنى سۆيىدۇ، بىر - بىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمۇ ناھايىتى گۈزەل تىل، بۇنى ئەڭ ئاۋۋال خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىن ھېس قىلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچى غايەت زور دەرىجىدە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

ئومۇمەن شېئىردا ھېسسىيات مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان تىلنىڭ پاكلىقىنى قوغداشقا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ شېئىردىكى مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ئۆزلۈك ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر.

ئەزىزى: شېئىرغا نىسبەتەن شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

بوغدا: مەن قەدىمكى زاماننىڭ شېئىرلىرىنى كۆردۈم، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ شېئىرلىرىنى كۆردۈم، ھازىرقى زاماننىڭ شېئىرلىرىنى كۆردۈم، ئۆزىمىزنىڭكىنى كۆردۈم، چەت ئەلنىڭكىنى كۆردۈم. ھازىر شېئىر توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىدىغانلار كۆپ، بەزىلەر شېئىرنى بىلىپ مۇلاھىزە قىلىشىۋاتىدۇ، بەزىلەر بىلمەي مۇلاھىزە قىلىشىۋاتىدۇ. مەن بۇ ھەقتە ئوقۇتقۇچىلىق نۇقتىسىدىن ئىزدىنىپ كۆردۈم. چۈنكى مەن داشۆدە يېزىقچىلىق دەرسى بېرىمەن. چۈنكى بۇ مەسىلىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئېنىق سۆزلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا نۇرغۇن ماتېرىيال كۆردۈم. ئېنىقكى، ئارۇز ۋەزنى بىزگە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە كىرىپ كەلگەن. ئەمما بىزنىڭ خەلق قوشاقلىرىمىزدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئۇچرايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئارۇز ۋەزنىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئارۇز ۋەزنى مۇزىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تېكىستلىرىمۇ ئەسلىدە خەلق قوشاقلىرىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان. ئۇنىڭ زاماندىن - زامانغا تۇتۇشۇپ كېلىشىدىمۇ مۇشۇ ئامىل مۇھىم رول ئوينىغان.

چاچما شېئىرلارغا كەلسەك، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ، جۈملىدىن ئورخۇن يەنسەي ئابىدىلىرىدىمۇ بار. ئۇ بىر تەرەپتىن تارىخ، بىر تەرەپتىن شېئىر. ھازىرقى زامان چاچما شېئىرلىرى نەدىن كەلدى دېسە، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ 20 - يىللاردىكى بۈيۈك شائىرى ئۆمەر مۇھەممىدى بىلەن ئىسمائىل ساتتاروفتىن كەلدى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۆمەر مۇھەممىدى بىلەن ئىسمائىل ساتتاروفلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پۈتۈن بىر ئەسىرلىك يۈنىلىشىنى شۇ چاغدىلا بەلگىلەپ بولغان. بىز ئەنە شۇلارنى ئۆگەندۇق، ئۇنى داۋاملاشتۇردۇق. ھەر بىر ئەسىر شۇ ئەسىرنىڭ شېئىر رىتىمىنى بەلگىلەيدۇ، مەسىلەن، ناۋائى زامانىدا ئارۇز ۋەزنى قانداق ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسا، ھازىرقى زاماندا چاچما شېئىر شۇنداق ئاكتىپ رول ئويناۋاتىدۇ. ھازىرقى شارائىتتا دېيىلىۋاتقان بازار ئىگىلىكىمۇ بىر خىل رىتىم. بىز بۇنى

بارماق ۋەزنىلىك شەكىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمىز. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا يېپىشىۋالساق ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مەغلۇپ بولىدۇ، يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ.

ئەزىزى: شېئىرىيىتىمىزدە ئانا ھەققىدە تالاي شېئىرلار يېزىلدى. ئەمما سىزنىڭ چاچما شەكىلدە يېزىلغان «ئانا» دېگەن شېئىرىڭىز ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى. تېلېۋىزوردا ئوقۇلدى، مەتبۇئاتتا قايتا - قايتا بېسىلدى، بۇ شېئىرنى ياشلارلا ئەمەس، چوڭلار، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىلار ھازىرغىچە ئېغىزدىن چۈشۈرمەي كەلمەكتە. بۇ شېئىرنىڭ بۇنداق زور تەسىر قوزغىيالىشى شەكىل بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق؟

بوغدا: توغرا بۇ شېئىر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. رەھمەتلىك تېيىپجان ئاكا مېنىڭ شېئىرلىرىم ھەققىدە بىرنېمە دېمىگەنىدى، مۇشۇ شېئىرنى ياخشى يېزىلىپتۇ دېدى. بىر نۆۋەت دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن قارامايغا باردىم، ئەتە قايتىمەن دېگەن كۈنى بىرسى مېھمانغا چاقىردى، مېھماندىن قايتىپ كەلسەم، ياتاقنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە ئادەم يىغىلىپ تۇرۇپتۇ، بىلسەم ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تەشەككۈر ئېيتقىلى كەلگەنىكەن. ئۇلار ماڭا «ئانىلىرىمىز سىلىنىڭ ‹ئانا› دېگەن شېئىرلىرىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا بىزنى ئالايتەن سىلىگە رەھمەت ئېيتىشقا ئەۋەتتى» دېيىشتى. شۇ چاغدا كۆزلىرىمگە ياش كەلدى، كېچىسى زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. قارامايدا پېنسىيىگە چىققان بىر ئانا بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بار ئىكەن. ئانىسىغا دېگەندەك ياخشى قارىمايدىكەن، تېلېۋىزوردىن «ئانا» دېگەن شېئىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەسىر قىپتۇ، نەتىجىدە، «بۇرۇن قەدرىڭنى بىلمەپتىكەنمەن، ئەمدى چۈشەندىم» دەپ ئانىسىغا بىر قوي ئەكىلىپ بېرىپتۇ. بۇ ۋەقە - بۇ رېئاللىقتىن مەن شېئىرنىڭ كۈچىنى ھېس قىلدىم.

دەرۋەقە، مەن بۇ شېئىرنى بارماق ۋەزنىدە يازغان بولسام، بۇ قەدەر تەسىر قوزغىيالىشى ناتايىن ئىدى. ھېسسىياتنىڭ راۋان، مەزمۇنىنىڭ تولۇق ئىپادىلىنىشىگە تەسىر يەتكەن بولاتتى.

ئەزىزى: بىر شائىردا ئۆزى ياشاۋاتقان ماكان - زامانغا نىسبەتەن بىر سەزگۈ، بىر تۇيغۇ بولىدۇ دەپ قارايمەن. سىز جامائەت ئېتىراپ قىلغان بىر شائىر. ئۇنداقتا سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە نېمە؟

بوغدا: شائىر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە يەنىلا ئادەم بولۇش، خەلقنىڭ ياخشى پەرزەنتى بولۇش. ئەمما بۇنىڭغا يېتىش تەس. بىزدىن بۇرۇنقى بىر ئەۋلاد بىزگە ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى. مەسىلەن: تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇكېرىم خوجايۇپ قاتارلىقلار.

ئەزىزى: سىزنىڭچە شېئىرنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەقسىتى نېمە؟

بوغدا: مېنىڭچە شېئىرنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەقسىتى شۇ خەلق، شۇ مىللەتنىڭ روھىنى داۋاملاشتۇرۇش.

ئەزىزى: 80 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 90 - يىللارنىڭ باشلىرى شېئىرىيەت قوشۇنىمىزغا بىر تۈركۈم ياشلار كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزىگە خاس ئاۋازى بىلەن شېئىرىيىتىمىزدە خېلى زور تەسىر پەيدا قىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «گۇڭگا»، «تۇتۇق»، «چۈشىنىكسىز» دېگەندەك قاراشلار بىلەن ئەيىبلەندى. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان شېئىرلارنى بىر خىل يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا بولامدۇ - قانداق؟

بوغدا: دۇرۇس، ياشلارنىڭ شېئىرلىرىدا گۇڭگالىق بار. ئەمما شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ گۇڭگالىق بار. مەسىلەن، قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا:

كەتتى كەتتى دېسىنا،
شۇيانغا كەتتى دېسىنا.
ئەمدى كەلمەس دېسىنا،
كەتكەنلەرنى شۇ دېسىنا.

دېگەندەك قوشاقلار بار. مانا بۇ توپتوغرا گۇڭگا شېئىر. يەنە ئالايلۇق:

قارا كېچە
قارا ياغاچ
قۇيۇلار ياشىم.
يوپۇرمىقى شىلدىرلايدۇ
جان قېرىنداشىم.

دېمەك، بىزنىڭ خەلق قوشاقلىرىمىزدا گۇڭگالىق بولغان، بۇ يەنە بولىدۇ.

بۇ نېمە ئۈچۈن گۇڭگا بولدى دېسە، بۇنى خەلقتىن سوراش كېرەك، بۇنى زاماندىن سوراش كېرەك. گۇڭگا نېمىشقا يوقالمىدى دېسە بۇنى

دەۋردىن سوراش كېرەك. گۈڭگالىق ناھايىتى كۈچلۈك پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ يەنە كەلگۈسىگە بارىدۇ. دېمەك گۈڭگا بولغان نەرسە ئۇزۇنغا بارالايدۇ. شېئىرنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ ھەممە نەرسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپ بېرىش ئەمەس. ئېينىشتېيىن نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى يارىتقاندا شۇ زاماندا بىرنەچچىلا ئادەم چۈشەنگەنىكەن. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى چۈشىنىدىغانلار خېلى كۆپىيىپتۇ. ھازىر ئۇنى كۆپ ساندىكى ئادەملەر چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدى. نىسپىيلىك نەزەرىيىسى بىلەن كىشىلەر كائىناتقا مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. مەن شېئىرنى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى دېمەكچى ئەمەسمەن، بەزى ئەسەرلەرنى كىشىلەر دەماللىققا چۈشىنىدۇ، بەزى ئەسەرلەرنى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن چۈشىنىدۇ. يېقىندا بىر چەت ئەللىك شائىرنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ ۋاپات بولۇپ 280 يىلدىن كېيىن ئاندىن خەلقى ئۇنى چۈشىنىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈڭگالىقىمۇ يول قويۇش كېرەك. شېئىرنى مېنىڭ خىيالىمچە يېزىپ بەر دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى شېئىرنى زاكاز قىلغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ياشلارغا ئىشىنىش كېرەك، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشىگە يول قويۇش كېرەك. شائىرنىڭ ئۈستىلى بىر لاباراتورىيە، ئۇ تۈرلۈك نەرسىلەرنى رېئاكسىيىلەشتۈرۈپ باقىدۇ، تەتقىق قىلىپ باقىدۇ، چاڭلاشتۇرۇپ باقىدۇ. بۇ تەبىئىي بىر جەريان، ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس.

ئەزىزى: ياشلارنىڭ مۇشۇ خىلدىكى شېئىرلىرىغا نىسبەتەن ئۇلار ئەنئەنىنى چەتكە قاقتى دېگۈچىلەرمۇ بولدى. مېنىڭچە شېئىردىكى مۇھىم نەرسە شەكىلدە ئەمەس، ئەگەر شەكىل بىلەنلا چەتكە قېقىلىدىغان ئەنئەنە بولسا ئۇ ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. سىز بۇ نۇقتىغا قانداق قارايسىز؟

بوغدا: ئەنئەنە بىر خىل روھ، ياشلاردا مۇشۇ روھ بار. دېمەك ئۇلار ئەنئەنىنى چەتكە قاقمىدى. گۈڭگا شېئىرمۇ بىر خىل ئەنئەنە، بۇ يەردە بايا مەن مىسال ئالغان خەلق قوشاقلىرىنى ئەسلىسەكلا كۇپايە. چاچما شېئىردا بەزى مىسرالارنى ئارۇز ۋەزنى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا كىشىلەر دىققەت قىلدى، يا قىلمىدى. دېمەك چاچما شەكىلدىمۇ بەزى مىسرالارنى ئارۇز ۋەزنى بويىچە ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ بىرى ئاھاڭ بويلاپ كېلىدۇ، يەنە بىرى مىسرالارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىپى بىلەن كېلىدۇ.

ئەزىزى: بەزىلەر سىزنى ياشلار شېئىرىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەيدىكەن. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

بوغدا: بۇنىڭغا رەھمەت. شېئىر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا مەن ئۆزۈمنى يەنىلا بىر سەبىي بالا ھېسابلايمەن. دەرۋەقە، مەن شېئىر توغرىسىدا ئاز ـ تولا ئىزدەندىم. چۈنكى ئىزدەنمىسەك يوقىلىپ كېتىمىز. زامان بىزنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. ھازىر ھەممە نەرسە رىقابەت ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، شېئىرمۇ شۇنداق. شۇڭا شېئىرغا مۇئامىلە قىلغاندا ھەم ھازىرنى، ھەم كەلگۈسىنى ئويلاش كېرەك.

ئەزىزى: سىزنىڭ «سالغا تېشى» داستانىڭىز ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەدەبىياتىمىزدا زور غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. بۇ داستان ئۈستىدە مەخسۇس مۇھاكىمىلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى، نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلدى. زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ داستاننى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر دەپ قاراشماقتا. سىز بۇ ھەقتىكى باھالارغا قانداق قارايسىز؟ سىز بۇ داستاننى ئىجادىيىتىڭىزنىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى ياكى بىر پەللىسى دەپ قارامسىز؟

بوغدا: «سالغا تېشى» مېنىڭ بىرنەچچە يىللىق ئىزدىنىشىمنىڭ مەھسۇلى. مەن ئوقۇتۇش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر مەزگىل شاياردا تۇردۇم. مەن بارغاندا ئۇ يەردە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تېخى بۇزۇلمىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەن قەدىمكى روھنى كۆردۈم. بۇ يەردىكى ئادەملەر ناھايىتى جانلىق، ناھايىتى روھلۇق ئىدى. ئۇلار خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ رىۋايەتلەر، قوشاقلار، چۆچەكلەر بار. مەن بۇ يەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىممەتلىك ماتېرىياللار ئىدى. مۇشۇ يەردە مەندە بىر ئەسەر يېزىش ئىستىكى پەيدا بولدى. بىر چاغدا ئۆتكۈر ئەپەندىم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا: «بوغدا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئەسەر يازسىڭىز بولاتتى» دېدى. شۇ چاغدا مەن شېئىر يازدىم دەپتىمەن، تېخى ئىدىيەمنى ئىپادىلىمىگەن ئوخشايمەن دەپ ئويلىدىم. بۇ سۆز ئۇزاققىچە خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالدى. مەن شاياردىكى ھاياتنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ

ئەسەرنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى كاللامدا پەيدا بولدى. بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز قانداق ياشىدى، قانداق پىكىر قىلدى، قۇمنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكىنى كىم، ئۇنىڭ بىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ خۇددى چەت ئەللىكلەر ئېيتقاندەك، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇ تارىم مەدەنىيىتى. ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدا كۆپلىگەن چەت ئەللىك ئالىم، سەيياھلار بۇ يەردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بىز بىلىمىز، بەزىلىرىنى بىز بىلمەيمىز. مەن شاياردا نۇرغۇن رىۋايەتلەر بىلەن تونۇشتۇم، بۇ كۆمۈلمىگەن، يوقالمىغان، ھېچكىم ئېلىپ كېتەلمىگەن تىرىك نەرسىلەر ئىدى. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر تېما بولۇپ ئۇنى قازمىساق بولمايتتى. بۇ دەۋرنىڭ، شائىرنىڭ مەجبۇرىيىتى. مەن داستاننى يېزىشتا ئەنە شۇ نۇقتىلارنى كۆزدە تۇتتۇم. بۇ داستانغا بېرىلگەن باھالار ناھايىتى يۇقىرى بولدى، ئۇلارغا رەھمەت، لېكىن مەن ئۆزۈمنى تېخى ئۇنچىۋالا زور مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدىم، دەپ ئويلايمەن. چەت ئەللىكلەردە ئۇلۇغ كىتابخان بولماي تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئەسەرلەر بولمايدۇ، دەيدىغان بىر گەپ بار. چۈنكى ئەسەرلەرنى ئەڭ بۇرۇن بايقايدىغىنى كىتابخان. مېنىڭچە بىزدە ياخشى كىتابخانلار بار.

ئەزىزى: ئۇنداقتا سىز «سالغا تېشى»نى ئىجادىيىتىڭىزنىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى، ياكى يۇقىرى پەللىسى دەپ قارىمايدىكەنسىز - دە؟

بوغدا: ياق، بۇ پەقەت بىر ئىزدىنىش.

ئەزىزى: سىزنىڭچە «سالغا تېشى» ئۆزىنىڭ ھەقىقىي باھاسىنى تاپتىمۇ؟

بوغدا: بىز تېخى تۇرمۇشقا كىرەلمىدۇق، مەن تېخى تۇرمۇشقا كىرەلمىدىم. يازغانلىرىمدا تۇرمۇشنىڭ ئازراق پۇرىقى بولدى، بۇنىڭغا بېرىلگەن باھالار ناھايىتى يۇقىرى. مەن تېخى تۇرمۇشنىڭ ئىنچىكە ھۆجەيرىلىرىنى ئېچىپ بېرەلمىدىم. چۈنكى بۇ يەردە ناھايىتى نۇرغۇن تراگېدىيە بار. ھەممە نەرسە مەدھىيىلا بولسا بولمايدۇ، شېئىردا تراگېدىيىمۇ بولۇشى كېرەك. ئەگەر شېئىر نۇۋەتتىكى تراگېدىيىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرسا ئۇ ۋاقىتتا ناھايىتى چوڭ تراگېدىيىلەر يۈز بېرىدۇ.

ئەزىزى: سىز ئىجادىيەت جەريانىدا بەكرەك ئېتىبار بېرىدىغان ئامىل نېمە؟

بوغدا: بۇ پەقەتلا ھەققانىيلىق تۇيغۇسى.

ئەزىزى: ئەگەر سىز ئوبزورچى بولغان بولسىڭىز شېئىرغا نىسبەتەن نېمىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلغان بولاتتىڭىز؟

بوغدا: ئەگەر مەن ئوبزورچى بولغان بولسام، ئالدىراپ گەپ قىلىشتىن، بىلمەي تۇرۇپ بىلەرمەنلىك قىلىشتىن، مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن، قارا - قويۇق باھا بېرىشتىن ساقلىناتتىم.

ئەزىزى: «سالغا تېشى» ھەققىدىكى باھالارغا قانداق قارايسىز؟

بوغدا: بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى باھالار. مېنىڭ ئەس - يادىم بىرى قەدىمقىدا، بىرى ھازىرقىدا، بىرى كەلگۈسىدە تەتقىقات بولىدۇ، تەتقىقاتچىلارنىڭ «بوغدا نېمە دەۋاتىدۇ» دېگەننى ئويلىشى مېنىڭچە رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇش بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا باھالارنىڭ بۇ قەدەر چوڭ بولۇپ كېتىشىنى مەنمۇ ئويلىمىغانىدىم. لېكىن مېنىڭ خۇشال بولىدىغىنىم، مېنىڭ بۇ ئىزدىنىشىم خاتا بولماپتۇ دېگەندىن ئىبارەت.

ئەزىزى: مېنىڭچە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا بىرنەرسە كەم، ئۇ بولسىمۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتى. يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرغىچە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىدىن قارىغاندا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئاز ئەمەس. لېكىن بىزدە مۇشۇ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى كۆزىتەلەيدىغان، ئۇنىڭغا باھا بېرەلەيدىغان كىشىلەر يوق دېيەرلىك. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۇنى نەزەرىيىۋى قېلىپلارغا سېلىش نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئەدەبىي نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق باھا بېرەلەيدىغان كىشىلەر بولۇشى كېرەك. بىزدە ھازىرغىچە ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئەدەبىياتشۇناسلىق پېنى شەكىللەنمىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا سىز شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقىغا قانداق قارايسىز؟

بوغدا: مەن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى بىر قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدىم، بىز ئىلگىرى نوقۇل ئوبزورغىلا تايانىدۇق، چۈنكى ئۇ چاغدا زامان شۇنداق ئىدى. ئەمدى ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە تەتقىقات بولمىسا بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ ياشلىرىمىز ناھايىتى ئوبدان كېتىۋاتىدۇ، مېنىڭ ئۈمىدىم ناھايىتى چوڭ. بېلىنسكىنىڭ ماقالىلىرى ناھايىتى ياخشى، ئۇ ناھايىتى ئەتراپلىق بىلىم ئىگىللىگەن. ئۆزىنىڭكىنى، چەت ئەلنىڭكىنى، بولۇپمۇ پەلسەپىنى پىششىق بىلگەن. ئەنە شۇنداق

مۇكەممەل يېتىلگەندىلا ياخشى ماقالە يازغىلى بولىدۇ، يېزىلغان ماقالىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ.

ئەزىزى: سىز قايسى شېئىرلارنى كۆپرەك ئوقۇيسىز، ئۆزىڭىزنىڭكىنىمۇ ياكى چەت ئەلنىڭكىنىمۇ؟

بوغدا: يېقىنقى يىللاردىن بېرى چەت ئەل شېئىرلىرىنى كۆپرەك ئوقۇدۇم. رۇس شېئىرىيىتى ماڭا كىچىكىمدىن بېرى تونۇش. ئۇنى تەكرار - تەكرار كۆرىمەن. ھازىر ياۋروپا شېئىرلىرىنى كۆپرەك كۆرۈۋاتىمەن. مەن كۆپ ھاللاردا داڭلىق شائىرلارنىڭ ئىپادىلىگەن تېمىسىغا دىققەت قىلىمەن. ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزى يارىتىدۇ، ئۆزى يازىدۇ. بۇ بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى، ئۇ ئۈتىشىپ تۇرىدۇ. چىقىۋاتقان شېئىر توپلاملىرىنى ئاساسەن ئوقۇپ تۇرىمەن، لېكىن ئېچىم بەك تىت - تىت بولىدۇ.

ئەزىزى: ھازىرقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى شەكىل جەھەتتە مەيلى قانداق يېڭىلىقلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ داۋامى. بىر مىللەت ئەدەبىياتى ئۈچۈن روھ ھەممىدىن مۇھىم، بىز بۇ روھنى يەنىلا كلاسسىكلىرىمىزدىن ئالىمىز. سىز ھازىرقى شېئىرىيىتىمىز بىلەن كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

بوغدا: بىز ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزنى يېڭى شېئىرىيەت دەۋاتىمىز، بۇ دورۇس، ئەمما مەيلى بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرلار بولسۇن، مەيلى چاچما شېئىرلار بولسۇن، كلاسسىك شېئىرلىرىمىزنى نەزەردىن ساقىت قىلسا بۇنىڭ ئاقىۋىتى مەغلۇبىيەت بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ۋاقىت كلاسسىك شېئىرىيەتنى، پولكلورنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. كلاسسىك شېئىرىيەت ۋە پولكلور ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزنى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەلۋەتتە چەت ئەلنىڭكىنىمۇ ئۆگىنىش كېرەك. ئەمما كلاسسىك شېئىرلارنى ئۆگەنمەي بولمايدۇ. كلاسسىك شېئىرلارنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ پۈتۈنلەي چەت ئەلنىڭكىگىلا ئېسىلىۋالسا ئۇ چاغدا مىللىيلىك بولماي قالىدۇ، بۇنى چەت ئەلمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىزنىڭ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىز ناھايىتى گۈزەل، ناھايىتى باي بۈيۈك بىر ئەدەبىيات. ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ كۈچىنى يوقاتمىدى. ھازىرقى يېڭى شېئىرىيىتىمىز يەنىلا خەلقنىڭ ئېتىنىڭ ئەندىيىسىدىن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى شېئىرىيەت كلاسسىك شېئىرىيەتنى چوقۇم ئۆگىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا شېئىرىيىتىمىز يەنىمۇ باراقسانلايدۇ.

ئەزىزى: شېئىر بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

بوغدا: مېنىڭچە بىزنى يارالتقان تۇپراققا كۆپرەك نەزەر تاشلاش كېرەك. ئۇ بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى دەپ بېرىدۇ. يەرنىڭ تىلى يوق ئەمەس تىلى بار، ئۆزىگە خاس تىلى بار. يەر تىنىمسىز سۆزلەپ تۇرىدۇ، دەريالار سۆزلەپ تۇرىدۇ، قۇملۇقلار سۆزلەپ تۇرىدۇ، يۇلغۇنلار سۆزلەپ تۇرىدۇ. بىز مۇشۇ تىلنى ئۇقىدىغان ھالەتكە كېلىشىمىز كېرەك. شائىر ئەڭ ئالدى بىلەن تەبىئەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشى، چۈشىنىشى، بىلىشى كېرەك. تەبىئەت داۋاملىق سۆزلەپ تۇرىدۇ، كۆپ ھاللاردا بىز ئۇنى سەزمەي قالىمىز. بىز تەبىئەتنىڭ تىلىنى ئۆگەنسەك ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز ۋە ئۇنى ئىپادىلەپ بېرەلەيمىز. تەبىئەتتە نۇرغۇن مەزمۇن، نۇرغۇن شەكىل، نۇرغۇن ئاھاڭلار بار.

ئەزىزى: سىز نەسرىي ئەسەر يېزىپ باققانمۇ، بۇندىن كېيىن يېزىش ئويىڭىز بارمۇ - قانداق؟

بوغدا: نەسرىي ئەسەرنى ئاز يازدىم، نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان بەزى ئەسەرلىرىم بار. لېكىن رەسمىي ئەسەر تېخى يازمىدىم. ئەمدى ھازىر مۇشۇ نەسرگە ئۆتمىسەم بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. كاللامدا نۇرغۇن تېمىلار بار. ھەتتا بىرنەچچە رومانىنىڭ سيۇژېتىمۇ بار. مەن يازسام ئادەتتىكى رومان شەكلىدىمۇ يازمايمەن، ئېھتىمال يازسام ناھايىتى قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىشىم مۇمكىن. مەن يېقىندا قۇمۇل تاغلىرىنى كۆرۈپ كەلدىم. مەن تاغلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتسەم ئىچىمدە سالام بېرىپ ئۆتىمەن. بۇ قېتىم قۇمۇل تاغلىرىدا ئىككى كۈن تۇردۇم، نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدىم. قۇمۇلدا پەيدا بولغان تېما بىلەن جەنۇبتا كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى شۇنداق دەڭسەپ كۆرسەم بولارنىڭ ھەممىسى بىر گەۋدە، بىر سىمپونىيىدەك تۇيۇلدى. مۇشۇنى يېزىش خىيالىم بار. بۇ يىل يازالىسام كېلەر يىلى يازىمەن، ئىشقىلىپ چوقۇم بىر يازىمەن.

ئەزىزى: سىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن رازىلىق ھېس قىلامسىز؟

بوغدا: مەن ئۇچرىشىپ تۇرغان شائىر، ئالىملارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھازىر يۈكسەك بىر پەللىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەنە

تەرەققىي قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئۈمىد ناھايىتى زور.

ئەزىزى: ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزدە سىزنى ئەڭ ئۈمىدلەندۈرىدىغان نەرسە نېمە؟

بوغدا: ئاڭلىسام ھازىر بىزدە 3000 دىن ئارتۇق ئادەم شېئىر يازىدىكەن، يەنە قىز - ئاياللارمۇ شېئىر يېزىۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن بەك سۆيۈنىمەن. يەنە مېنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى ياشلاردىكى بىر خىل ياۋايى روھ. بۇ بولماي مۇمكىن ئەمەس، ئىلگىرى بىز ياۋايى بولغان، بىزنىڭ قېنىمىزدا ياۋايىلىق بار. مۇشۇ ياۋايىلىقنى تاشلاپ قويساق بولمايدۇ.

ئەزىزى: ئەسەرلىرىڭىز باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىندىمۇ؟

بوغدا: ئەسەرلىرىم رۇسچىغا، ئۆزبېكچىگە، قازاقچىغا، ئوردۇچىغا تەرجىمە قىلىندى.

ئەزىزى: ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەسىرىڭىز قايسى؟

بوغدا: گەپنىڭ راستىنى قىلسام ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەسىرىم يوق. مەن ھازىرغىچە ئۆز ئەسەرلىرىمدىن قانائەت ھاسىل قىلماي كەلدىم، ھېلىھەم شۇنداق. يازىمەن، ئوقۇيمەن، بەزىدە يىغلاپ تۇرۇپ يازىمەن، يەنە يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇيمەن، بۇ شېئىرىم يامان ئەمەس يېزىلىپتۇ دەيمەن. ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئوقۇسام يېزىلغان چاغدىكىدەك ھاياجان پەيدا بولمايدۇ.

ئەزىزى: ھازىرغىچە بولغان ئىجادىيەت جەريانىڭىزدا ئۆزۈمگە خاس بىر ئۇسلۇب ياراتتىم، دەپ قارامسىز، يارىتقان بولسىڭىز ئۇ قايسى؟

بوغدا: ئۇسلۇب يارىتىش ناھايىتى قىيىن ئىش. لېكىن شەكىلنى ئاساسەن تاللاپ بولدۇم. بۇ يازماقچى بولغاننى قانداق ئىپادىلەش مەسىلىسى. مەن قۇرلارنى، قاپىيەنى ھېسابقا ئالمايمەن. ئەسەرلىرىم ئاساسەن ئىلھام بىلەن يېزىلىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا مەن جىددىيلىشىپ يۈرىمەن، قۇلىقىمغا بىر ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ، شېئىر ئوقۇلىدۇ، يەنى ئىككىنچى بىر بوغدا پەيدا بولۇپ شېئىر ئوقۇيدۇ، ئۇنى ئالدىراپلا پارچە - پۇرات قەغەزلەرگە قوندۇرۇپ قويىمەن. تولا چاغلاردا بىر قېتىمدىلا يېزىلىپ پۈتىدۇ. شەكىل تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈكىدىنلا شەكىللىنىدۇ. مەن مەزمۇن ئۈستىدە ناھايىتى ئۇزاق ئويلىنىمەن. بەزى شېئىرلىرىم چۈشۈمدىمۇ يېزىلىپ قالدى. بىر قېتىم چۈشۈمدە ئۆزۈن بىر داستاننى يېزىپتىمەن، دېكلاماتسىيە قىپتىمەن. ئويغىنىپ كەتتىم، چىراغنى ياندۇرۇپ، قەغەز - قەلەمنى تېپىپ بولغىچە بىرنەچچە كۇپلېتىلا يادىمدا قاپتۇ.

ئەزىزى: سىز قانداق ۋاقىتتا يازىسىز؟


بوغدا: مەن ئۇزۇن يىللىق ئادىتىم بويىچە كەچتە ياكى تۈن نىسپىدە يازىمەن. بەزى ئەسەرلەرنى ناھايىتى تېز يازىمەن. بەزى تېمىلار ئۈستىدە نەچچە يىللاپ پىكىر يۈرگۈزىمەن. مەسىلەن، «جۇڭغار يۇلتۇزى» تېما كاللامدا شەكىللىنىپ ئون يىلدىن كېيىن يېزىلدى. ئەسەر يازغان ۋاقتىمدا ھەجىمىنىڭ قىسقا بولۇشىغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىمەن.

ئەزىزى: نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق مۇكاپات. كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى نوبېل مۇكاپاتى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن بۇ مۇكاپات ھازىرغىچە ھەتتا نامىنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. سىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە نىسبەتەن نوبېل مۇكاپاتىغا نائىل بولۇش ئىمكانىيىتى ھەققىدە ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ مەسىلەن، ئۆزىڭىز ھەققىدە؟

بوغدا: مەن ئۆزۈم ھەققىدە ئەسلا ئويلاپ كۆرمىدىم. نوبېل مۇكاپاتى بۈيۈك مۇكاپات. جۇڭگودىن ھېچكىم تېخى بۇنىڭغا ئېرىشەلمىدى. لېكىن ھەر يىلى بۇ مۇكاپات تارقىتىلغاندا ئۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتىمىز، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەغىزىنى تەكشۈردۈم. بىر ئوقۇغۇچى جاۋاب قەغىزىنىڭ ئاخىرىغا، مەن ھازىر ئەدەبىياتنى ئۆگىنىۋاتىمەن، مېنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىم نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئېلىش، دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ سۆيۈندىم، كېيىن باشقىلارغىمۇ سۆزلەپ بەردىم. بىزدە، بولۇپمۇ شائىرلىرىمىزدا بۇنداق غۇرۇر چوقۇم بار. باشقىلار ئالالىغان مۇكاپاتنى ئۇيغۇرلارمۇ ئالالىشى كېرەك. ئەمما ئەسەرلەر چوقۇم تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك، بولۇپمۇ دۇنياۋى تىللارغا. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتىدۇ دەپ قارايمەن. مەيلى مۇشۇ ئەسىردە بولسۇن ياكى كېلەركى ئەسىردە بولسۇن، نوبېل مۇكاپاتى ئالىدىغان ئۇيغۇرلار چوقۇم چىقىدۇ.

ئەزىزى: مەن شېئىرلىرىڭىزنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. ئەمما ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئەسەر تېخى ئاخىرلاشمىغاندەك، يەنە ئازراق يېزىلىشى كېرەكتەك ھېس قىلىمەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

– چۈنكى شېئىر مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ. ئۇ ئاخىرلاشقان ھامان زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ، ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ قالمايدۇ.




(ھېكايە)

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى

ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتەردى. ئايالى يېنىدا يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك، چىرايلىق مەڭزلىرىدە تاتلىق كۈلۈمسىرەش جىلۋىلىنەتتى ۋە لەۋلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس يالاپ قوياتتى. بۇ لەۋلەر ئۇنىڭغا ئەڭ بۈيۈك لەززەتلەرنى بېرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ لەۋلەرگە قانمايتتى. پەقەت مۇشۇ لەۋلەرلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇ ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ ئاياللارنىڭ لەۋلىرىنىڭ نېمىشقا بۇنداق سېھىرلىك ئىكەنلىكىنىڭ تەكتىگە زادىلا يېتەلمەيتتى. ئاۋۋالقى ئايالىنىڭ لەۋلىرىمۇ مانا مۇشۇ لەۋلەردەك ئىدى. ئۇ بۇ لەۋلەرگىمۇ قانمايتتى. بىراق ئۇ لەۋلەر ھازىر...

ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتمەيلا يېتىپ قالغىنىنى سېزىپ يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كارىۋاتتىن چۈشتى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى تامغا ئورنىتىلغان كىيىم ئىلغۇچتىن كېچىلىك يەكتىكىنى ئېلىپ كىيدى ۋە دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان تۆت - بەش ياشلار چامىسىدىكى ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى. بالا دىقماق قوللىرىدا ئۈستىگە يېپىپ قويۇلغان يۇمشاق يىپلىك ئەدىيالنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. بېشى پەر ياستۇقتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ بالىنىڭ بېشىنى ئاستا ئۆڭشىدى ۋە بىرپەس تىكىلىپ قاراپ جىممىدە تۇردى، ئاندىن ئېڭىشىپ بالىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

ئۇ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. پەردە چۈشۈرۈكلۈك ئىدى. پەردىگە بىر جۈپ قۇش كەشتىلەنگەن ئىدى. بۇمۇ مەيلى، ئاياللارنىڭ قۇشقا ھېرىسمەن بولۇشى ئاسان ئەمەس. ئۇ بىرقانچە ئۇلپەتداشلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن، دېرىزە پەردىلىرىگە قارىغان، بىراق قۇش كەشتىلەنمىگەن، ئاللىقانداق گۈللەر، گۈل دەستىلەر، خاتىرىلىك يىلنامىلەر كەشتىلەنگەنىدى. گۈل كەشتىلەش – 15 - 16 ياشلىق قىزلارنىڭ مىجەزى. يىگىتكە ياخشىچاق كۆرۈنۈش ئۈچۈن قولياغلىقلىرىغا ئۆزلىرى خالىغان گۈل نۇسخىلىرىنى كەشتىلەپ سوۋغا قىلىشىدۇ. ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ، بۇ خوتۇن گۈل كەشتىلەپ كۆنمەپتىكەن، بولمىسا ئاشۇ چاغلىرىدا بىرەر يىگىتكە... خۇدا، بىر قوۋۇرغىسى كەم بۇ بەندەڭنى، ھەرگىز ئۇنداق يامان ئويغا سالمىغان بولغىيتتىڭ... يەنە ھېچنېمە دەپمۇ بولمايدۇ... نېمىشقا ئۇنى ئېلىشتىن ئاۋۋال گۈل كەشتىلەشنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىنى سورىۋالمىغاندىمەن... ئېسىم قۇرۇسۇن، خۇدايىم...

ئۇ ئىشكاپ يېنىغا كەلدى. ئىشكاپ ئۈستىگە تىكلەپ قويۇلغان نەقىشلىك رامكا رەڭلىك، رەڭسىز سۈرەتلەر بىلەن توشقانىدى. سۈرەتلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چوڭ تارتىلغىنى ئايالى بىلەن ئۆزىنىڭ قول تۇتۇشۇپ چۈشكەن يېرىم گەۋدىلىك رەڭلىك سۈرىتى ئىدى. ئۆزىغۇ يامان ئەمەس تۇرۇپتۇ. بىراق ئايالى... «خوتۇن خەلق دېگەن سۈرەتكە چۈشسە ئۆزىنى پەردازلاپ قىلمىغانلىرى قالمايدۇ. قاش، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ چىرايلىق چۈشۈۋالىدۇ.

مەقسىتى ـ ئەركەكلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش. بۇلارنى كىم بىلمەيدۇ؟ قىز نېمىلەرغۇ مەيلى، ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق ـ ھە؟ بوينىغا ئېسىۋالغان مارجىنىچۇ تېخى...».

ئۇنىڭ ساقال باسقان يارغاق يۈزلىرى قورۇلدى. ئۇيقۇچان كۆزلىرى كىچىكلىدى. ئېغىر ـ ئېغىر تىنىدى... سۈرەتتىكى ئايالنىڭ بوينىدىكى خېنە رەڭلىك مارجان قايرىما ياقىلىق كۆڭلەكتىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قوش كۆكسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە يارىشىملىق تۇراتتى. ھە، راست، بۇ مارجاننى سۈرەتكە چۈشكەندە ئۆزۈم مەجبۇرلاپ ئاستۇرغانىدىم، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. ئۇ كەينىگە تۇتۇۋالغان قوللىرىنى ئالدىغا ئالدى. يېنىككىنە قاس چىقىرىپمۇ قويدى. كۆزلىرىدە باياتىنقىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل نۇر تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، تۈرۈلگەن قوشۇملىرىمۇ ئەسلىگە كەلدى... ئىسىت دۆتلۈكۈم... ئۇ دېگەن توي قىلىپ ئەتىسىلا چۈشكەن سۈرەت. ئۇ چاغدا خوتۇن تېخى قورساق كۆتۈرمىگەن، تۇغمىغان... ئۇ ھۇزۇرلىنىپ مىيىقىدا بىر كۈلۈپ قويدى. خوتۇننى بىكاردىن قاغاپ كەتكىنىم نېمىسى... ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئايالىغا قاراپ قويدى. يۈزلىرىدە خىجىللىق. بۇ ـ ئۇنىڭ ئايالىنى تۇنجى قېتىم تىللىشى ئىدى. ھېچقىسى يوق. خوتۇن دېگەننى مۇشۇنداق چىڭ تۇتمىسا، تاپتىن چىقىدۇ. چىڭ تۇتتۇڭمۇ قۇلىقىڭ تىنچ دېگەن گەپ... ئۇ سۈرەتكە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئايالى ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

ئايالى تىنچىقىنا ئۇخلاۋاتاتتى. يوتقاننىڭ ئۈستى تەرىپى كۆكسىنىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن، ئۇ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئوڭ قولى يوتقاننىڭ ئۈستىگە تاشلانغان، ئۇنىڭ چوقچىيىپ چىققان تولۇق كۆكسى ئاپئاق رۇباشكا ئىچىدە دەممۇ دەم دولقۇنلىناتتى. ئۇ ئۇنىڭغا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. نېمانچە چىرايلىق. بۇ جەزبىدار ئەمچەكلەر ئۇنىڭغا تەئەللۇق. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئاسرايدۇ، گويا تېگىپ كەتسىلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك ئېھتىيات بىلەن سىيلايدۇ. ئادەم بوۋاق چاغلىرىدىلا ئانىلار كۆكسىگە باغلىنىدۇ. بوۋاقلارنىڭ پۈتكۈل بەدىنىدىن پۇرايدىغىنى ـ ئانىلار كۆكسىدىن تامغان سۈت. نارەسىدە قىزلارنىڭ رەندىلىشۋەتكەن تاختىدەك مەيدىسى بالاغەتكە يەتتىمۇ، ھۆپپىدە كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ، مەيلى تەن گۈزەللىكىدىن پاك لەززەتلىنىدىغانلار بولسۇن، مەيلى يېتىم ھەۋەس كوچىدىن كۆز تاشلايدىغانلار بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ ئاشكارا كۆز تاشلاشلىرىنىڭ، يوشۇرۇن ماراشلىرىنىڭ ئوبيېكتى، ئادەمدە بوۋاق چېغىدىكى ئانىلار كۆكسىگە بولغان تەلپۈنۈش يوشۇرۇن ساقلىنىدىغان ئوخشايدۇ... ئۇ ئايالىنىڭ كۆكسىنى مۇقەددەس بىلىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆكسى بىلەنمۇ ئۇلۇغلۇقىنى، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنىڭ كۆكسىگە مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ئۇ چۈشەنمەيدۇ، چۈشەنمەيدۇ ـ يۇ، ئۇنى ئەزىزلەيدۇ... ئۇنىڭ قاردەك ئاپئاق بويىنى، ئۇ، بۇ بويۇنغا قانچە قېتىملاپ گىرە سالغان. ۋاي، بەك قىچىقىم كەپكەتتى... خوش بولاي... دېگۈچە ئەركىلەتكەن. بۇ بويۇنغا ئۆز قولى بىلەن ئاشۇ رەڭدار سۈرەتتىكى مارجاننى ئېسىپ قويغان...

ئۇ ئايالىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئىنچىكە ئۇلىما قاشلار، بىر ـ بىرىگە ھىم جىپسىلەنگەن قاپقارا كىرپىكلەر، سۆيۈشكە ئىنتىلىپلا تۇرىدىغان لەۋلەر، بۇ لەۋلەر ئارىسىدىن مارىشىپ تۇرغان قاشتېشىدەك ئاپئاق دانە ـ دانە چىشلار...

ئۇ ئايالىنىڭ سۈس قان ئۇرغۇپ تۇرغان مەڭزىگە تىكىلدى. توۋا، نېمانچە كېلىشكەن چىراي ـ بۇ، كاساپەتنىڭ؟... ئۇ ئايالىنىڭ مەڭزىلىرىنى كۈندە كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇ بۈگۈنگىچە ئۆز ئايالىنىڭ مەڭزىنىڭ مۇنچە گۈزەل ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغانىدى. بۇ ـ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق دىققەت قىلىشى، تۇنجى قېتىملىق ئىنچىكە سەپسېلىپ قارىشى ئىدى. ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈن دىققەت قىلمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

ئۇ قولىنى ئاستا ئۇزىتىپ، ئايالىنىڭ پېشانىسىغا چۈشۈپ قالغان بىرنەچچە تال چاچنى ئېھتىيات بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. «مۇشۇ چىراي ماڭا تەئەللۇق ـ ھە؟...» ئۇنىڭ چاچلىرى كەڭ ياستۇقتا تەكشى يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئايالىنىڭ قولىنى ئاستا چۈشۈرۈپ يوتقاننى يۇقىرى تارتىشتۇرۇپ قويدى. «گۈل... گۈل... خوتۇننىڭ مۇشۇ مەڭزى... توۋا، ئادەمدىمۇ مۇشۇنداق چىراي بولىدىكىنا. مۇشۇ پەرىشتە سۈپەت چىراي بىلەن... ئۇنىڭ مۇشۇنداق چىرايى تۇرۇپمۇ مەن بىلەن توي قىلغان ـ ھە؟... ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، بەلكىم خوتۇن كىشى دېگەن ئەرخەقلەرگە باشقىچە كۆز بىلەن قارايدىغاندۇ...»

ئۇ ئايالىنىڭ سۈزۈك مەڭزىلىرىگە بىرھازا قاراپ

تۇردى.

ئۇ ئىشكاپ ئالدىغا كەلدى. چوڭ تىكلىمە ئەينەكتە ئۆزىنىڭ ئەكسى. يۈزلىرىنى ئانچە - مۇنچە ئاق ئارىلاشقان ساقاللار باسقان، بۇ ساقاللار ئۇ يەر - بۇ يەرلەردىكى قورۇقلارنى يوشۇرالمىغان، قېلىن قارايغان كالپۇكلىرى، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن سىرتقا ئازلا چىقىپ تۇرغان تۈكلەر، بۇ تۈكلەر ئاستىدىكى قاپقارا ئۆسكىلەڭ بۇرۇتلار. ئورۇق، سوزۇنچاق بوينى، ئەگمەچ يىلتىزدەك بوغدىيىكى، بىر ئاز ئولتۇرۇشقان بىر جۈپ كۆز، شالاڭ قاشلار...

«ئەر دېگەنگە قاش لازىممىتى...» ئۇ قاشلىرىنى سىيلاپ قويدى. كەڭ پېشانە، ئۇنچىۋالا ئۆسۈپمۇ كەتمىگەن چاچلار. مەن دېمەتلىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئاقۋاش، بەزىلىرى تاقىر باشقۇ؟...

ئۇ ئەينەكتىكى چىرايىغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. ھېلىمۇ ئىسكەتىم يامان ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ماڭا تېگىشىمۇ ئارتۇقچە ئەمەستەك تۇرىدۇ. بىراق يەنىلا مەندىن چىرايلىق... ئايال كىشى دېگەن چىرايلىق بولمىسا بولامتى؟ تېخى سەت خوتۇنلارنى ئېلىپ قالغانلارنىڭ «چىرايىغا سۇ قۇيۇپ ئىچكىلى بولامدۇ» دەيدىغانلىرىمۇ بار... ھېلىم سەرخۇشنىڭ خوتۇنىچۇ... تازىمۇ بىر تەمرەتكىدىن سۇزۇۋالغاندەكلا خوتۇن... چىرايىغا باقماي قاشلىقنى بولۇشىغا ئېتىپ، ئۇزۇن پايپاق تارتىپ يۈرۈشلىرىنى كۆرمەمدىغان؟...

ناۋادا ماڭا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش زۆرۈرىيىتى بولۇپ قالغان بولسا، تويلۇقنى خوتۇن تەرەپنىڭ ئۆزلىرى ئالسىمۇ توي قىلمايتتىم، قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنداق خوتۇننى توينىڭ ئەتىسىلا ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتىم ۋە يا يولىنى بوسۇغىغا تەتۈر قىلاتتىم...

«چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، كۆيگەن چىرايلىق» دېيىشىدۇ تېخى... چىرايلىققا كۆيۈپ ئارماندا قالغان بىچارىلەرنىڭ تاپقان گېپىغۇ ھەممىسى... خۇدانىڭ قارغىشى تەگكەن نېمىلەر... پېشانىمىزغا پەيغەمبەر سۆيگەن بىزدەك ئەركەكلەر كەم تېپىلىدۇ جاھاندا... بىزدەكلەرگە تېگىۋالغان چىرايلىقلار خۇشلۇقىدىن ياغلىقىنى ئاسمانغا ئاتسىمۇ ئەرزىيدۇ.

ئۇ كارىۋات يېنىغا كەلدى. ئايالىنىڭ چېھرىدە يەنىلا كۈلۈمسىرەش.

ئۇنى ئايالى ھامان بوسۇغىدا كۈتۈۋالىدۇ... ئۇنىڭ ئۈستىنى قېقىشتۇرىدۇ... ئايالى جاۋۇردا يېرىم دېگۈدەك سۇ ئېلىپ كەلدى...

- تىزلىرىغىچە يۇسىلا...

- ئەكەلسىلە، مەن ئېرىنىۋېتەي...

- باشلىرىنى ياستۇقتىن ئېگىزرەك چىقىرىپ ياتسىلا، بويۇنلىرى ئاغرىپ قالمىسۇن يەنە...

- ئازلا تەخىر قىلسىلا، ئىسسىقلا بىر تەخسە سېلىپ بېرەي...

مەززىلىك قورۇمىنىڭ پۇرىقى...

ئۇ پىيالىدىكى ئاش سۈيىدىن ئوتلاپ ھۇزۇرلىنىپ كېكىرىۋەتتى...

- خوتۇنىڭلىنىڭ قولى بەكلا تەملىك جۇما! بىزنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەتكەن پولۇرى سەي بولالمايدىكەن بۇنىڭ ئالدىدا.

- خوتۇن دېگەن ئەرگە بېقىپ بولىدۇ، ئاداش!...

- خوتۇنىڭلىنى شاگىرتلىققا بېرىڭلا بولمىسا...

- ھا... ھا...

- بىزنىڭ خوتۇن سىلىنىڭ خوتۇنىنى تەربىيىلەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بەرسەكمۇ ئۈلگۈرىمىزغۇ تېخى؟...

ئىلگىرى ئاشپەزلىكمۇ قىلىپ باققانمىدۇ - يە؟... ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. مېنى ئاشپەز خوتۇننى ئاپتۇ، دېسە بۇ سەتچىلىكنى...

ئۇنىڭ ئېسىدە: بىرىنچى خوتۇنىنى تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەلمىگىنى ئۈچۈنلا تالاق قىلدى. ئۇ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ، بوغجىملىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرغۇزۇپ ئىشىكتىن چىقارغاندىن كېيىن، يا قولىنىڭ تەمى يوق شور پېشانىسىنىڭ قولىنى چاتىرىقىغا قويۇپ ياتامدىكىنە - يا؟... دەۋېتىپ يېنىك ئۇھ تارتقان...

خوتۇن دېگەننىڭ ئاش - تاماققا قولى كەلمىسە، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ سېغىنىپ ئىچىدىغان كالا بولمىسا يا ئۇ، ئۆزىگە قىلدى بىچارە، ئىككى ئايلا خوتۇن بولۇپ... سوپپىيەك دېگەنچۇ، تېخى ئۆزىنى سوفىيە دەپ ئاتىۋالىدۇ. تېگى پەس، ھە دېسە نوچىلىق...

ئىككىنچى قېتىم ئەمرىگە ئالغان خوتۇنىنىڭ ئېتى - سوفىيە ئىدى. ھە دېسە قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ يۈرۈش... بىر ئەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنى بىلىپ يۈرسىچۇ بەتخۇي... دېگەندەك بىر تالاي

قوسۇرلىرى بىلەن خېتىنى بەردى. بىر مەزگىللىكچە سوفىيەنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە باياشات سۇرتۇلگەن يۈز مېيى، قېلىن قاشلىقلار، سۇرمىلەر، قېنىق بويالغان لەۋلەر... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. ھەر قېتىم شۇلار كۆز ئالدىغا كەلگەندە، تىتاڭ تومۇرلىرى شاپشىيدۇ ئۇنىڭ... شۇنداقتىمۇ ئالدىدىكى كارىۋاتتا شېرىن ئۇخلاۋاتقان ئايالىغا بىلدۇرمەي ھەر ئايدا 50 يۈەن بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنى كونا ئايالى سوفىيە بىلەن ئۆزىلا بىلىدۇ.

بىكاردىن - بىكار ئىككى بالىنى يېتىم قىلدى... ھەي... شۇ ئىككى بالىنى بېقىش ئۇنىڭغا ئوڭايمۇ؟... ئۆز ۋاقتىدا مەندەك بىر ئېرىگە شۈكۈر قىلغان بولسا، ئۆزىگە بۇ ئىشمۇ يوق... كۈندەشلىك قىلىۋاتىسەن، ۋەھاكازا... دەيدۇ تېخى قىلغىنى بىلەن ھېسابلاشماي...

سەھرادىنمۇ مۇشۇنداق قاملاشقان مەزلۇملار چىقىدىكەن. شەھەرنىڭ سەتەڭ نېمىلىرى شۇنچە چىرايلىق كىيىنىپ، قاشلىرىغا سۇرمە تارتىپ، يۈزلىرىگە ئاق ئۇن چاچقاندەك ئۇپا سۈركەپ يۈرسىمۇ سەھرادىن كەلگەن بۇنداق خوتۇنلارغا يېتىشەلمەيدۇ...

نېمىشقىدۇر ئۇ ئايالىغا بۇگۈنكىدەك دىققەت قىلىپ باقمىغان، ئايالىنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىپ باقمىغان... ئادەملەر شۇنداق يارىتىلغان مەخلۇق ئوخشايدۇ. بەزىدە ئۆز يېنىدىكى نەرسىنىڭ قىممىتىنى كېچىكىپ ھېس قىلىدۇ، ھەتتا مەڭگۈ ھېس قىلالمايدۇ...

ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خوتۇنلىرى بۇ خوتۇنىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشكىمۇ يارىمايدىكەن...

ئۇنىڭ تېخى تۈنۈگۈنكىدەك ئېسىدە تۇرۇپتۇ، ئايالى بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ، كۆپ ئۆتمەي ئىشداشلىرى ئۇنىڭدىن:

– پەرى ئەكىلىۋاپسەنغۇ پەرى، نەدە چوڭ بولىدىكەن بۇنداق گۈزەللەر؟– دەپ سورىغان. ئۇ گېزىت قەغىزىگە ئورىۋالغان موخۇركىسىنى بىر نەچچىنى شورىۋەتكەندىن كېيىن، ئىستا چەمبىرەك ھاسىل قىلىۋېتىپ، ئۇلارغا قاراپ:

– ھېلىمۇ چوڭ ئانامنىڭ كۆزى بار ئىكەن جۇمۇڭلار، تۇغقانلار كۆرسەتكىنىنى ياراتماي، مانا مۇشۇ خوتۇننى ئېلىپ بەردى. شەھەر دېسە چوڭ بىلىدىكەن ئەمەسمۇ سەھرالىق دېگەن. بۇ شەھەردە ئىشلەيدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇتى تۆت بولدى. غاچچىدە ئاددىيلا تويى قىلىپ ئەكىلىۋالدىم، – دەپ جاۋاب بەرگەن.

مانا ھازىر شۇ خوتۇن ئىككى بالىغا ئانىمۇ بولۇپ قالدى.

ئۇ ئايالىغا قارىغىنىچە خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇشتۇمتۇت ئورنىدىن تۇرۇپ، جايىدىلا تۇرۇپلا قالدى. ئەجەب كۈلۈپ ياتىدىيا - بۇ؟ ئادەتتىكىغۇ مېنى كۆرگەندە شۇنداق كۈلىدىغان، ئۇخلاۋېتىپمۇ كۈلۈپ ياتقىنىنى، كۈلۈپ يېتىشىدا چوقۇم بىر گەپ بار. يېپىنغان يوتقىنىنى ئىككى قېتىم تارتىپ قويدۇم - تېخى... ئۇنى ئىختىيارسىز سوغۇق بىر سېزىم چۇلغىۋالدى. مەن بار چاغدىغۇ ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ، بازارغىمۇ ئۆزۈم ھەمراھ بولۇپ بارىمەن. مەن يوق چاغلاردا... ئۇنىڭ كۆزلىرى چوڭ - چوڭ ئېچىلدى... كۈلۈپ يېتىشىدىن قارىغاندا... ئۆي ئايالى دېگەننى... مۇشۇنداق چىراي بىلەن...

ئۇنىڭ يادىغا چوڭ ئانىسىنىڭ نەسىھىتى چۈشتى. بىر كەچلىكى چوڭ ئانىسى ئۇنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئورۇق، قېتىشقان قوللىرىدا ئۇنىڭ قوللىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

– ئوبدان ئوغلۇم، ياشلىرى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالدى. ئاپىلىرى رەھمەتلىك بولغان بولسىغۇ ئىشىنىڭ يولىنى بىلەتتى. ئىككى ئۆيلۈكمۇ بوپقاللا، ئەمدى ئاجرىشىپ يۈرسىلە، ئۆزلىرىگىمۇ سەت، بىزگىمۇ...– دېگەندەك سۆزلىرىنى قايتا تاپىلىغان.

بۇمۇ تېخى ھالىغا باقماي، ئوتىياش ئالغىلى چىقسىمۇ كىيىملىرىنىڭ نوچىسىنى كىيىپ چىقىدۇ. چاچلىرىنى تاراپ، ئەينەككە قاراپ كېتىدۇ تېخى... مەن يوق چاغلاردا... شەھەرلىكنىڭ ئۇرۇقىدىن بوپقالغان بولسىغۇ ئىشىنىڭ چوڭى بار ئىكەن... ئاخشاملىرى يوتقانغا كىرسە بەدەنلىرىدىن، چاچلىرىدىن ئەتىر پۇرايدۇ، كىچىك بالىلاردەك ئەركىلەشلىرىچۇ تېخى. ئەگەر مۇشۇ پېتى قويۇۋېتىدىغان بولسام، – ئۇنى غەيرىي بىر كۈچ قاتتىق يۇلۇپ تارتقاندەك بولدى، – رەھىم نەس تېلېۋىزور كۆرگەننى باھانە قىلىپ، دائىم ئۆيگە كىرىۋالىدۇ. ئۇ دېگەن چىرايلىق خوتۇنلارنى كۆرسە جېنىنى ساتىدىغان نېمە... ئىككى بالىغا دادا بولۇپ سالاپەتلىك يۈرگەندەك قىلغان بىلەن... شۇنىڭدىن ھەزەر قىلمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ھەي!... رەھىم نەس...

رەھىم نەس ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

كۆزلىرىدە شەھۋانىي ئۇچقۇن... ئۇنىڭ ئايالىغىلا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاستىرتتىن يوشۇرۇن قارايتتى. ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

بۇنداق چىرايلىق خوتۇنغا كىمنىڭمۇ، قايسىبىر ئەركەكنىڭمۇ كۆزى چۈشمىسۇن؟... ئۆزۈممۇ بۇرۇنقى ئىككى پەسەندىنى چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈنلا خوتۇنلۇققا ئالغان ئەمەسمىدىم؟... ئۆزۈمگە توۋا...

بۇ سىر ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق. ھېچكىمگە ئاشكارىلانمىسۇن. ئۇ يالغان ئېيتمايدۇ. راست، مەڭگۈ ئاشكارىلانمىسۇن. بۇ سىر يەرلىكىگىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كىرىپ كەتكىنى ياخشى. چىرايلىق ئاياللارنى خوتۇنلۇققا ئېلىش جىنايەت ئەمەس. كىتابلاردىمۇ «چىرايلىق ئاياللارغا ئۈچ قەدەم نېرىدا تۇرۇپ قاراش - ساۋاب» دەپ يېزىلغان. زۇلەيخانىڭ بارماقلىرىنىڭ توغرىلىنىپ كېتىشىگىمۇ يۈسۈپنىڭ چىرايلىقلىقى سەۋەب بولغان. ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، دۇنيادا ھەممىسى قارشى جىنسنىڭ چىرايلىقلارغا باغلىنىدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇ گادىرماچ ئويلار بىلەن ئايالىنىڭ يېنىغا كىرىپ ياتتى - « بۇ خوتۇن ياز كۈنلىرى تېخى ئىچىگە بەدەنلىرىنى قىسىپ تۇرىدىغان تار مايكىلارنى، ھەممە يېرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نېپىز كۆڭلەكلىرىنى كىيىۋېلىشقا ئامراق... سەمەرقەند قوچقىرىنىڭ قۇيرۇقىدەك سېمىز ساغرىسى ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ... كۆكسىلىرىچۇ تېخى... ماڭا قاراپ كۈلسىغۇ مەيلى... بىراق ... باشقا ئەرخەقلەرگە... مۇشۇ چىراي بىلەن... ئوخلىسىمۇ كۈلۈپ ياتىدۇ - يا؟

ئەجەب كۈلۈپ ياتىدۇ - يا...

ئۇنى ئايالى ئويغاتقانىدى.

- يۇرسىلە، مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ بىردەم ياتسىلا، بەكلا زېرىكىپ كەتتىم.

ئۇ ئايالىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئايالى ئۇنى قولىدىن يېتىلىدى:

- مەن كىرىپ ئورنۇمنى راسلىغاچ تۇراي، كەينىمدىن كىرىۋەرسىلە.

ئايالى ئۇنى كەينىدە قالدۇرۇپ ھۇجرىسى تەرەپكە ئىلدام مېڭىپ كەتتى.

ھۇجرىنىڭ ئىشىكى يېپىقلىق ئىدى، ئۇ ئىتتەردى، ئېچىلمىدى. ئايالى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغانىدى؛ ئۇ شۇنداق چۈشەندى. دېرىزىدىن كىرسەممۇ بولىدىغۇ... ئۆيىنىڭ ئىشىكى يوق چاغدىمۇ دېرىزىلەردىن كىرىپ - چىقاتتۇق ئەمەسمۇ...

ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئايالى دېرىزىلىرىنىڭ ھەممە پەردىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

ئۇ پەردىلەرنى تارتتى، پەردىلەر قىمىر قىلىپمۇ قويمىدى. ھۇجرىدىن پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىش ئاڭلاندى. ئۇ قۇلىقىنى پەردىگە يېقىن ئەكىلىپ پىچىرلىشىشلارغا قۇلاق سالدى. بۇ شەك - شۈبھىسىزكى، ئايالىنىڭ ئاۋازى. ئەرلەر ئۆز ئايالىنىڭ ئاۋازىنى سان - ساناقسىز ئاياللارنىڭ خور ناخشىسى ئارىسىدىنمۇ پەرقلەندۈرەلەيدۇ. بۇ ئەرلەرگە خاس ئەۋزەللىك. يەنە بىرى كىمدۇ؟

ئۇ پەردىنى بىر تەرەپكە تارتتى. پەردە مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ھۇجرىدىكى پىچىرلىشىش ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈپ، بىتاقەت قىلىۋەتتى. ئۇ بار كۈچى بىلەن پەردىنى بىر ياققا تارتتى. ئادەتتە قول تېگىپ قويسىلا ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىدىغان پەردە بۈگۈن نېمە بولدىكىن؟ ئۇنىڭ زەردىسى قايندى. ئۆز ئۆيىنىڭ پەردىسى ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتسا، ئۇ ئاچچىقىدا پەردىنى قاتتىق بىر سىلكىدى. پەردە قۇش كەشتىلەنگەن يېرىدىن يىرتىلىپ كەتتى! ئايالى كەشتىلىگەن قۇشنىڭ كۆزىدىنلا يىرتىلىپ كەتتى!...

ئۇ پەردىنىڭ يىرتىقىدىن ئايالىنىڭ كارىۋىتىغا قارىدى، پەردىنىڭ يىرتىقىنى ئىنچىكە، بىر - بىرىدىن ئۆزگىچە شوينىلار توسۇۋالدى.

قۇشنىڭ يىرتىق كۆزلىرى ئۇنىڭغا قاش ئېتىپمۇ قويياتتى.

شوينىلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ سورۇنىغا تەكلىپ قىلىشتى.

ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدىن تارتتى.

ئۇ ئۇلارغا بىر ھومىيىپ قويۇپ، كۆزىنى قولى بىلەن توسۇۋالدى.

ئۇ بىردىنلا ئۆي ئىچىدىكى كارىۋىتىغا ئۇلتۇرۇپ قالغانلىقىنى سەزدى.

ئايالى ئۇنى يېنىغا چاقىرغىلى نەۋاخ...

ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

ئۆيىنىڭ تورۇسىدىن ئايالى يېتىۋاتقان كارىۋاتقا قارىدى.

ھۇجرا قالايمىقان كۆرۈندى.

ئايالىنىڭ سايىسىمۇ يوق. ھېلىلا ئايالى كىرىپ كەتكەن ھۇجرا مۇشۇ. خوتۇنىنىڭ مەن بىلەن مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئوينايدىغان خۇيى بار ئىدى. مەيلى ئىختىيارىچە ئوينىۋالسۇن.

ئۇ تورۇسقا ئۆمىلەپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ تورۇستا مىڭبىر بالادا ئۆمىلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى دېرىزىنىڭ سىرتىغا چىقىۋالدى.

ئۇ كۆزىنى پەردىنىڭ يىرتىقىغا يېقىن ئەكەلدى. كۆزى پەردىنىڭ يىرتىقىغا كەپلىشىپ قالدى.

ئاھ! شەرمەندىچىلىك!... ئادەملەر دۇنياسىدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىردىنبىر شەرمەندىچىلىك!

ئۇ پەردىنىڭ يىرتىقىغا كەپلىشىپ قالغان كۆزلىرىدە قاراپلا قالدى. ئىككى قولى پەردىنىڭ يىرتىلغان ئارىلىقىنى، قۇشنىڭ يىرتىق كۆزلىرىنى ئىككى تەرەپكە تارتىپ تۇراتتى.

كۈندە ئايالى بىلەن بىرگە تۈنەيدىغان قوش كىشىلىك لەيلىمە كارىۋات. كارىۋات ئاستىدا ئىككى جۈپ ئاياغ، ئاياغلارنىڭ ئۈستىگە پايپاقلار قالايمىقان تولۇپ كەتكەن. ئۇ كارىۋاتقا قاراپ قېتىپلا قالدى: كارىۋاتتا زور مۆجىزە.

ئايالى ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى. قاراپ كۈلۈشكە باشلىدى.

- قاراڭ رەھىم، ئۇنىڭ شۇمشىيىپ تۇرغىنىنى.

- ھا...ھا...ھا...

ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، چېچىنى پۇراپ ياتقان رەھىم ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلكە ئۇنىڭ كۆزىنى ئاغرىتىۋەتتى.

- كارىڭىز بولمىسۇن جېنىم، - رەھىم ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ مەھكەم قۇچاقلىدى، يۈز - كۆزلىرىگە سۆيدى.

ئۇ رەھىمگە ئەركىلەيتتى، بەدەنلىرىنى كۆرسىتەتتى.

ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئۇنىڭ پەردىنىڭ يىرتىقىدىن قاراپ تۇرغىنىغا ئېرەن قىلمىدى. ئۇلار سۆيۈشەتتى، قۇچاقلىشاتتى، بىر - بىرىنى مۇجۇقلىشاتتى، ئېغىنىشاتتى...

ئۇ چىدىمىدى.

ئۇ پەردىنىڭ يىرتىقىنى كۆچەپ يىرتتى. مىڭ تەستە ئاران بېشىنى تىققۇدەك يىرتىلدى. يوچۇقتىن بېشىنى كىرگۈزدى. ئالدىغا دېۋەيلەپ ئېتىلدى. كەپلىشىپ قالغان كۆزىمۇ ئارام تاپقاندەك بولدى. پەردە قىمىرلاپمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ بويىنىنى پەردىنىڭ قىرلىرى ئېچىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ھەدەپ كۆچەيتتى. يوچۇقنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇناتتى، ئالدىغا ئېتىلاتتى. كۆزلىرى كارىۋاتتىن ئۈزۈلمەيتتى. كارىۋاتتا ئايالى رەھىم بىلەن ئانىدىن تۇغما ھالەتتە، قىپيالىڭاچ...

ئۇلار تۇيۇقسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ، ئۇ تەرەپكە خۇشال كۈلۈشكىنىچە كېلىشتى...

ئۇ تونۇيدىغان رەھىم. قوشنىلىرىمۇ تونۇيدۇ. ياشىرىپ ياپپاش يىگىتنىڭ ئۆزىلا. ئېگىز بۇرۇنلىرى ئاستىدىكى چىرايلىق بۇرۇتلىرى، كەڭ، تەمبەل بەستى، تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان قوش بىلىكى، راست! رەھىم ياشىرىپ قالغان. ياغاق يۈزلىرىدىكى ساقىلىدىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇرا كۆزلىرى ئۆزگەرگەن، پەرىشتىلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان كۆزگە ئۆزگەرگەن. رەھىمنىڭ بۇ كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپلا تۇرىدۇ. ئۇ يۇلۇنى ئۈزۈلگەن ئادەمدەك دوڭغاقشىپ ماڭىدىغان رەھىم ئەمەس، قامەتلىك، قىران يىگىت - رەھىم!

رەھىم ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ ئايالىنى ئۆزىگە مەھكەم يېپىشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتىدۇ، ئايالىنىڭ مەڭزىلىرىدە، كۆزلىرىدە، لەۋلىرىدە، قاش - كىرپىكلىرىدە، بويۇنلىرىدا... ھەممە ئەزايىدا ئادەم زاتىدا كۆرۈلمەيدىغان كۈلۈمسىرەش! مەڭگۈ كۆرۈلمەيدىغان... ئايالىنىڭ بەدەن - بەدىنىدىن كۈلكىلا يېغىپ تۇرىدۇ، مۇشۇلار بىلەن ئۇنى ھەزىل قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى بىچارىلاشتۇرۇۋاتىدۇ.

ئايالى ھەدەپ كۈلەتتى...

رەھىم بىر قولىدا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بېلىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلىپ توختىدى.

- يۈزسىز ئىپلاسلار! پاسكىنىلار...

ئۇنىڭ ئاۋازى تەرەپ - تەرەپتىن سادا قايتۇردى.

- يۈز...سىز ئىپلا...سلار...پاس... كىنىلار...

ئۇلار يەنىلا ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشكىنىچە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى.

رەھىم بىردىنلا ئۇنىڭ گېلىدىن بوغدى. ئايالى پەردىلەرنىڭ يوچۇقىنى تارايتىشقا

باشلىدى.

رەھىم ئۇنىڭ گېلىنى چىڭ بوغقىنىچە دېرىزە تەرەپكە سۆرىدى. ئايالى ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن كۆتۈردى، — مانا ئەمىسە!

ئۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن ئاجراپ بىنا دېرىزىسىدىن پەسكە موللاق ئاتقىنىچە ئۇچتى. تۆۋەن تەگسىز قاراڭغۇلۇق...

زېمىن كۆزگە چېلىقىدىغاندەك ئەمەس...

ئۇ تۆۋەنگە شۇڭغۇماقتا... ئاھ!...

ئۇ ياتقان يېرىدىن چاچراپ قوپتى. يۈزلىرىدىن تەر چىپىلداپ قۇيۇلاتتى. بەدىنى ھەدەپ جۇغۇلدايتتى، چىشلىرى... ئۇ يېنىدا ياتقان ئايالىغا چۆچۈپ قارىدى. ئۇ باياتىنقىدەكلا ياتاتتى. يۈزىدە يەنىلا شۇ ئەسەبىي كۈلۈمسىرەش!

— يۈزسىز جالاپ! — ئۇ پەس ئاۋازدا ئايالىغا قاراپ ئاچچىق ئېيتتى. دېرىزىگە قارىدى، پەردىلەر ئۆز جايىدا.

ئۇنىڭ چىشلىرى قاتتىق كىرىشتى، پۈتۈن بەدىنى توختىماي تىترەيتتى، ئۇ ئورنىدىن تەستە تۇردى، ئۇ ماغدۇرسىزلانغان. ئايىغىنى پۇتىغا سايقاچ ئايالىغا قارىدى، چىرايى تۇرۇلدى.

ئايالىنىڭ تاتلىق تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ يۈزى ئۇنىڭ روھىنى قىيناۋاتىدۇ. خۇددى بىراۋ ئۇنىڭ يۈرىكىنى يىڭنە بىلەن تېشىپ قېنىنى شوراۋاتقاندەك قىيناۋاتىدۇ...

ئۇ ئۆي ئىچىدە بىردەم ھەيكەلدەك جىملا تۇردى. بىردەم ئۇۋۇسىنى ئىزدەۋاتقان چۈمۈلىدەك ئۇياق - بۇياققا ماڭدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە — تۆشەكتە ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ئۇخلاۋاتقان ئايالىنىڭ ئاشۇ كۈلۈمسىرىشى جاۋابكار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقان ئاشۇ كۈلكىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن.

چۈمبەل تارتقۇزايمۇ؟... ئۆيدىن تالاغا چىققاندا چۈمبىلىنى تارتىۋالسۇن. ئۆيگە ئەر مېھمان كىرگەندىمۇ چۈمبىلىنى تارتىۋالسۇن. بولۇپمۇ رەھىم نەس... ئېشەك... مۇناپىق جوھۇت... ئۇ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئايالىنىڭ يۈزىگە قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىغا ئاچچىق ئەلەم ئارىلاشقانىدى. موللىلىرىمىزنىڭ خوتۇنلىرى چۈمبەل تارتىشىپ يۈرمەمدۇ - ئەنە... چوڭ ئانامنىڭ قوشنىسى ئايشە قۇشناچىممۇ ھاسا تۇكۇلدىتىپ ماڭىدىغان ھالغا كېلىپمۇ چۈمبەل تارتىپ يۈرمەمدۇ؟... رۇسۇل موللامنىڭ يامانلىقى - دە، ئۇ... ئۇغۇ ياشلىقىدا تازا ئۇچىغا چىققان ئويۇنچى سېكىلەككەنمىش...

ئەلۋەتتە، بۇمۇ دۇرۇس. چۈمبەل تارتىش ھاۋا ئانامنىڭ زامانىسىدىن بولۇپ كېلىۋاتقان يوسۇنغۇ؟ خوتۇن - قىزلارنىڭ پاك يۈزلىرىنى، كۆزلىرىنى ھارام كۆزلەرنىڭ نەزەرىدىن ساقىيت قىلىش ئۈچۈن كونىلىرىمىز چۈمبەلنى يارانتقان. ئەسلىدە ئەرگە تەگكەن ئاياللار ئۇياقتا تۇرسۇن، بالاغەتكە يەتكەن قىزلارنىڭ ھەممىسىدە چۈمبەل تارتىش زۆرۈرىيىتى بولىدىغان. ھەر - ھەر چوڭ موللىلىرىمىزنىڭ، مەخسۇملىرىمىزنىڭ ئاياللىرى، كېلىنلىرى، ھەتتا قىزلىرىمۇ چۈمبەل تارتىشىپ يۈرۈشمەمدۇ؟

ئۇ رۇسۇل موللامنىڭ قولىدىكى ئايشە قۇشناچىمنىڭ بۇرۇن چۈمبەل تارتماي يۈرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. راست، ئايشە قۇشناچىم بالدۇرقى ئەرلىرىنىڭ نىكاھىدىكى چاغدا چۈمبەل تارتماي يۈرەتتى. ئۇ ئايال ياشلىقىدا تازا ئوينىۋالدى، يايرىۋالدى. ياشلىقنىڭ لەززىتىنى تېتىۋالدى. ئەمدى ياشانغاندا خۇدا كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ چۈمبەل تارتىۋاپتۇ. چۈمبىلى بۇرۇنقى چۈمبەلسىز يىللاردىكى شوخلۇقلىرىنىڭ، كەم ئەقىللىقلىقىنىڭ ئىزنالىرىنى يېپىۋېتەر...

ئۇ ئايالىنىڭ يۈزىگە قارىغىنىچە باياتىنقى ئاچچىق ئەلەم دەستىدىنمۇ، باشقا سەۋەبتىنمۇ قوشۇمىسىنى تۇردى. كۆڭلى بىر قىسىملا بولدى. نېمىشقىمۇ ئويلىمىغاندىمەن، بۇ شەھەردە كىمنىڭ چۈمبەل تارتىپ يۈرگىنىنى كۆردۈم؟ چۈمبەل تارتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەدەنلىرى مانا مەن، دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كېيىملەرنى كىيىشىپ يۈرمەمدۇ بۇ يەرنىڭ خوتۇن خەقلىرى؟ ياز كۈنلىرى تاس قالىدۇ تېخى كىيىم كىيمەيلا يۈرگىلى، خۇدا ساقلىسۇن ئۇنداق خوتۇنلار بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قېلىشتىن. جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بارغانچە... يېزا - سەھرا بولغان بولسىغۇ ئىشنىڭ يولى تازا ئوبدان قاملىشاتتى...

ئەزەلدىن بويسۇنۇشنى مۇقەددەس مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ئۆزىنىڭ جىسمىغا، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا، ھەۋىسىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدۇ. يۇمران يۈرىكىدە بىخلانغان نازۇك ھېسلىرىنى ياشىسىز يىغىسىنىڭ، ئېغىر - ئېغىر خۇرسىنىشلىرىنىڭ، دەردلىك سۈكۈتلىرىنىڭ

ئاستىغا دەپنە قىلىنىۋېتىش بىلەن ئاراملىنىدۇ، ئۇلار گويا بۇ دۇنيانىڭ ئۆزگىمۇ تەئەللۇق ئىكەنلىكىدىن، تەڭرى ئۆزگىمۇ بىر كىشىلىك ئوڭ پېشانە ئاتا قىلىغانلىقىدىن خەۋىرى يوقتەك، ئويلىمايدىغاندەك ياشاۋېرىدۇ، ئاتا - ئانا، ئەر، جامائەت كۈچى - بۇلار ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى. ئۇلار بۇلارنى ھەقلىق دەپ سانىشىدۇ...

شۇنداق پۇرسەتلەر كېلىپمۇ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇ شەھەر، بۇ شەھەرلەردە ئوقۇيدىغان تۇغقانلىرى، دوستلىرى، بۇرۇن بىرگە ئوينىغان ھەمراھلىرى ئۇلارنى يوقلاپ، ئىزدەپ كېلىشىدۇ. ئۇلار ئۇلارغا يېڭى - يېڭى پاراڭلارنى قىلىپ بېرىشىدۇ. جاھان تېخى مۇنداق ئىكەنغۇ، جاھاندا تېخى مۇنداق يېڭىلىقلارمۇ بار ئىكەنغۇ، دەپ قېلىشىدۇ ئۇلار. ئۇلارنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆيدىكى چوڭلارنىڭ تاپىسى، تەنىسى:

- تۇۋا، كاپىرنىڭ پۇشتىلىرىلا بولۇپ كېتىپتۇ، ياغلىقنى بولسىمۇ ئارتىشىپ يۈرسىچۇ...

- نۇرمان خېنىمنىڭ قىزىغۇ ھېلىقى قونچاقتەك ياسىنىۋالغان؟ نۇرمان خېنىممۇ كارامەت ئەقىدىلىك خوتۇن. بۇ قىزغا نېمە بولدىكىنتاڭ...

- جاھاندا ئۇششاق بالىلار نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن...

- ئۇنداق ئەخلاقسىز نېمىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشما قىزىم.

- باردى - كەلدى قىلىشما خوتۇن...

جاھاننىڭ ساخاۋىتى شۇ بولسا كېرەك. يەنە شۇ سەھرا، يېزا... ئىشنىڭ يولى تازا ئوبدان قاملاشمىغان قاملاشاڭغۇ سەھرا!...

«نېمىلا بولسۇن، ئۇنىڭ يۈزىنى - ئاشۇ يۈزىنى خەقلەرگە، بولۇپمۇ ئەر خەقلەرگە كۆرسەتمىگىنىم تۈزۈك. مۇشۇنچىلىك ئىش قولۇمدىن كەلمىسە، كىم قويۇپتۇ ماڭا ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان بۇ خوتۇنغا ئەر بولۇپ يۈرۈشنى...» ئۇ جايىدا بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇردى. كۆز ئالدىدا...

ئۇ كۆمۈر چوغىدا قىپقىزىل قىزارتىۋېتىلگەن لاخشىگىرنى ئېلىپ كىردى. لاخشىگىردىن كۈچلۈك ئوت تەپتى كېلەتتى. ئۇ ئۇنى ئۇخلاپ ياتقان ئايالىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى، ئېلىپ كەلدى - يۇ، جايىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. ياق... ياق... بۇ مۇمكىن ئەمەس...

كىسلاتا!

دەل كىسلاتانىڭ ئۆزى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا يۈزىگە كىسلاتا چاچراپ كېتىپ دوختۇرخانىدا ياتقان روزەك مۇئەللىم كەلدى...

ئۇنىڭ ئېسىگە سول تام قوشنىسى ھېزىماخۇن ئۆزىگە ساقلاپ بېرىشكە ئامانەت قويغان كىسلاتا كەلدى. ئۇ جايىدا بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆيگە تەرەپكە بۇرۇلدى.

ئۇ چىققاندا ئايالى ئويغۇنۇپ كۆزلىرىنى خۇشياقمىغان ھالدا ئۇۋۇلاپ ياتاتتى.

- ياتماپلا؟

- ھە، ھە...- دۇدۇقلىدى ئۇ.

- مىجەزلىرى يوقمۇ - يا؟

- ھە؟ مىجەزىم جا... يىدا...

ئۇ يەكتىكىنى سېلىۋېتىپ كارىۋات يېنىغا كەلدى.

ئۇ ئايالىنىڭ يېنىدا ياتماقچى بولدى. بولدى - يۇ، پۈتۈن بەدىنى غۇژژىدە سىلكىندى...

ئۇنىڭ بىرگە ياتماقچى بولغىنى - ئۆزىنىڭ ئايالى ئەمەس. ئۇ بىرگە ياتماقچى بولغىنى - بىر پاھىشە! ئۇياتسىز پاھىشىدەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ ئېسەنكىرىدى. ئۇ ھەقىقىي بىر ئەر تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن ئايالىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن ئىككى بالىغا ئانا بولغۇچى ئايالغا ئىگە بىر ئەر تۇرۇپ بىر بۇزۇق ئايال بىلەن ياتسۇنمۇ؟

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا: ھېلىلا باشقا بىر ئەر بىلەن ياتقان ئايالى، ئۇنىڭ قوشنىسى رەھىم بىلەن ياتقان ئايالى.

ھېلىلا ئىككىيلەن پومداقلاشقان، ئېغىناقلاشقان كارىۋات.

باشقا بىر ئەرنىڭ تېنىگە ھەمراھ بولغان تەن...

ئۇلار ئۇنى قارىتىپ تۇرۇپ سۆيۈشۈپ، يالاشتى، پومداقلاشتى، ئۇنى ئادەم ھېسابىدا، بىر خوتۇننىڭ ئېرى ھېسابىدا سانىمىدى.

ئۇ ئەنە شۇ ئايال بىلەن ئاشۇ ئورۇندا

ياتسۇنمۇ؟

ئۇ ئايالىغا ياتسىراپ قارىدى. ئايالى تازا مۇگدىگەن بولسا كېرەك، يۈزىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ يەنە ئۇيقۇسىنى باشلىدى... ئۇ ئۆرە تۇرۇۋېرىپ تىزلىرى تالدى. بەللىرى ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ ئايالىغا بۇزۇق ئايالغا قارىغاندەك قارىدى.

بىر ئەر ئۆزىنىڭ قولىدىكى بىر ئايالنىڭ يېنىدا ياتالمىسا، يېنىغا بارسىلا توك سوققۇۋېتىدىغاندەك قورقۇپ، يېتىمسىراپ تۇرسا، بۇ...

- ئۇلار چۈش!...- ئۇ يېنىك پىچىرلىدى.

ئۇلار چۈش!... مۇتلەق بىر چۈش...

ئۇ يېنىك بىر تىنىۋالدى. كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ ساپما كەشىنى پۇتىدىن چىقاردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە ئۇلار كېلىۋالدى. ئۇ كەشىنى قويغان جايدا ھېلىلا رەھىمنىڭ كەشى تۇراتتى. ئايالىنىڭ قالايمىقان تاشلانغان پايپاقلىرى ئۈستىدە رەھىمنىڭ پايپىقى تۇراتتى. ئەمدى...

ئۇ كەشىنى ئايالىنىڭ پايپاقلىرىدىن نېرىراق سۈرۈپ قويدى. پايپاقلارغا قاراپ بىر ئالىيىۋالدى.

ئۇ ئايالىنىڭ يېنىغا قورۇنۇپراق كىردى. يوتقان ئىچىدە پۇتى ئايالىنىڭ ئىسسىق پاقالچىقىغا تېگىپ كەتتى. شۇ ھامان تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ پۇتىنى تېزلا تارتىۋالدى. ئايالى بىلەن ئارىلىق قالدۇرۇپ ئوڭدىسىغا ياتتى. ئايالى تۇيۇقسىز ئۇيقۇلۇق ھالدا ئوڭ قولىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا گويا توك سوققۇۋەتكەندەك بىر ھال پەيدا بولدى. ئۇ ئايالىنىڭ قولىنى ئېلىۋەتمەكچى بولۇپ، ئەمدىلا ئاستا كۆتۈرگەندى، ئايالى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن كېلىۋالدى، قولى ئۇنىڭ بوينىغا چۈشتى.

ئىككىيلەننىڭ تىنىقى بىر - بىرىنىڭ تىنىقىغا ئۇرۇلدى. ئايالىدىن خۇش بۇي ھىد تارايتتى. ئايال ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلاشقىنىچە يۈزلىرىنى ئۇيقۇلۇق ھالدا ئۇنىڭ مەيدىسىگە سۈۋايتتى.

ئۇ بىردىنلا ئايالنى باغرىغا چىڭ باستى، چاچلىرىنى پۇراپ قويدى.

بۇ خوتۇن ماڭىلا تەۋە بولۇشى كېرەك، مەڭگۈ...

قوينۇمدا يېتىۋاتقىنى - مېنىڭ خوتۇنۇم. ئۆز خوتۇنۇمنىڭ ئىسسىق تەنلىرى، چىرايلىق يۈزلىرى، قوقاستەك لەۋلىرى مەڭگۈ ماڭىلا تەۋە بولۇشى كېرەك... ئۇ ئايالنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتى... ئىڭىر - ئىڭىر تىناتتى، ئايالى پات - پات پەس ئاۋازدا ۋايساپ، ناز بىلەن ئىڭراپ قوياتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ھاياجاندىن تىترەيتتى...

پۈتكۈل ھايات مۇشۇ خوتۇن بىلەنلا مەۋجۇتتەك، ئۇنىڭ مېڭىسىگە، ئەس - يادىغا مۇشۇ خوتۇنلا ئورناشقان. ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا پەقەت مۇشۇ خوتۇن بىلەنلا مەۋجۇت. بولمىسا... ئۇ ھەۋىسىنى قاندۇرۇپ بولۇپ، خوتۇننى ئەستە ئۇخلاتتى، ئۇنىڭ ئۆزىگە يىلاندەك چىرماشقان نازۇك قوللىرىنى ئاجرىتىپ، ئەركىن ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆينىڭ تورۇسىغا قادالغان - ياق، چوقۇم شۇنداق قىلىشىم كېرەك. پەقەت مۇشۇ بىرلا يول... باشقا ئەركەكلەر... بولۇپمۇ رەھىم نەس ئۇنىڭغا ئالىيىپ كۆز سالغان گەپ... چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈنلا... ئۇ دەلدۈش مېنىڭ نېسىۋەمگە چاڭ سالماقچى... ئۇ لامزەللىمۇ ئىككى بالىسىنى يېتىم قىلىپ... خوتۇننىڭ مۇشۇ چىرايىلا ئەركەكلەرنى ئۆزىگە تارتقان، چوقۇم... مۇشۇ چىرايى يوقالسۇن... بولۇپمۇ مۇشۇ چىرايى بىلەن ھېجىيىپ يېتىشلىرى... سېنى ئەركەكلەر ئىككىنچى كۆز سالمايدىغان قىلىۋېتىمسەم...

ئۇ يوتقاندىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقتى. ئايالغا قاراپ يالىڭاچلا ئۆرە تۇردى. ئايالى ئاۋۇالقىدەكلا يەنە چۈش كۆرۈۋاتامدۇ - نېمە، مەڭزلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى قىزىرىپ كەتكەن. ئۇ بۇ قىزارتمىلارنىڭ باياتىنقى قېنىپ - قېنىپ سۆيۈشنىڭ ئىزلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لەۋلىرىدە - ھېلىلا تويماي - تويماي يالىغان، قانغۇچە شورىغان لەۋلىرىدە كۈلۈمسىرەش! چوقۇم مەن ئۆيدە يوق چاغلاردا ئۇچراشقان ئەركەكلەر بىلەن ئۇچرىشىۋاتىدۇ. بولمىسا مۇنچە كۆپ ھېجىيىپ ياتامدۇ خوتۇن كىشى دېگەن، كالپۇكلىرىنى يالاپ قويغىنىنى

قارىمامدىغان... چوقۇم باشقا ئەركەكلەر بىلەن سۆيۈشۈۋاتقان گەپ. بولمىسا... ھۇ پەسكەش ئامرىقىم... چىرايلىق پاقلىنىم... سەنمۇ ئۆزۈڭگە قىلدىڭ. بالانى ئۆزۈڭ تاپتىڭ... نېمىشقىمۇ ئادەتتە چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ ياتمىغاندىمەن؟ بۇ بۇزۇقنىڭ كېچىدىكى پەسكەشلىكلىرىنى، ئىپلاسلىقلىرىنى بالدۇرراق سېزىۋالالايدىكەنمەن... تېخى باياتىنلا قۇلىقىمغا «چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا...» دېگىنىچۇ، ھۇ... نېمە دېسەم بولار... باشقا ئەركەكلەر بىلەن ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىدەك يالىشىۋاتقىنىنى ئېرىم كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپتۇ - دە، جالاپنىڭ قىزى... ئۆزىنىڭ ئاشۇ چىرايىغا ئىشەنگەن گەپ... خەپ، ئەمدى چىرايىغا ئىشەنگىنىڭنى بىر كۆرەي... مېنى قاراڭغۇزۇپ قويۇپ كالپۇكلىرىڭنى يالىغىنىڭنى بىر كۆرەي... مۇشۇ قارغىش تەگكۈر كالپۇكلىرى بىلەن مېنىمۇ يالايدۇ - تېخى... تۇۋا، پەرۋەردىگارىم... بالىسىنىمۇ يالاشقا ئامراق... ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختاپ ئايالىغا قارىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەيتتى. بەدەنلىرى لاغىلدايتتى. پۇتلىرىدا جان قالمايۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

ئۇ، بۇ ساراسىمىلەر، لاغىلداشلار، جانسىزلىنىشلار بەدىلىگە ئۆمۈرلۈك كۆڭۈل تىنچلىقىغا ئېرىشمەكچى. ئادەملەر شۇنداق كېلىدىغان ئوخشايدۇ، بىرىنى يوقىتىش ھېسابىغا بىرىگە ئېرىشىدىغان، بىرىدىن مەھرۇم بولۇش بەدىلىگە يەنە بىرىدىن بەھرىلىنىدىغان... ھەرگىز كۆزلىرىگە تېمىتىۋەتمەي، قارىغۇ بولۇپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن... ھە، راست، كالپۇكلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتمىسۇن، كالپۇكلىرى... ھېچقىسى يوق. باشقا ئەركەكلەرنى سۆيىدىغان، يالايدىغان ئاشۇ كالپۇكلىرىدىن كۆرسۇن... كالپۇكلىرىدىن ئۆتۈپ ئېغىزلىرىغا كىرىپ كەتسىچۇ؟... ئۇ چاغدا... خۇدانىڭ ئۆزى بار... ھەرگىز ئۇنداق بولمىغاي، خۇدا ئاسانلىق بېرەر، ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا بالىغا تىكىلدى. بالا شېرىن ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ يۈرىكىنىڭ جىغغىدە قىلغىنىنى سەزدى. پۈتۈن بەدىنى بىر خىل غەيرىي قورقۇنچ ئىچىدە لاغىلدىدى، قوللىرى تىترىدى.

كۆزلىرىگە تۇرۇپ - تۇرۇپ قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى... ئوبدان بالام، جېنىم بالام... سېنى دېسەم... ھەرگىز... بىراق ئامال يوق... ئاناڭ ئۆزىگە قىلدى، جېنىم قوزام... بىلەمسەن؟ ئاناڭ بۇنىڭدىن كېيىن سەندىن تېخىمۇ ياخشى خەۋەر ئالىدىغان بولىدۇ. مەن ھەمراھ بولالمىسامۇ... سېنى ئۆزى يالغۇز باغچىلارغا ئاپىرىدۇ، سۇغا چۆمۈلدۈرىدۇ... چوقۇم... چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ. داداڭغىلا ئەمەس، قوزام... ساڭىمۇ پايدا، جېنىم بالام... ئامال يوق...

ئۇ ئايالىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئايالىنىڭ سۇزۇك مەڭزىلىرىدە تاتلىق تەبەسسۇم. ئاشۇ چىرايلىق مەڭزىدىن ئۆچمەيدىغان تەبەسسۇم! نېپىز لەۋلىرى پات - پات مىدىرلايتتى. خرۇستالدەك ئاپئاق بويۇنلىرى ھەر بىر تىنىقىدا ئىنتايىن زور نازاكەت بىلەن يېنىك تەۋرىنەتتى. كۆكسى يوتقان ئاستىدا بىر كۆتۈرۈلەتتى، بىر پەسىيەتتى.

ئۇ ئايالىغا ئېگىلىشىپ ئېھتىيات بىلەن يوتقاننى قايرىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەممىسى تولۇق ئېچىلدى. يوتقاننى ئۇنىڭ ئۈستىدىن پۈتۈنلەي ئېلىۋەتتى. ئايالى قىيپاش ياتاتتى. تولغان بەدىنى كەھرىۋانىڭ ئۆزىلا. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كرىستالدا قاتۇرۇلغان ئەڭ سېھىرلىك بىر ھەيكەل. ياق، دۇنيادىكى جىمى گۈزەللىكنى ئۆزىگىلا يىغقان پەرىشتە!

ئۇ ئايالىنىڭ بۇنچە گۈزەللىكىگە ئىشەنمىگەندەك، ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. ئولتۇرۇشۇۋاتقان كۆزلىرى چوڭ ئېچىلغانىدى. ئۇ يوتقاننى چاندۇرماي يەنە ئاۋۋالقىدەكلا يېپىپ قويدى.

ئۇ ئايالىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆيگە ئالدىراپ ماڭدى.

ئۇ بىر پەستىن كېيىن بىر بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇپلا قالدى. قولى توختىماي تىترەيتتى، پارتلاش دەرىجىسىگە يەتكەن كۈچلۈك پارتلاتقۇچ دورىنى تۇتۇۋالغاندەكلا تىترەيتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇ بەزگەكنىڭ ئۆزىگىلا ئايلىنىپ قالغان. تومۇرلىرى ئادەتتىكىدىن ئىتتىك سېلىۋاتقانلىقى بىلىنەتتى. كۆكرەك قەپىسى يېرىلاي دەپلا

قالغان. بۇ ئۇنىڭغا مەلۇم: ئۇ ئۆزى دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەرىشتىسىنى هالاك قىلماقچى. ياق، ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆزىنى ئازابلاۋاتقان جىنايەتكار چىرايىنى هالاك قىلماقچى. ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا هالاك قىلماقچى. بۇ هالاك قىلىش - ئۇنىڭ ئۈچۈن هازىرچە كۈچلۈك ۋەهىمە ئېلىپ كەلسە كېلىۋەرسۇن. ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، بۇ قىسقا ۋاقىتلىق ۋەهىمە ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك كۆڭۈل تىنچلىقى ئېلىپ كېلىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، خالاس. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان غەلىبە ئەمەسمۇ؟

ئايالى تۇيۇقسىز ئوڭدىسىغا ئۆرۈلدى. بويۇنلىرىغىچە يېپىنىۋالغان يېلىڭ يونقاننى پۇتلىرى بىلەن كۆكسىنىڭ يېرىمىغىچە تارتىشتۇرۇپ قويدى. بۇ ئۆرۈلۈش - ئۇنىڭ يۈرىكىنى قېپىدىن چىقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. ئايال ئوڭدىسىغا ئۆرۈلگەندە، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن غۇژژىدە تەر چىقىپ كەتتى، ئەڭ يۇقىرى تېزلىك بىلەن قولىدىكى بوتۇلكىنى كارىۋات ئاستىغا قويۇش ئۈچۈن ئېگىشتى. ئۇ ئۆمرىدە هازىرقىدەك قورقۇپ باقمىغان. بۇ ئۆرۈلۈش - ئۇنىڭ ئۈچۈن هايات - ماماتلىق ئۆرۈلۈش بولۇپ تۇيۇلغانىدى؛ بۇ ئۆرۈلۈش - ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئۆمۈرلۈك هاياتىنى يوشۇرۇن ئازاب بىلەن، كۈندەشلىك بىلەن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ قورقۇشلىرى، ئالاقزادە بولۇشلىرى هېچنېمىگە ئەرزىمىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا چىڭ تۇتۇۋالغان بوتۇلكىنى چاقماق تېزلىكىدە كارىۋات ئاستىغا قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئايالىغا قارىدى. خۇداغا شۈكۈر! ئۇ ئويغىنىپ كەتمەپتۇ. ئۇنىڭ قورقۇنچ ۋە ۋەهىمە ئىچىدە ئاق خەسىدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىدا تا هازىرغىچە، هەتتا توي كېچىسى ئۆزىنىڭ بۇ پەرىشتە سۈپەت ئايالىنى قۇچىقىغا ئالغان، بار ئىشتىياقى بىلەن سۆيگەن، ئەركىلەتكەن چاغدىمۇ كۆرۈلمىگەن كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى.

ئۇ ئۆز ئورنىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قالدى، چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ئايالىدىن ئۈزمەيتتى. ئۇ چىرايىنى تاتلىققىنە بىر پۇرۇشتۇرۇپ قويۇپ، يېنىك تىنغىنىچە ئۇيقۇسىنى داۋام قىلدى. چىرايىدا يەنىلا شۇ جىنايەتكار كۈلۈمسىرەش! ئۇنىڭ بارلىق روهىنى، ۋۇجۇدىنى ئازاب ئىچىگە ئىتتىرىش بىلەن ئارام تاپقان كۈلۈمسىرەش...

ئۇ ئايالىنىڭ چىرايىغا ئاخىرقى قېتىم قارىۋالدى. تويماي قارىدى. كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە غايىب بولۇپ كېتىدىغان قىممەتلىك نەرسىسىگە قارىغاندەك قارىدى. كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تىكىلىپ قارىدى. ئۆزۈڭگە قىلدىڭ پەرىشتەم... ئەسلى... ئەسلى بۇنداق قىلسام بولمايتتى. بالانى ئۆزۈڭ تاپتىڭ... نومۇسنى بىلمەيدىغان دەججال پەرىشتەم... ئامراق خو... تۇ... نۇم... تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياشلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

ئۇ ئۆزىدىكى بارلىق قۇدرىتىنى ئوڭ قولىغا يىغىپ كارىۋات ئاستىغا ئېگىشتى.

ئۇ بوتۇلكىنى ئېلىپ، ئايالىنىڭ چىرايىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قارىدى. ئايالى ياتاتتى، شۇنداق تەمكىن، شۇنداق تىنچ، شۇنداق ئازادە... بىراق چېھرىدە... يەنە شۇ ... يەنە شۇ كۈلۈمسىرەش!...

ئاھ! يەنە شۇ كۈلۈمسىرەش!...

ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان كۈلۈمسىرەشلەر!

ئۇ ئەمدى تاقەت قىلالمايدۇ. ئەمدى سۈكۈت قىلالمايدۇ. ناۋادا مۇشۇ هال يەنە ئازراق داۋاملاشسا، ئۇنىڭ غۇرۇرى، ئۇنىڭ ئەرلەرگە خاس بارلىق ئەقىدە - ئېتىقادى، ئۈمىدى تراگېدىيە بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

ئەجەبا، بۇ تراگېدىيىنىڭ قەھرىمانى بولغان بىر مەغلۇپ ئەرنى بۇ دۇنيادا يەنە نېمىلەر بىلەن باغلاش مۇمكىن؟ ئەقەللىيسى، ئۇ ئۆزىنىڭ هاياتلىقى توغرىسىدا يەنە نېمىلەرنى ئويلىشى، نېمىلەرنى ئويلىشى مۇمكىن... ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى... ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىۋاتاتتى...

دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان سەھەر قۇياشىنىڭ نۇرى ئۇنى هەيران قالدۇردى... ئۇ تۈنۈگۈن كېچىدىكى خىيالىغا هەيران ئىدى.

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى).

## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن

# نېرۇدا لىرىكىلىرى

پابلو نېرۇدا [چىلى]
ئەركىن نۇر تەرجىمىسى



**مۇھەررىردىن:** پابلو نېرۇدا (Pablo Neruda 1904 ـ 1973) لاتىن ئامېرىكىسى زامانىۋى شېئىرىيەت تۇپرىقىدا يېتىلگەن دۇنياۋى بۈيۈك شائىر.

ئۇ 1921 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىلى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا فرانسۇز تىل ـ ئەدەبىياتى ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئوقۇش هاياتى ناهايىتى تىزگىنسىز ئەركىن ئۆتكەن بولۇپ، ئەتراپىدىن دوست ـ يارەنلىرى، جۈملىدىن قىز دوستلىرى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ، دوستلۇق ۋە سۆيگۈ دېگىزىغا چۆمۈلۈپ ناهايىتى مەنىلىك ياشىغان، شۇنداقلا بودلېر ۋە ئاپولېنارغا ئوخشاش فرانسىيە سىمۋولىز هەم ئۇستېرېئالىزم شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىققان. 1924 ـ يىلى ئۇنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىك ئەسىرى «يىگىرمە پارچە مۇھەببەت لىرىكىسى ۋە بىر پارچە مۇڭلۇق ناخشا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

ئۇ شۇندىن كېيىن چەت ئەللەردە كونسۇل خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا هىندىستان، جۇڭگو، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، چېخسلوۋاكىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، مېكسىكا قاتارلىق جايلاردا ئۇزۇن مۇددەت تۇرغان ياكى زىيارەتتە بولغان. ئۇنىڭ دۇنيانى، جۈملىدىن تەبىئەت دۇنياسىنى كۆپرەك كۆرۈش، ئۇچرىشىش، چۈشىنىش پۇرسىتىنىڭ كۆپىيىشى ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ شېئىرىي ئىلهام مەنبەسى بولۇپ قالغان. ئۇ، بۇ جەرياندا «ئاخىرلاشماس كۈي»، «ئىسپانىيە قەلبىمدە»، «زېمىندىكى ئولتۇراق جاي» قاتارلىق يىگىرمىدىن ئارتۇق شېئىر توپلىمى، داستانلارنى ۋە نۇرغۇن ئېسىل نەسرلەرنى ئىجاد قىلغان.

ئۇ، ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى؛ ساپ سەنئەت بىلەن سىياسىينى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېما دائىرىسى ساپ، پاك ئانا تەبىئەتتىن ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىگىچە، ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ئىچكى دۇنياسىدىن چەكسىز تاشقىي ئالەم ياكى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئۇرۇش ۋە تىنچلىققىچە بېرىپ چېتىلىدۇ.

نېرۇدا هاياتنى، تەبىئەتنى، ئۆز خەلقىنى، شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنى قىزغىن سۆيگەن شائىر. شۇڭا بەزىلەر ئۇنى خەلق شائىرى دېسە، بەزىلەر سىياسىي شائىر دەيدۇ. هالبۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى قۇرۇق ئوقۇملاشتۇرۇشلاردىن، شوئارۋازلىق خاھىشىدىن خالىي بولۇپ، سىياسىي لىرىكىلىرىدىمۇ مۇھەببەت لىرىكىلىرىغا قارىغاندىمۇ مول ۋە چوڭقۇر هېسسىيات تېپىپ تۇرىدۇ. ئۇ، هايات بىلەن شېئىرنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان بولۇپ، هاياتنى شېئىردەك گۈزەل ۋە مەنىلىك ياشاشقا، شېئىرنى بولسا هاياتتەك تەبىئىي، ساددا ۋە چىن قىلىپ يېزىشقا تىرىشىدۇ.

1971 ـ يىلى نېرۇدا «ئۆز شېئىرلىرىدا تەبىئەتتەك قۇدرەت بىلەن پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسى قۇرۇقلۇقىنىڭ تەقدىرى ۋە ئارزۇ ـ ئارمىنىنى ئويغاتقانلىقى ئۈچۈن» نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بىلەن تارتۇقلانغان.

بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىمىزنىڭ هۇزۇرىغا سۇنىمىز.

### ئوكيان

دولقۇندىنمۇ بىغۇبار ۋۇجۇد
تۇز يۇيىدۇ قىرنى تىنىمسىز،
سۈزۈك قۇشلار ئەيلەيدۇ پەرۋاز
زېمىن ئارا كۆرۈنمەس يىلتىز.

### قۇياش قەسىدىسى

مەن قۇياشنى كۆرۈپ باقمىغان.
مەن قورشاۋدا تۇرىمەن
زىمىستان قىش ئارىسىدا،
هاياتلىق

شىمالدىكى تاغلىق كەنتتە.
ئەركەك سۇلار ياۋۇز ئەركەكتەك
تاشلىنىدۇ زېمىنغا
كائىناتمۇ ھەم ئۇندا
ئوخشاپ قالار يوغان كۆنلۈككە
ياكى يېشىل تۈك باسقان
غايەت يوغان مىدوزىنىڭ شاھىغا.

ئۇرۇلىدۇ يامغۇر تامچىسى
ئۆگزىلەرگە تاراسلاپ
غۇۋا ئورمان ئاسمىنى ئارا
سامادىكى سۇ
رايىشلىق بىلەن
مۇز دەريادىن
قۇيۇلىدۇ
تاغۇ - دەرياغا.

كېيىن
كېسىپ ئۆتۈپ دۇنيانى -
كۆردۈم
جەنۇب، شىمالدا
قۇملۇق چۆلدە كۆردۈم مەن ئوچۇق
باش ئۈستۈمدە
كۆتۈرۈلگەن
يۇمىلاق
قىزىق
يەككە - يېگانە
قوياشنى -
گويا
تېرىسى يالتىراق
قىزىل ياپىلىق

مەيدانلاردا توپ - توپ ئايلىنىپ يۈرگەن تىمسالى.
ئەي، قۇياش!
سەن ئاسماندىكى گۈل - غۇنچە!
سەن نەقەدەر كۆركەم!
بىزنىڭ سەييارىمىز
سەن
ھەممە جانلىقنى ئويغانقۇچى
ئالتۇندىن تاۋلانغان
يوغان ئەتىرگۈل،
ئەبەدىي

كۆتۈرۈلەر سەندىن
ئىسسىق ھاۋا
ئەبەدىي
چېچىلىدۇ ئوت - لاۋا!

ئاسماندا
يوغان بىر ئوچاق
شۇ پاك ئوچاق
ھەم تىمتاس
ھەم كۆيىدۇ گۈرۈلدەپ
بۇ مەڭگۈگە ئۆچمەس بىر ئوچاق -
مەن قەدىمىي
ئامېرىكىنىڭ كۆزىدە
قاراپ باقسام سەن:
سەن - گوياكى قوناقنىڭ سۈزۈك دانىسى
ساپسېرىق سارغايغان يۈرەك،
سەن ئوخشايسەن ياۋا بىر ئاتقا
باتۇرلارچە چېپىپ كېتىۋاتقان
سەن ئوت - يالقۇننىڭ بالىسى
سەن ئالتۇننىڭ ھامىيلىسى ھەم!
سېنىڭ نىگاھىڭ
ئۆتكۈر ئاجايىپ
شۇنچىكىم تاشلانسا
دەرەخ شاخلىرى -
شۇ زامات
كۆكىرىپ كىرىدۇ ھەممە ياق باھار تۈسىگە؛
سېنىڭ شۇ
خۇشبۇيى زىيالىرىڭ
چۈشسە دانلىق زىرائەتلەرگە
شۇ ھامان
دان تۈتىدۇ غوچچىدە
ئەنداز ئېلىپ ئۇلار سېنىڭدىن
ئايلىنىدۇ بولكىغا
سەن -
كۆكتىكى بولكا،
مۇقەددەس ئوچاق!

سەن ئەمەسسەن كومۇشرەڭ يۇلتۇز،
ھەم ئەمەسسەن غايەت يوغان مۇز،
سەن ئەمەس كېچىنىڭ
كۆزىدىكى
ئۆلۈك ئالماس تاش،

ياق،
سەن ئۆلچەس قۇدرەت
مەڭگۈگە
كۈندۈزنىڭ قۇدرىتى
بۈيۈك باشلىنىش
كۆكتىكى تۇلپار
ھاياتلىقنىڭ بۇلىقى
سېنىڭ قىزغىن
ھاياتىي كۈچۈڭ ئارا
ھەر بىر ئۇرۇق
كۆكلىدى مانا!
زېمىن كەڭ ئاچتى
يېشىل تونلۇق قوينىنى
بىز
پىشقان باشاق
ۋە تۇپراقنى
پارلاق قاچىمىزدا يۇرىمىز كۆتۈرۈپ
بىز
چەكسىز ھاياجان ئىچرە
ساڭا
بىلدۈرىمىز شۈنى -
بىز قۇياش
زېمىننىڭ پەرزەنتلىرى ھەم.
بىز ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشاۋاتقانلار
سېنىڭ شان - شەرىپىڭ ھەممىمىز
ئىختىرا قىلغان
تومۇرىمىزدا
باردۇر قۇياش ھەم تۇپراق
خۇددى ئىككى ماگنىت
ئۆزئارا تارتىشقاندەك
چىن دىلىمىزدىن
سۆيىمىز سېنى
ئېھ، كائىناتقا ھىماتچى ئىلاھ
ئاسماندىكى دېڭىزچىغا يولباشچى
يالقۇنلۇق ئەتىرگۈل
پانىي دۇنيا يانار تاغلىرى
يولۋاسلارنىڭ بوۋىسى
ئېگىزلىكنىڭ مېھرىبان ئاتىسى
ئوت - يالقۇنلۇق بىر ئۇزۇك
ئەبەدىياتنىڭ
ھامىيلىسى
كائىناتنىڭ تاڭ خەۋىرىنى بەرگۈچى خوراز!

# تولۇق ھوقۇق

لىرىكا پۈتمەن قۇياشقا پەقەت، ناخشىغا قۇلايلىق جايدا
قىستا - قىستاڭ رەستىلەرگە، دولقۇنلۇق دېڭىزلارغا
بېرىمەن ئېيتىپ،
مەن تارتىشقان كېچىلەر توسىدۇ مېنى
بىراق ئۇ، ئۇزۇلگەندە يىغىمەن بوشلۇقلارنى
يىغىمەن قارا كۆلەڭگىنى، سۇرۇپ پەيزىنى.

ئۆسىدۇ كېچىنىڭ قارا ئۇرۇقى
نىگاھىم تاشلىنار يايلاقتا چەكسىز
بىر قۇياشتىن يەنە بىر قۇياشقا، ياسايمەن ئاچقۇچ
تىمىسقىلاپ قاراڭغۇدا ئىزلەيمەن قۇلۇپ
دېڭىزغا تۇتاشقان ئىشكنى چېقىپ ئاچاي دەپ
جاۋەنلىرى كۆپۈككە تولغىچىلىك لىق.

يىقىتالماس مېنى تولا بىرىپ - كېلىش ھەمىشە
توسالمايدۇ مېنى ئۆلۈم تاشلىرى
پانىي، باقىي ھەممىسى چارچىتالماس ھېچ مېنى

بەزەن، بىلەلمەي ئويلايمەن مەدەن مەسئۇلىيىتى
نەدىن مىراس بولۇپ قالغاندۇ ماڭا،
ئاتامدىنمۇ، ئانامدىنمۇ ۋە ياكى تاغدىن؟

كۆيۈۋاتقان دېڭىز ئۆزرە سانسىز رىشتىلەر
ئاياندۇر ئۆزۈمگە ئەگەشكىنىم ئەگىشىش ئارا
چۈنكى ئۆزۈم ئەگەشمەكتىمەن،
ئايان ماڭا ناخشا توۋلاۋاتقىنىم
چۈنكى مەن ناخشا توۋلىماقتىمەن، توۋلىماقتىمەن ناخشا.

چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، كۆزۈمنى يۇمۇپ
ئايلانغىنىمنى قانداقسىگە
دېڭىز ئاستىدىكى ئىككى ئېقىن ئارىسىدا
بىر شېخى يۇكسەلدۇرسە مېنى ماماتقا
بىرسى مېنى كۆيلىمەككە ئېيتقۇزار ناخشا.

شۇنداق، شەكىل ئېلىشىم يوق بۇ ئالەمدە،
دېڭىز ئاپئاق تۇزلار ئۆركىشى
ئۇرۇلىدۇ پىنھان قىياغا
يىغىۋالار تاشلارنى ھەمدە
ئۆلۈم ئارا مېنى قورشاپ تۇرغىنى

ئاچار ماڭا دېرىزىسىن ھاياتىنىڭ
بىھوش بولغان كەبى مەن كېتىمەن ئۇيقۇ قوينىغا.
تالا- تالا يارقىن نۇر ئارا، ئۆتتۇم كېسىپ كۆلەڭگىلەرنى.

# پۇقرا

ئېسىمدە ئۇ كىشى، ئۇنى تۇنجى رەت
كۆرگەندىن تا ھازىر ئۆتتى ئەسىرلەر
مىنمەيدۇ ئۇ ئاتقا، ئولتۇرمايدۇ ماشىنىغا، پەقەت
ئۆز پۇتىغا تايىنىپ يۈرىدۇ يولنى
مەيلى ئۇ بارمىسۇن
قانچە يىراققا
قىلىچ، مىلتىق ئاسمايدۇ ئەسلا
يەلكىسىگە سېلىنۋالىدىغىنى بېلىق تورى
ياكى پالتا، بازغان، تۆمۈر گۇرجەكتەك ئاددىي نەرسىلەر
زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ
خىلىغا:
ئۇنىڭ ئىش - ئەمەلى تاقابىل تۇرۇش سۇ ۋە تۇپراققا
بۇغدايغا تاقابىل تۇرۇپ ئۆزگەرتىدۇ ئۇنى بولكىغا
دەرخكە تاقابىل تۇرۇپ ئايلاندۇرىدۇ ياغاچ ماتېرىيالىغا
تامغا تۇرۇپ تاقابىل، ئاچار ئۇندىن ئىشىكنى
قۇمغا تۇرۇپ تاقابىل، ئۇندىن سوقار تاملارنى
دېڭىزغا تۇرۇپ تاقابىل، ئاۋۇتىدۇ ئۇنىڭ نەسلىنى.
مەن تونۇغان ئۇنى بۇرۇنلا، ئۇنتالمىدىم ھازىرغىچە تا.
ماشىنىلار پاچاقلاندى پارا - پارا بوپ
ۋەيران قىلدى ئىشىك - دېرىزىنى ئۇرۇشلار.

شەھەر - بازار ئايلاندى كۆلگە
توپىلارغا ئايلاندى ئېگىن
ئۇ ياشىغان مېنىڭ ئۇچۇنلا
ياشىماقتا قۇم ئىچرە يەنە
بۇرۇن ئېھتىمال، ئۆلمەي ياشىغان
بولسا كېرەك ئۇندىن ئۆزگە جىمى نەرسىلەر.

كەلگەن - كەتكەن ئۇممەتلەر ئارا
ئۇ ئاتامدۇر ياكى قېرىنداش
ياكى لايىق ئاشۇنداق ئاتاش
ئۇنداق بولمىسا سۇ ۋە تۇپراق يۇتار ئادەمنى
ماشىنا ياكى دەرەخ بېسىپ قويار ئۆلتۈرۈپ
ئۆيلىرىگە قايتالمىغان ئادەملەر
ياكى گىرۇپ ئارقىسىدىن ئۆلۈم ئۇزۇتۇپ

ماڭغان ياغاچچى، كۆزىدە ياش يوق
ئوخشاپ قالار مېتال، ياغاچقا
ئاتىلىشى بار، لېكىن ئىسمى يوق،
ئۇنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتماي قان يۇتۇپ ئۆلسە
ھارماس پۇتى قالغىنىدا ھەرىكەتتىن ھەمدە
مۆجىزىنى كۆرىدۇ ئۇلار:
باسقىنىنى باشقا پۇتلارنىڭ
ئۇنىڭ ئاياغ ئىزىنى تولۇق.

باشقا پۇتمۇ ئۇنىڭدۇر ئەسلى
باشقا قولمۇ ئۇنىڭدۇر
ئۇ كىشى ھايات تېخىچە:
يۇتۇپ كەتكەن بىر ئادەم
پەيدا بولۇپ قالغاندەك بىردىن
يەر قازىدۇ
كېسىدۇ رەختنى، بىراق ئۇچىسىدا يوقتۇر ھېچ كىيىم
گاھ غايىب، گاھ زاھىر بولىدۇ ئاۋۇالقىدەكلا
كەتسە يەنە قالىدۇ
بوپ باقمىغان ئۇنىڭ زىنھار قەبرىستانلىقى
بوپ باقمىغان قەبرىسى
ئۇ، تەر بىلەن ياسىغان ئابىدە ئۆزرە
ئويۇلمىغان ئۇنىڭ ئېتىمۇ
چۈنكى ئۇ كەلگەندە بىلمەيتتى ئۇنى ھېچكىشى
ئۆلگەندىمۇ بىلمىدى ھېچكىم
ئۇ ئەگەردە تۆرەلسىمۇ قايتىدىن
بۇ دۇنيادا دىققەت قىلماس ئۇنىڭغا ھېچكىم.

ئۇ دېمەكلىك باشقا ئادەملەر، مىراسلىرى
قالمىغان
نە پادىسى، نە بىر تۇغلىرى
ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا
باشقىلار دېمەكلىك ئۇنىڭ نەق ئۆزى
ئېگىزدىن قارىساڭ پەستە لاي - لاتقا
خىرۇمنىڭ بېغىر رەڭگى
پىشقان باشاقلارنىڭ ئالتۇندەك سېرىقلىقى
كان قۇدۇقىدىكى زۇلمەت قاراڭغۇ
قەلئەدىكى تاشلارنىڭ رەڭگى
يايلاقتىكى يىلقىنىڭ رەڭگى:
تونۇۋالار كىم ئۇنى
ئۇ ئەگەردە ئايرىغۇسىز تادۇلار بولسا،
ئادەم سىياقىدا زاھىر بولغان لاي، كۆمۈر ياكى
دېڭىزدىن؟

ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەنلا جايدا، ئادەمنىڭ قولى
تەگكەن نەرسىلەر كۆكلەر باراقسان:
دۇشمەنلىك تاشلىرى
ئۇنىڭ قولىدا
چېقىلىدۇ قىلىنىپ يەكسان
ئۆزگىرىدۇ تۇيدۇرماي
ئەسلىدىكى رەت تەرتىپ
شەكىلللىنەر بارا - بارا
ئۆينىڭ روشەن ئىزناسى
ئۇنىڭ قولى بەرپا قىلىپ بولكىنى
پويىز ھەيدەر
يىراق - يېقىننى تولدۇرىدۇ يىلتىز تارتقان ئادەمگە
شۇ ئادەملەر زورايسا بىر كۈن
ھەسەل ھەرىسى كېلىدۇ ئۇچۇپ
ئۇ كىشىنىڭ پەرۋىش قىلىپ ئاينىتىـــــشـــــى،
ئىختىراسىدىن
باھار كىرىپ كېلەر شەھەرگە
بولكا دۇكىنى ھەمدە كەپتەر ئارىسىغا.

سېخىي ئاتا بېرىپ بولكا، كېتىدۇ ئۇنتۇپ.
ئۇ، ئۇزۇن يول يۇرگەن، سۇپۇرگەن توسالغۇلارنى
يول ئېچىشتا قوم تاسقاپ ئالتۇن ئالغان زات،
ھەممە ئىشنى سېلىپ قويۇپ ئىزىغا يوقالغان ئۆزى
ھاياتىنى بەدەل قىلىش ئورنىغا ھەيھات.
ئىشلىگىلى باشقا ياققا كەتتى ئۇ، ئاندىن
يۇزلەندى ماماتقا
سىلجىپ سۇ ئېقىتقان تاش ئوخشاش
ئۆلۈم ئۇنى ئېلىپ كەتتى ئېقىنىدا ئاقتۇرۇپ.

ئۇنى تونۇيمەن، كۆردۇم مەن ئۇنىڭ
غايىب بوپ، يوقىلىپ، قىپ قالغىنىنى
ئۇنىڭغا ناتونۇشتەك رەسىملەر
مەڭگۇ - مەڭگۇ ئۇ ئولتۇرالماس ئۆيلەرنى.

قايتىپ كېلىپ، ھەر كۈنى قارايمەن ئۇنىڭ يولىغا.

كۆردۇم ئۇنىڭ گىرۇپتا تىرىلگىنىنى.
ئۇنىڭغا ئوپئوخشاش ئادەملەر ئارا
تونۇۋالدىم مەن ئۇنى
بىراق بۇنداق بولۇشى مۇمكىنسىزدەك
ھەم يوقتەك قىلچە ئەھمىيىتى
ھېچقانچە شان - شەرەپمۇ يوقتەك بىلىنەر.
ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى ئۇ شاھانە ئورۇندا
كىيىپ يارىشىملىق ئۆتۈكنى، شاھلىق تاجىنى.
تالاي نەرسىلەرنى بەرپا قىلغان شۇ كىشى

كۆللى نەرسىنىڭ ئىگىسى بولسۇن.
بولكا تاپقان، يېسۇن بولكىنى!

كان ئىشچىسىغا يار بولسۇن نۇرلار!

كويىزا - گىشەن سېلىنغان كۆل رەڭ ئادەم كۆپ بۇندا!

ئىز - دېرەكسىز يوقالغان تاتىراڭغۇ ئادەملەرمۇ ساماندەك!

ئىستىلا قىلىش ھەققى بار تولۇق ھەممىسىنى، كەلمىسۇن
ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئۆزگە

ھەر قانداق بىر ئايال زاتمۇ كەلمىسۇن ھەم، تەييار ئۇنىڭ
خانىشى.

بارچە قوللارغا تاقالسۇن ئالتۇن پەلەيلەر.

كۆللى مىسكىنلەرگە تەل بولسۇن قۇياش مېۋىسى!

تونۇيمەن ئۇنى، قولۇمدىن كېلەر چېغىدا
كۆزلىرىم يۇمۇلماستا
تىلىم زۇۋاندىن قالماستا
شېھىتلىكتىن ئىزلەيمەن ئۇنى، سىقىپ چىڭ
ئۇنىڭ تېخى تۇپراققا ئايلىنىپ بولالمىغان قولىنى،
دەيمەن:

«ھەممە بىردەك كېتىدۇ ئۆتۈپ، سەن قالىسەن ھايات
پېتىڭچە.

سەن ياندۇردۇڭ ھاياتنى لاۋۇلدىتىپ - كۆيدۇرۇپ.
سەن يارانقىن ئۆزۈڭگىلا تەۋە نەرسىنى.»

ئاۋارىچىلىق دېمىسۇن ھېچ كىشىلەر بۇنى
مەن تەنھادەك يۇرسەممۇ ئەمەسمەن تەنھا
سىرداشلىرىم قىلسىمۇ يوقتەك، مەن سۆزلەيمەن ھەممە
ئادەمگە.
ئاڭلىسىمۇ گېپىمنى چۈشەنمەيدۇ بەزىلەر
مەن كۈيلەيمەن تۇيغۇن ئادەمنى
توختاۋسىز تۇغۇلۇپ قاپلاۋاتقان دۇنيانى.

(خەنزۇچە نېرۇدانىڭ «لىېكـــبــــلار، مەرســــيەلەر، قەسىدىلەر» ۋە «نوبېل ئەدەبــيـات مۇكاپاتىـــغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ باللار شېئىرلـــىرىدىن» نامىلـــق توپلاملاردىن)

# يۇمشاق دېتاللىرىدىكى يېڭى چولپان ـ ئۇيغۇر سوفىت ئەل كاتىپ

ئۇيغۇرلار ئۇزۇندىن بېرى DOS ئاستىدا خىزمەت قىلىدىغان يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلىتىپ كەلدى. گەرچە بۇ يۇمشاق دېتاللار ئۇيغۇر مەتبەئە ئىشلىرى ئۈچۈن زور قولايلىق ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما كومپيۇتېر ئىشلەتكۈچىلەر يېزىق، جەدۋەل، سۈرەت ۋە شەكىللەرنى بىر تەرەپ قىلىش، بەت ياساش، تەھرىرلەش، ئارىلاش يېزىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئىسىم كارتوچكىسى ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ كەلگەنىدى. 1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىدا يېڭى بۇرۇلۇش بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇرچە يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتاللىرىدىكى يېڭى چولپان ـ ئۇيغۇر سوفىت ئەل كاتىپ رەسمىي پۈتۈپ بازارغا سېلىندى. ئۇيغۇر سوفىت ئەل كاتىپ Windows ئاستىدا خىزمەت قىلىدىغان يۇمشاق دېتال بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىقى قىيىنچىلىقلارنى مۇكەممەل ھەل قىلدى.

ئۇيغۇر سوفىت ئەل كاتىپ نۆۋەتتە بار بولغان يۇمشاق دېتاللار ئىچىدە ئىنگلىزچە، خەنزۇچە Windows95,98 لار ئاستىدا خىزمەت قىلىشنى ۋە دۇنيادا ئەڭ كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان ئىشخانا ئىشلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش يۇمشاق دېتالى Office دىكى بەت ياساش سىستېمىسى Microsoft.Word تا بىۋاسىتە ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈشنى تۇنجى بولۇپ مۇكەممەل ئەمەلگە ئاشۇرغان يۇمشاق دېتالدۇر.

ئۇيغۇر سوفىت ئەل كاتىپ دۇنيادا ئەڭ كەڭ ئىشلىتىلىدىغان يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالى Microsoft Word بىلەن ناھايىتى ياخشى ماسلىشىپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىقتىدارىنى ئۇيغۇر يېزىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر يېزىق ۋە جەدۋەل بىر تەرەپ قىلىشتىكى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى ئازايتىش، ئارىلاش يېزىقلار بويىچە تەھرىرلەش، بەت ياساش، جەدۋەل سىزىش، جەدۋەل، سۈرەت ۋە شەكىللەر ئىچىدىكى تېك ۋە قىيپاش يېزىلىدىغان يېزىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش، كۆپ خىل يېزىقتا ئىسىم كارتوچكىسى ياساش، ئىشخانا ھۆججەتلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش مەشغۇلاتلىرىنى ئىنتايىن ئاددىيلاشتۇرۇپ، پەقەت مائۇس ئارقىلىقلا يۇقىرىقى مەشغۇلاتلارنى تاماملىغىلى بولىدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىدى.

بۇ يۇمشاق دېتالدا يەنە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ رۇقئى، سۇلۇش، تەئلىق، رەيھانى... قاتارلىق ھەر خىل ھۆسنخەت شەكلى بار بولۇپ، بۇ ئارقىلىق Word قا ئۇيغۇرچە ھۆسنخەت كىرگۈزگىلى بولىدۇ.

سېتىۋالغۇچىلارغا بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ كېيىنكى نەشرلىرى ھەقسىز بېرىلىدۇ. يىراقتىكىلەرگە پوچتا ئارقىلىق سېتىپ بېرىلىدۇ. بۆلۈممىزدىن كومپيۇتېر سېتىۋالغانلارغا يېرىم باھادا سېتىپ بېرىلىدۇ. ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈش قوللانمىسى بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

بىر يۈرۈش يۇمشاق دېتالنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 1500 يۈەن.

(پوچتا ئارقىلىق سېتىۋالماقچى بولسىڭىز پۇلنى ئاددىي پوچتا پىرېۋوتى ئارقىلىق ئەۋەتىپ، چەكنىڭ سۆز قالدۇرۇش ئورنىغا «ئەل كاتىپ» دەپ يېزىپ قويۇڭ. پوچتا ھەققى ئېلىنمايدۇ).

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر سودا بازىرى 4 ـ قەۋەت 4319 ـ دۇكان ئۇيغۇر سوفىت كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمى **پوچتا نومۇرى:** 830002

**ئالاقىلاشقۇچى:** ئالىم ئەھەت، تۇرغۇنجان تۇرسۇن

**تېلېفون نومۇرى:** 2839871 (0991) (دۇكان)، 2819490 (0991) (ژۇرنال)

**چاقىرغۇ:** 11580 ـ 2317799 (0991)، 17440 ـ 2834799 (0991)


《天尔塔格》文学双月刊
1998年 第6期

Tangritag TwoMonthly Literature
Journal In Uygur Language


«تەڭرىتاغ»
1998 ـ يىل 6 ـ سان

主办单位:乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编缉出版:《天尔塔格》编缉部
地址:乌鲁木齐市新华南路16号
电话:2818897,2819490 邮编:830002
印刷:新疆《工人时报》印刷厂
国外总发行:中国出版对外贸易总公司(782信箱)
国内统一刊号:CN65 — 1012/1
邮局代号:58 — 83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 ـ خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012/1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58_83

零售价:4.40元

پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن




بىر قىسىم پونكىت خادىملىرى




پونكىت باشلىقى ئابدۇراخمان ئىسمايىل

# پىچان ناھىيە پىچان يېزىلىق توك باشقۇرۇش پونكىتى




دېھقانلارنىڭ يەر ئاستى سۈيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى ئۈچۈن توك يوللىرىنى ۋە توك بىلەن تەمىنلەش ئۈسكۈنىلىرىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، رېمونت قىلىپ بەردى.



ئىشچىلار مەشغۇلات ئۈستىدە



ھەدىيە خانىم خىزمەت ئۈستىدە



ھەدىيە خانىم ئوپېراتسىيە ئۈستىدە

# ئاقىلىق كۆز كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى ھەدىيە ھاشىم

جۇڭگو بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش كۆز كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى ھەدىيە ھاشى-
رۇن يىللىق جاپالىق تەتقىقات ۋە [illegible] داۋالاش [illegible] جەريانىدا [illegible]
مىللەت بىمارلىرىنى داۋالاپ ساقايتىپ كىشىلەر ئارىسىدا [illegible] پەرىشتىسى، دەپ [illegible]
كەلمەكتە. ئۇ ھازىرغىچە 2500دىن كۆپرەك كۆز [illegible] ئوپېراتسىيە [illegible]
[illegible] بۇنىڭدا ساقىيىش [illegible] 99% [illegible] گلاۋكوما (ج[illegible])
ئوپېراتسىيىسى [illegible] 65% [illegible] يەتتى.
2500گە [illegible] ئۇ [illegible] ئوپېراتسىيىسى [illegible]
[illegible]
1991 - يىل [illegible]
[illegible]



ھەدىيە خانىم دوختۇرلارغا كۆرسەتمە بەر[illegible]



سېستىرالار بىمارلار ئۈچۈن ئەتراپلىق
مۇلازىمەت قىلماقتا